# تارىم

4

AltunOq

1984

# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژورنال )

AltunOq

27-يىل نەشرى

1984

# بۇ سانىدا

## نەسرى ئەسەرلەر

ئاداۋەت (ھېكايە)..........ئابدۇراخمان ئەبەي 18
«پېخسىق» (ھېكايە)..........مەھەممەت شانىياز 36
«تۇققان» (ھېكايە)..........خېۋىر تۆمۈر 44
مارجان بۇلاق (پوۋېست)..........توختى ئايۇپ 62
خەت (نەسىر)..........يۇسۇپ توختى 98

پىشقەدەم شائىر — پەتتارجان مۇھەممەدى ۋاپات بولدى .......... 61


## شېئىرلار

ئاڭلا، ئانا .......... مەريەم سەپەربايېۋا 4
ئىككى شېئىر..........سېتىنسا لۇقمان 5
ئىلى دەرياسى..........ھەجەر قادىر 7
شېئىرلار..........بىلقىز سۇلايمان 9
غەزەللەر..........مۇكەررەم ئەبەيدۇللا 11
شېئىرلار..........قۇندۇز مۇھەممەت 13
ۋەتىنىمگە..........بۇھەجەر ئارمىيە داموللا قىزى 14
ئىككى شېئىر..........سەييارە سەلەي 15
ئانا مېھرىدىن.......... مۇنەۋۋەر قۇربان 16
ئانا ئارزۇسى.......... كەلىمە 17
شېئىرلار..........ياسىن ئىمىن 49
ئانا تىيانشان..........تاھىرجان قاسىم 51
شېئىرلار.......... باتۇر روزى 52
ئىككى شېئىر..........ۋاھىتجان ئوسمان 54
ئەللەي ۋە شېئىر..........ئابدۇرېھىم ئابدۇللا 56
ئىككى شېئىر.......... كۈرەشچان ئۆمەر 57
شېئىرلار..........ئېزىز ئېلى 58
ئىككى شېئىر..........نۇردۇن ئىبراھىم 59

مەريەم (داستان)......بوغدا ئابدۇللا 101
چۆلدىكى بۇلاق (سىكىل)......ئوبۇلھاشىم قاسىم 107
غەزەللەر......تۇردى سامساق 109
ئىككى شېئىر...... كامىلجان ھاجى 111
شېئىرلار......ياسىنجان ئىبراھىم 112
ئىككى شېئىر......قەييۇم سوپى 113
چىچەك......ئىسلام سادىق 114
ئىككى شېئىر......زۇنۇن رېھىم 115
ئاپىرىن، سىڭلىم...... كامىل رەھىم 115

## يۇمۇر ۋە ساتىرا

مەسەل ۋە ھەجۋى شېئىرلار...... چاپپار ئەمەت 126
«ساھىپخان»......ئابدۇراخمان مامۇت 129
كۆكتاتلار مۇنازىرىسى......ئابدۇسادىق قۇدرىتۇللا 130
قىسقا قۇرلاردا...... ئەلا ئۆمەر 137

## ئوبزور ۋە ماقالىلار

كىتاپخانلاردىن خەت...... ئابدۇللا مەتقۇربان، پەرھات مەھەممەت،
......سارەم ئىبراھىم 117
ئەدىبى ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر...... 139

رەسىمنى مەھەممەت ئايۇپ، جالالىدىن بەھرام سىزغان، ھۆسنىخەتنى ئوبۇلقاسىم مۆمىن يازغان.

مۇقاۋىنى تۇرسۇن غازى ئىشلىگەن.

# بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز

## ئاڭلا، ئانا

**مەرىيەم سەپەربايېۋا**

(بىر قىزنىڭ ئانىسىغا يازغان خېتى)

ئېيتاي دىسەم بولمەن خىجىل،
ئېيتماي دىسەم بولماس سۆزۈمنى.
يازاي ئانا ساڭا سىرىمنى
خەتكە سالغىن كۆڭۈل كۆزۈڭنى.

سايە قىلما ئاتا-ئانىسى
يۇرت ئىچىدە تۈتنىڭ بىرى دەپ.
كېرەك ئەمەس قۇرۇق سۆلەتلەر،
ئانا شۇدۇر كۆڭلۈمدىكى گەپ.

مەن تاللىدىم قەلبى گۈزەلنى،
پەن-تېخنىكا، ئىلىمگە خۇمار.
ياسانچۇقلۇق — ساختىدىن خالى
كىتاپنى ئۇ يېقىن دوست تۇتار.

قىلار خالىس باشقىغا ياردەم،
ئىش-ئەمگەكتە چاقمايدۇ چېكىت.
شۇڭا دەيدۇ ئۇنى دوستلىرى:
«دەۋرىمىزگە يارامىلىق يىگىت.»

سەن دىگەنگە بېشىمنى قوشساڭ،
تاڭغان بولۇر تاشنى تاياققا.
پاك سۆيگۈدىن بولمىغاچ يىلتىز
كۆكلىشىمۇ بارماس ئۇزاققا.

سەن ئۆزەڭمۇ دەيتتىڭ ھەمىشە:
«نىكا دىگەن ئۆمۈر سودىسى.
تۈنجى ئۆيى بۇزۇلسا قىزنىڭ
ئېچىلماستىن توزار غۇنچىسى.»

ئانا بۈگۈن دەۋر باشقىچە،
پاك سۆيگۈگە ئەركىنلىك زامان.
قانۇن ئەنە ئۇنىڭ كېپىلى،
سەنمۇ قايىل بولارسەن ھامان.

ئېغىر تويلۇق، سۈت ھەققى دىگەن
سۆيگۈمىزگە بولمىسۇن توساق.
ئۇ يوسۇنلار تالىق ئۆتمۈشكە،
تۇگىتەيلى ئۇنى بىز پاتراق.

بىلگىن ئانا، تويلۇق-سىرىپاي
ئەمەس ھەرگىز بەختكە نىشان.
بىر-بىرىگە سادىق سۆيگۈنى
بەخت، دەيدۇ ۋىجدانلىق ئىنسان.

AltunOq

بىشەم قىز، دەپ ئاغزىنىما مەندىن،		چىن سۆيگۈمگە بولغىن يۆلەكداش
ھۆرمىتىڭ بار قەلبىم تۆرىدە.		بېرىپ مەنا پۈتۈن ئۆمرۈمگە.

# ئىككى شېئىر

**سېتىنىسا لوقمان**

## ئۆزەڭسەن

(مۇخەممەس)

دىلىمدۇر گۈل خۇمارى، گۈلدىن نىشان ئۆزەڭسەن،
جېنىمنىڭ تىل تۇمارى، نۇرغا ماكان ئۆزەڭسەن،
يۈرىگىمنىڭ مادارى، تەنگە دەرمان ئۆزەڭسەن،
ھاياتىمنىڭ باھارى، تومۇردا قان ئۆزەڭسەن،
شۇدۇر كۆڭۈل ئىزھارى، بىرلا جانان ئۆزەڭسەن.

باھار كۈلسە چىمەندە لالە چېھرىن ئاچمامدۇ؟
بۇلبۇل كېلىپ گۈلشەنگە گۈلنى كۈيگە قاتمامدۇ؟
ۋاپا ئەھلى ھەردەمدە شىرىن ۋىسال تاپمامدۇ؟
ئىشقىڭدا چىن كۆيگەندە دىل ئارزۇغا قانمامدۇ؟
تەنلىرىمگە جان بەرگەن ئەزىز غەمخان ئۆزەڭسەن.

تاپالماسمەن سەندەكنى، كەزسەمۇ گەر جاھاننى،
كۈلمەس كۆڭۈل كۆرۈبان ئۆزگە ماھى تاباننى،
ئىزىڭ باردۇر گۈل چەككەن، كۆرسەممۇ ھەر قاياننى،
سەندىن ئېلىپ كۈچ پەۋەس، يۆتكەرمەن تاغ-داۋاننى،
ۋۇجۇدۇمنىڭ قارارى بارچە ئىمكان ئۆزەڭسەن.

بېسىپ مېنى باغرىڭغا بەخش ئەتكەچ ھۆر ھايات،
ئۇچتۇم ئىقبال كۆكىدە، بەرگەچ سۇنماس گاڭ قانات،
سۆيۈنگەچ مەن سەن بىلەن ئۆمۈر بويى كۆڭلۈم شات،
يەتتىم بۈگۈن مۇراتقا، قەلبىم بېغى بوپ ئاۋات،
بەختىمنىڭ ئىپتىخارى، چىن مېھرىۋان ئۆزەڭسەن.

ئاقتاي كۆزۈم قارىسى، سەندىن ئۆزگە يار تۇتسام،
بولغۇم ئۆزەم خارۇ-زار، تاشلاپ سېنى ئۇنۇتسام،
ساڭا بولغان ساداقەت، سۆيگۈ ئەھدىنى بۇزسام،

لەنەت ئوقار ئەل ماڭا، شەنىڭگە داغ قوندۇرسام،
تۇرماسمەن ئەل قاتارى، مېھرى گۈلخان ئۆزەڭسەن.

بولغاچقا مەن مەھلىيا تولۇن ئايدەك يۈزۈڭگە،
جان تەسەددۇق ئەيلىدىم بالدەك شىرىن سۆزۈڭگە،
چىچەكلىدى مۇرادىم باقسام ئوتلۇق كۆزۈڭگە،
شۇڭا سېنى شاھ قىلدىم مەڭگۈ كۆڭۈل ئۆيۈمگە،
ئۆمرۈمنىڭ غەمگۈزارى، ئارامجان ئۆزەڭسەن.

يادلاپ يارقىن نامىڭنى تىنماي شامۇ-سەھەردە،
ئۈمىدىڭنى ئاقلاشچۈن ئاتلاندىمەن سەپەرگە،
راھەت ماڭا يولۇڭدا كەلسەممۇ دۇچ خەتەرگە،
تىلىگىمدۇر پۈركىمەك ھۆسنۈڭنى شان-زەپەرگە،
ۋەتىنىم، ئەي گۈليارىم، چىن جانجان ئۆزەڭسەن.

## تۇرۇپ

كۆرمىگەي ھېچكىم ھوزۇر، جەۋرۇ-جاپا چەكمەي تۇرۇپ،
كەلمىگەي قولغا بەختمۇ قانۇ-تەر تۆكمەي تۇرۇپ.
كۈلگۈسى ئىقبالى مەڭگۈ قىلسا مېھنەت ھەر كىشى،
گۈللىمەس مۇرات بېغى مۈشكۈل تىكەنىن كەسمەي تۇرۇپ.
مەي ئىچەر ئالتۇن قەدەھتە بولسا كىم تاقەتكە باي،
كۆرمىگەي باغ ھۆسنىنى ھەم دەشتۇ-چۆل كەزمەي تۇرۇپ.
تاپقۇسى شىرىن ۋىسالنى بولسا كىم ئەھلى ۋاپا،
يەتمىگەي جانانىغا ئۆز جانىدىن كەچمەي تۇرۇپ.
سۆيگۈسى باغۋەننى دىلدىن قىلسا كىم بوستان بىنا،
بىلمىگەي شەپقەتنى ھەركىم دەرت-ئەلەم كۆرمەي تۇرۇپ.
تاپمىغاي ياقۇت-جاۋاھىر ئەل ئۈچۈن جۈرئەت بىلەن،
مەرىپەت — پەن دېڭىزىنىڭ تەكتىگە چۆكمەي تۇرۇپ.
ئاقلىسا ۋەتەن ئۈمىدىن، ئۇ ھامان ھۆرمەتكە يار،
غەمگۈزار بولماس خەلققە پايدا-نەپ بەرمەي تۇرۇپ.
قانچە ئەجدات ئۆتتى مۇندا ئەل ئۈچۈن تىكلەپ مۇنار،
دىل ئارا نامى چىراقتەك قالدى ئۇ ئۆچمەي تۇرۇپ.
بىز ياراتقان تۆھپىلەردىن نەۋرىمىز بولسا خوشال،
بىزمۇ رازى شۇ دەۋرگە ئۆزىمىز يەتمەي تۇرۇپ.

# ئىلى دەرياسى

ھەجەر قادىر

«ئېگەلەپ» چۈشكىنىمدە يورۇق دۇنياغا،
ئەي! مېنى يۇيۇندۇرغان ئىلى سۈيىدە.
ئاقاتتى جان ئانامنىڭ ئاھ-پىغانلىرى
شۇ دەريانىڭ مۇڭلۇق ئەللەي—كۈيىدە....

شۇ دەريا بويلىرىدا ئۆستۈم چوڭ بولۇپ،
ئاڭلاپ ئۇنىڭ زارىنى، تالاي-تالاي رەت....
مەن ئۈچۈن ئۇ چاغلار گويا سىر ئىدى،
ھەسرەتلىك ناخشا-كۈيلەر، ئەلەم بىلەن دەرت....

باراتتىم كۈندە نەچچە دوستلىرىم بىلەن،
قوغلىشىپ ھەم ئوينىشىپ دەريا بويىغا.
گاھى شۇڭغۇپ كىرەتتۇق خۇددى بېلىقتەك،
زۇمرەت-سۈزۈك سۇلارنىڭ ئىللىق قوينىغا.

بەزىدە پۇشقاق تۇرۇپ سۇنىڭ ئىچىدە
«ئۈنچىمۇ، مارجانمۇ؟» دەپ بەخت سىنايتتۇق.
ئاق ئۈنچىلەر چېچىلىپ چۈشسە شاتلىنىپ،
قەھ-قەھ ئۇرۇپ، زۇلپىمىزنى ئويناپ تارايتتۇق.

يادىمدا: كۆكلەم كۈنى «چېچەك سۈيى» دەپ،
ئاتالغان ۋەھىمىلىك قىيان سۇ كەلدى.
يەر-كۆكنى ياڭرىتىپ پاتماي قىنىغا،
يۈرەكلەرنى مۇجىغان زار-پىغان كەلدى.

قورققىنىمدىن تەنلىرىم تىترەپ ياپراقتەك،
ھۆڭرەپ يىغلاپ، زارلىدىم چىدالماي پەقەت.
ئىككى قىرغاق ئايلاندى بىر قىيامەتكە،
دەريادىكى مەنزىرە شۇنچىلىك دەھشەت.

كېلەتتى گاھى چۆكۈپ، گاھىدا لەيلەپ،
بۆشۈكلەرگە تېڭىلغان ئەزىز بوۋاقلار.

كېلەتتى بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەستىن،
ئۆيلەرنىڭ ياغاچلىرى، جابدۇق - تۇۋاقلار.

كېلەتتى ئاق چاچلىرى چۇۋۇلغان ئانا،
كېلەتتى تولقۇنلارنى قۇچاقلاپ جەسەت.
كېلەتتى ئاھ، كېلەتتى «قۇتقاز»دىگەندەك،
ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قىز - ئوغۇل پەرزەنت!....

يۈگەنسىز ئىلى سۇيى قىلغانتىڭ ئەلنى
زار - زار قاخشىتىپ سەن، شۇنچىلىك بوزەك!
تاشقان چېغى ھەر يىلى بەگۋاش تاشقىنىڭ،
بولدى خازان سېنىڭدە قانچە گۈل - چىچەك!

كېلىپ قالدىم يەنە يېنىپ ئىلى بويىغا،
ئارىدىن ئۆتۈپ بۈگۈن ئوتتۇز نەچچە يىل.
تۇرسىمەن سۇغا قاراپ، دەريا سۇيىدە
چاقنايتتى قۇياش نۇرى سۆيۈندۈرۈپ دىل.

كەڭرى كەتكەن سالا ئېتىز ئىككى قىرغىقى،
باغلارنى گۈل - چىچەكلەر قاپلىغان تامام.
سايرايدۇ خەندان ئۇرۇپ غەزەلخان بۇلبۇل،
بولغاندەك گۈل پەسلىدە ئىشقىغا بايرام.

تىڭشىغىن، شۇنچىلىك جۇشقۇنلۇق ناخشا
ياڭرايدۇ ھىچ توختىماي يېشىل شاللىقتىن.
ئاڭلىنىدۇ قىز - يىگىت خوشال كۈلكىسى
بوككىدە كۆكلەپ كەتكەن يېشىل تاللىقتىن.

ئاققىن، ئىلى دەرياسى،
خوشال ناخشىدەك،
كۈن ۋە تۈن ياڭراپ ئانا يۇرتنىڭ كۆكسىدە!
بولدۇڭ بۈگۈن خەلقنىڭ بەخت دەرياسى،
ساھىللىرىڭ گۈللەرگە تولدى بوككىدە.

# شېئىرلار

بىلقىز سۇلايمان

## بەختلىكمەن

بەختىيار قىزمەن ئانا يۇرتۇمنىڭ،
ئۆسكىنىم گۈل يىزا، چىمەنلىك قىرغاق.
قۇلىغىم تۇۋدە ياڭرايدۇ مۇقام،
ھىسلىرىم دېڭىزدەك تىنىمسىز ئويغاق.

خەلقىدۇر ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان، باتۇر،
مول - ھوسۇل كاندۇر بۇ مۇنبەت تۇپراق.
مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك تارىم بويلىرى،
مەن ئۈچۈن قەدىرلىك ھەر يېشىل ياپراق.

باغلارغا پۈركەنگەن ئالتۇن دىيارىم،
كۈنسېرى گۈللىنىپ ئاچماقتا چېچەك.
زوقىمنى تارتىدۇ ئۆزگە شۇنچە،
بەختىمگە سىمۋول بولۇپ ھەر چېچەك.

## پېشقەدەم شائىرغا

شائىرسەن، لېرىكاڭ مەن ئۈچۈن ئىلھام،
سۆزلەرنىڭ كاندىن گۆھەر قازىسەن.
ھەر مىسرا قەلبىڭنىڭ كۆركەم ئۈنچىسى،
ئىلھامىڭ تەپتىدىن نۇرلار چاچىسەن.

قەلبلەر ئەينىگى سېنىڭ قەسىدەڭ،
ئىلھامىڭ بۇلىقى — خەلقىم ئىستىگى.
سەن گويا دەۋرىنىڭ كۈيچى بۇلبۇلى،
نەزمەڭگە مەزمۇندۇر زامان تىلىگى.

شېئىرىيەت گۈلبېغى ئىچرە رەڭمۇ - رەڭ
ئېچىلغان گۈللەردە سېنىڭ مېھرىڭ بار.
سەن گويا شۇ باغنىڭ بىر پەرۋىشكارى،
ھەر نوتا، گۈللەرگە تۆككەن تېرىڭ بار.

ئىزىڭدىن كېلىمىز بىر ئەۋلات شۇ تاپ،
ئىقبالغا كۆز تىكىپ، زور ئۈمىت بىلەن.
ئۆزۈلمەس بۇ تارىخ قۇچار شان - شەرەپ،
ئىجادىڭ سولماس بىر كۆركەم گۈل - چىمەن.

## جەڭچىگە

يادىمدا، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىڭ سېنىڭ،
چاتقاللىق ئىچىدە توشقان قوغلىغان.
مەن ئاسمام چاچتەڭگە يۇمران نوتىدىن،
سەن ئىدىڭ تال چىۋىق مىنىپ ئوينىغان.

سەن بۈگۈن جەڭگاھتا، تاغلار بۆشۈگىڭ،
تاغ سۈپەت ئوغۇلسەن، تاغدەك يۈرىگىڭ.
ۋەتەننى قوغداشتا دۈشمەن ئوقىدىن
ئۆپىرىماس قالقاندۇر پولات كۆكرىگىڭ.

ۋەتىنىم — گۈلبېغىم قۇزغۇندىن يىراق،
بۇلبۇللار خۇشلۇقتىن ئوقۇيدۇ قوشاق.
قوغدىساڭ چېگرىنى سەن تۇرۇپ ھۇشيار،
مەن قوشاق توقۇيمەن شەنىڭگە ياڭراق.

AltunOq

## گۈللەرگە قاراپ...

تارتىدۇ قەلبىمنى بۇ كەڭ چىمەندە
قىپ - قىزىل ئوتقاشتەك جۇلالىغان گۈل.
چاچىدۇ قېتىدىن ئىسىل خۇش پۇراق،
مەن گويا پۇراقتىن مەستانە بۇلبۇل.

مەن ئامراق گۈللەرگە، گۈل سۆيۈپ ئۆستۈم،
گۈل بىلەن بىزەلگەچ مېنىڭ دىيارىم.
باللىق چاغدىلا قوزغالغان ئىدى
گۈلباغنى كېزىشكە دىلىمدا خۇمارىم.

تىنمايتتىم ئۇ چاغلار كىچىكىمدە قوغلاپ
ۋە بەزى گۈللەرنى ئۈزۈپ پۇرايتتىم.
«نە ئۈچۈن شۇنچىلىك ئۇز ۋە خۇش پۇراق؟»
دەپ شۇ چاغ ئانامدىن سوئال سورايتتىم.

«چوڭ بولساڭ بىلسەن بۇنىڭ سىرىنى،
چۈشىنىپ قالارسەن بۇنى سەن كېيىن.
ماڭلايدىن ئۇنچە تەر ئاققۇزماي تۇرۇپ،
ھەر ئىشنىڭ تەكتىنى بىلىشىڭ قىيىن.»

مەن ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، كۆرۈپ قىزىلگۈل،
ھىدلىدىم قانغۇچە خۇش بۇي پۇراقتىن.
مەرۋايىت تەر ئاققا بەرسە ئۇزلۇقنى،
رەڭ ئالغان ئىكەن ئۇ ئانا تۇپراقتىن.

مەنمۇ ئۆز مېھنىتىم — ئىجادىم بىلەن،
ۋەتىنىم باغرىدا گۈل بولۇپ ئۆسسەم.
بەختىمدىن سۆيۈنۈپ چېچىپ خۇش پۇراق،
باراخسان شاخلىسام — ۋايىغا يەتسەم.

## مۇھەببەت

«مۇھەببەت» ھەققىدە ئېيتىلغاندا سۆز،
ئۇ پەقەت قىز - يىگىت سۆيگۈسى دەيتتىم.
ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى بولسا ئەگەر چىن
ئىقبالى غۇنچىدەك كۈلگۈسى، دەيتتىم.

چوڭ بولدۇم، چۈشەندىم، مۇھەببەت ئەسلى،
قىز - يىگىت سۆيگۈسى ئەمەس ئىكەن خاس.
دېڭىزدەك چوڭقۇركەن ئۇنىڭ مەنىسى،
ئىكەن ئۇ قەلب ۋە ۋىجدانغا ئاساس.

ئەل - ۋەتەن سۆيگۈسى ھەممىدىن ئەۋزەل،
ۋەتەننىڭ قەدرىنى بىلسە گەر كىشى.
سۆيگۈنى ۋەتەندىن يىگانە ساناش،
بىلىمىكى، دىلى كور، نادانىنىڭ ئىشى.

## باھار يامغۇرى

ياغماقتا زىمىنگە باھار يامغۇرى،
تۈنجى رەت يامغۇردىن سۇ ئىچتى زىمىن.
ئورمانلار ياپ - يېشىل ياسىنىپ ئالدى،
باھار ئاپتىۋىدا يەڭگۈشلەپ ئېگىن.

باھاردا تۈنجى رەت تامچىغان يامغۇر
سالدىڭسەن يۈرەككە ئوتلۇق ئىشتىياق.
ئېچىلىپ بەھرىڭدىن رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر،
ئەترە ھەم رەيھانغا پۈركەندى ھەر ياق.

ئارزۇيۇم: بولسام شۇ باھار يامغۇرى،
قىزىلگۈل بەرگىدە چاقنىغان قەترە.
بەھرىمدىن سۆيۈنۈپ لالە - رەيھانلار
چاچسىدى زىمىنگە خۇش پۇراق — ئەترە.

## ئېچىلغىن، بىراق...

باھاردا ئېچىلغان بىر توپ گۈل - چېچەك،
يوشۇردى ئۆزىگە قوشماق كېپىنەك.
كېپىنەك مىسالى بىر جۈپ ئوغۇل - قىز،
پاك سۆيگۈ ئىشقىدا يانغان ئوت يۈرەك.

گۈل ئوينىاپ ئولتۇرۇپ قىز دىدى: — گۈلدەك
خالامسەن ئېچىلىپ چاچسام خۇش پۇراق؟
— خالىسۇن دىسەڭ گەر، — دىدى يىگىتى، —
ئېچىلىپ پۇراق چاچ، توزىما بىراق!

# غەزەللەر

(ھەدە - سىڭىللارغا)

مۇكەررەم ئەبەيدۇللا

I

نۇرلىنىپ تاڭ بەھرىدىن گۈل ئاچتى خەندان قەلبىڭىز،
ھۆسنىگە قوشتى ھۆسۈن گۈلشەنگە جەۋلان قەلبىڭىز.

تەلپۈنۈپ كۆتكەن باھار كەلگەندە چىللاپ بەزمىگە،
بەرگىدىن چاچتى زىمىنگە، ئەترە رەيھان قەلبىڭىز.

ئەيلىسە بۇلبۇل ناۋا، ئوينار ئۇسۇل شات قالىغاچ،
مىسلى كۆكلەم پەيزىدىن ئەيلەپ خىرامان قەلبىڭىز.

بىر زامان كەزگەندە جۇت، مۇدھىش قارا تۈن ئەلكىدە
ئۈششۈگەن ياش نوتىدەك، سولغانتى نىمجان قەلبىڭىز.

چىن ۋاپا، پاك سۆيگۈ ھىسسى بولغىنىپ چاڭ دەستىدىن،
نا ئۈمىت ئاھ - زار بىلەن چەككەنتى ھىجران قەلبىڭىز.

نۇر چېچىپ چىققاندا كۈن پۈتتى جۇدۇن چاقماق ئارا،
ياندى ئاگا جۆر بولۇپ كۆكلەردە چولپان قەلبىڭىز.

ئۈچقىلى سۇمرۇغ بىلەن چىللايدۇ دەۋران تاھىرى،
بەسلىشىپ تاپقاي مۇرات، مەڭگۈ بى ئەرمان قەلبىڭىز.

II

كۆزۈم يولدا سېنى پايلاپ باھارىم تېز يېتىپ كەلگەن،
تەقەززا كۆز قاراغىمغا كۆلۈپ كىرپىك قېقىپ كەلگەن.

ئېتىزلار چاغلىنىپ پۈتتى، سېغىنغاچ تەلمۈرۈپ كۈتتى،
سېپىپ مېھرىڭ بىلەن يالقۇن، ۋۇجۇدۇڭنى يېقىپ كەلگەن.

بەخت تاپتىم ھالال تەردىن، گۆھەر قازدىم ئانا يەردىن،
دىلىمدىن ئۇرغىغان شاتلىق كۈيىگە كۈي قېتىپ كەلگەن.

ئېتىزلىق مىسلى يارىمدۇر، ئۇنى گۈللەش خۇمارىمدۇر،
قېنىپ كۆڭلۈم ئارام تاپسۇن، بولۇپ سەلدەك ئېقىپ كەلگەن.

قاراتمايمەن سېنى يەرگە، كۈلەر ھۆسنۈڭ تولۇپ زەرگە،
ئوقۇپ تۆھپەڭ بىلەن ناخشا، ماڭا خۇشخۇي بېقىپ كەلگەن.

بولۇپ كەتتى يېزام كۆركەم، كېلىشنى خالىساڭ ئېركەم،
بېلىڭنى باغلىبان مەھكەم، كۈرەشكە ئاتلىنىپ كەلگەن.

III

ئۇزاتتىم قەن - ناۋات چايناپ يىلىمنى ئىختىيارىمچە،
ئۈمىت ئىلھامىدا تۆككەچ، تېرىمنى ئىختىيارىمچە.

بىلىپ ئەجرىمنى بى مىننەت، ھالال ئەمگەكنى ئۆز بەختىم،
كۆكەرتتىم تەر تۆكۈپ تىنماي يېرىمنى ئىختىيارىمچە.

كۆچەت قويدۇم قىلىپ پەرۋىش، ئۆزۈپ ئالما، ئانارلاردىن،
بېزەپ رەڭدار چېچەكلەرگە بېغىمنى ئىختىيارىمچە.

ئېتىم كىشنەيدۇ تۇلپاردەك، سېيىر - توپاقلىرىم تېمەن،
كۆپەيتتىم قوي بىلەن ئۆچكە مېلىمنى ئىختىيارىمچە.

سېلىپ تۆرگە گىلەم - زىلچە، تىكىپ خاڭدەن تاۋار كۆرپە،
بېزەيتتىم رەڭمۇ - رەڭ گۈلدە ئۆيۈمنى ئىختىيارىمچە.

ئېلىپ مەن ھەسسىلەپ بۇغداي، كوزامدا ئېرىگەن نوي ماي،
يىدىم سۈت - قايمىغىم بىلەن نېنىمنى ئىختىيارىمچە.

چىرايىم ئالمىدەك كۆركەم، يۈرەكتە كۈچ - جاسارەت ھەم،
بېيىشقا باغلىدىم مەھكەم بېلىمنى ئىختىيارىمچە.

ئېلىپ ئىلغارلىدىن ئۈلگە، ئانا يۇرتۇمنى گۈللەشكە،
جاراڭلىق ناخشىغا قوشتۇم ئېلىمنى ئىختىيارىمچە.

ساقايدى بى داۋا دەردىم، بولۇپ ئىنسان سۆيەت قەدرىم،
كى ياشناتتى يېڭى دەۋرىم، دىلىمنى ئىختىيارىمچە.

# شېئىرلار

## قۇندۇز مۇھەممەت

### بىر تەشتەك گۈل

قۇياش نۇرى چاقنار جۇلالاپ
تەشتەكتىكى گۈللەر بەرگىدە.
مېھرى بىلەن ئۆستۈردى قىزچاق،
باغلاپ ئاڭا چوڭقۇر ئەقدە.

ماي ئاخشىمى گۈللەر ئىچىدىن
تاللىۋالدى بىر تەشتەك گۈلنى.
چاقماق چاقتى بۇلاق كۆزلەردە
گۈلگە رەڭداش بولدى قىز ھۆسنى.

ئۇزۇن ئۆتمەي تەشتەكتىكى گۈل
زىننەت قوشتى يىگىت ئۆيىگە.
چىن مۇھەببەت ئەلچىسى بولۇپ،
غۇنچىلايدۇ شۇ گۈل مەڭگۈگە.

### سىمونت ئىشچىسىغا

تاللاپ ئىسىل گۈل - غۇنچىلار سەرخىلىدىن،
قۇچاق - قۇچاق گۈلدەستىلەر تىزىپ كەلدىم.
ئەجرىڭ بىلەن ياراتقان مول ئۇتۇقلارنى
ياش قەلبىمنىڭ دەپتىرىگە يېزىپ كەلدىم.

چۆللەرگە رەڭ بەرگەن يۇلغۇن ئوبرازىڭدۇر،
ياشلىغىڭنىڭ سىماسىدۇر يېشىل قارىغاي.

قوغلا شمايسەن نام - شۆھرەتنى ۋە راھەتنى،
ئەل ئىشقىدا ئۆتتەك يېنىپ ئىشلەپ ھارماي.

ئىگىز تاغدەك قەۋەت - قەۋەت كۆركەم بىنا،
سېنىڭ ئۇلۇغ مېھنىتىڭنىڭ مەۋىسىدۇر.
شۇ ئۆيلەردىن ياڭراپ تۇرغان شات - كۈلكىلەر،
ھۆرمىتىڭگە ئەلنىڭ ئالقىش - نەزمىسىدۇر.

سەن ئىشلەيسەن پەرۋانە بوپ مۇشەققەتكە،
غەيرىتىڭدىن تاشلار ئېرىپ سىمونت بولار:
سىمونت بىنا، سىمونت كۆۋرۈك، سىمونت يولدا،
كېلىچەككە مۇستەھكەم، چىڭ ئۇل قويۇلار.

## ياشارسۇن ياشلىغىڭ

ئەسىرلەر ياشايدۇ يىللار كارۋىنى
كۈنلەردىن تارىختا ئىزلار قالدۇرۇپ.
ئۆزىدۇ تىنىمسىز ھايات يەلكىنى،
گاھ ئوقتەك تېز راۋان، گاھى داۋالغۇپ.

ئىجات ۋە كەشپىيات كاندۇر دەۋرىم،
مىنۇتتىن تۆرىلەر ئالەمچە زور ئىش.
ياشلىقتا ۋاقتىنىڭ ئالدىدا ماڭساڭ،
ئەسىردىن - ئەسىرگە ساڭا يات قېرىش.

كەتكەندە ئۆكۈنۈپ تۇرما غەپلەتتە،
تارىخقا نەقىش ئوي، يۈرەك قېنىڭدىن.
ياشارسۇن ياشلىغىڭ ئەمگىكىڭ بىلەن،
ئەۋلاتلار گۈل تەرسۇن باسقان ئىزىڭدىن.

## ۋەتىنىمگە

(مۇخەممەس)

بۇھەجەر ئارمىيە داموللا قىزى

ئېيخ ۋەتەن، ئىشقىڭدا مەن بۇلبۇل بولۇپ سايراپ كۈلەي!
گۈلگە تولغان باغرىڭدا شات - خورام دەۋران سۈرەي.
پەن - ئىلىم قايناملىرىدىن ئۈنچە - مەرۋايىت سۈزەي،
ھۆر ۋەتەن، ھەر چاغ سېنى مەن تاجى - تەختىم دەپ بىلەي،
ۋەتىنىم، قەلبىم كۈيىنى مەن ساڭا تەقدىم ئېتەي.

Altun

سەن ئۇچۇن چەكسەم جاپا ياشنار دىلىم راھەت بىلىپ،
سەن ئۇچۇن تۆكسەم تېرىم، سوققاي يۈرەك ئوتتەك يېنىپ،
سەن ئۇچۇن ئېيتسام غەزەل، قالماس تىلىم چارچاپ - ھېرىپ،
سەن ئۇچۇن توكسەم قېنىم، يايرار تېنىم، ئارزۇم قېنىپ،
ۋەتىنىم، قەلبىم كۈيىنى مەن ساڭا تەقدىم ئېتەي.

بىر مەھەل قۇتراشتى جىنلار چۆرگىلەپ گويا پەلەك،
سەھنىگە چىقتى ئاجايىپ سېھىرگەر ئەييار كەمەك،
تۆت چاپانىنىڭ زەھىرىدىن بولدى خۇناپ ئوتلۇق يۈرەك،
ۋەتىنىم، بىلدىم سېنى جۇتلاردىمۇ مەزمۇت تېرەك،
ۋەتىنىم، قەلبىم كۈيىنى مەن ساڭا تەقدىم ئېتەي.

جان ۋەتەن، قەدرىڭ ئۇچۇن ئالدىم قولۇمغا مەن قەلەم،
نەچچە ۋاقتىن ئىزلىنىپ، يەتمىگەن ئارزۇغا ھەم،
بىلگۈدەك بولسام بۈگۈن گۈل - گۈلىستان باغدىمەن،
باغدا گەر سايرالمىسام بىر ئۆمۈر ئارماندىمەن،
ۋەتىنىم، قەلبىم كۈيىنى مەن ساڭا تەقدىم ئېتەي.

يۈيۈلۈپ دىللاردىكى داغى - ئەلەم، ھىجران — پىراق،
قايتىدىن ۋىسال بېغى بىزگە بۈگۈن ئاچتى قۇچاق،
گۈللىنىپ مۇزات بويى ياندى ئەنە مەشئەل چىراق①،
قوزغىدى «يۈرەك سۆزى» دىللاردا قىزغىن ئىشتىياق،
ۋەتىنىم، قەلبىم كۈيىنى مەن ساڭا تەقدىم ئېتەي.

ئېيخ ۋەتەن، ئوتلۇق يۈرەكتىن مەن ساڭا قەسەم بېرەي،
تۇتىيا دەپ تۇپرىقىڭنى ئارزۇلاپ كۆزگە سۈرەي،
سەن ئۇچۇن تۆھپە ياراتماقنى بۈيۈك قەرزىم بىلەي،
گەر جاپا چەكسەم يولۇڭدا شاتلىنىپ خەندان كۈلەي،
ۋەتىنىم، قەلبىم كۈيىنى مەن ساڭا تەقدىم ئېتەي.

## ئىككى شېئىر

سەييارە سەلەي

### ئۈمىت

راس گەپتۇر «ئۈمىتسىز ــ شەيتان» دىگەن گەپ،
ھاياتقا يېتەكچى ئۈمىت ھەر قاچان.
بەختىنىڭ نۇرانە جىلۋىسى بولۇپ،
ئۈمىتنىڭ شولىسى قىلىدۇ جەۋلان.

① شائىر نىمشېھىتنىڭ نامى ئەسلىگە كەلگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىنسانغا بېغىشلار شاتلىقنى ئۈمىت،
باشلايدۇ غايىگە ــ ئالى ئىستەككە.
ھاياتنىڭ يولىنى يورۇتسا ئۈمىت،
قاينايدۇ جاسارەت پاتماي يۈرەككە.

ۋە لېكىن ئۇ چۆچەك ياكى چۈش ئەمەس،
ئوخشىماس چۆلدىكى ئالۋان - سەرەپكە.
ئىزلىسە ئۈمىتنى كۆكتىن، بۇلۇتتىن،
تەلمۈرۈپ يىراققا ــ ئۇپۇق تەرەپكە.

ئۈمىتنىڭ بار جايى شۇ يەر ــ شۇ ھايات،
چۆرەڭگە سىنچىلاپ باقساڭ كۆرۈسەن.
بار ئەمگەك، كۈلكىدە، ئوتلۇق قاراشتا،
كۆرەشلەر مەۋجىدە ئاقساڭ كۆرۈسەن.

ئۈگەنگىن، ئۈمىتنى بايقاپ ئېلىشنى،
ۋە ئۇنىڭ ھەمدىمى، دوستى بولۇشنى.
ۋاقىتسىز جان ئۈزگەن قانچە قىز - ئوغۇل،
بىلمىگەچ ئۈمىتكە ياندىشىپ تۇرۇشنى.

كۆكلىتەر مېھرىدە گۈللەرنى ئۈمىت
ۋە سانجاق مەۋسنى ئالىدۇ شاخقا.
ئاسمانغا ئۇچۇرار قۇشلارنى ئۈمىت،
چۆل ئېشىپ بېرىشقا گۈلشەنگە ــ باققا.

ئۇ بۇلۇت يارغۇچى ئاپتاپ مىسالى،
يورۇتار قاراڭغۇ دىلنى دەممۇ - دەم،
قوغلايدۇ ئېزىتقۇ تۇماننى، بوسنى،
كېسەلگە ــ ئاغرىققا بولىدۇ مەلھەم.

ئۇ سۆيەر جەڭلەرنى، ئادالەت، ھەقنى،
مۇشكۈلگە باش ئېگىش ئۇيات ھەر قاچان.
تاڭ بىلەن تەڭ كۈلەر ئۇپۇقتا ئۈمىت.
قولىدا گۈلدەستە مەرتلەرگە سۇنغان.

كۆرەش تاڭلىرىنىڭ نۇرلىرى رەڭدار،
ئۈمىتلىك ئارزۇلار قوزغايدۇ ئىلھام.
ئۆرلەيمىز كۆتىرىپ ئۈمىت تۇغىنى
ئەڭ يۈكسەك غايىلەر سۇنار بىزگە جام.

## ھىلال ئاي

ئاسماندا ئۈزۈسەن نازۇك ھىلال ئاي،
چاقنىغان يۇلتۇزلار بىلەن ئوينىشىپ.
جىلۋەڭدىن تارقىلار نۇر دولقۇنلىرى،
يۈرەكتە ھاياجان ئىلھام ئويغىتىپ.

ئۆرلەيسەن ئاققۇدەك كۈمۈش چوققىدىن
قارايسەن پەرىدەك قېشىڭنى ئېگىپ.
بۇلۇتلار يولۇڭنى توسسا ئەگەر
يارىسەن ئەگرى بىر قىلىچتەك تېگىپ.

سەن قېنىق، كۆك ئاسمان، بىر دېڭىز گويا
ھارمايسەن سەيلىدە دولقۇنلار ئېتىپ.
ۋەتەننى ئايلانسام ئىدىم سېنىڭدەك
قەلبىمدىن كۆكسىگە نۇرلارنى چېچىپ.

## ئانا مېھرىدىن

مۇنەۋۋەر قۇربان

تۇغدى ئۇ جاپالىق قوساق كۆتىرىپ،
بەردى ئاق سۈتىدىن ماڭا ساپ ئوزۇق.
دەيمەنكى، شۇڭلاشقا ئىنسانلار ئارا
ئانىدەك مېھرىۋان ئۇلۇق كىشى يوق.

كېچە ھەم كۈندۈزى قۇچاقلاپ بۆشۈك،
دېمىدى ھەرگىزمۇ ئىسسىق ھەم سوغۇق.
كۈن بويى كۆتىرىپ باغرىغا بېسىپ،
ئۆستۈردى كۆيۈنۈپ، باقتى بىر قوللۇق.
ئەمدىلا ئايىغىم چىققاندا، ھېكسىپ،
ئانامنى ھاردۇرۇپ قىلاتتىم شوخلۇق.
ئۇ ماڭا ئۆگەتتى ئەدەپ - ئەخلاقنى،
قەلبىمگە مېھرىدىن سىڭدۈرۈپ يورۇق،
ئاي ئۆتتى، يىل ئۆتتى، مانا چوڭ بولدۇم،
ئانامنىڭ مېھرىدە ساغلام ۋە روھلۇق.
ئوقۇدۇم مەرىپەت گۈلزارلىغىدا،
ھازىرقى ئوقۇغان مەكتىۋىم تولۇق.
ئاز قالدى ماڭىمەن داشۆ قويىنىغا،
جان ئانام مېھرىدىن تۇتۇدۇ يوللۇق.
قەلبىمنى يورۇتار ئىلىم - پەن مېنىڭ،
تولىمەن ھۆسنۈمگە بولۇپ بىر چوغلۇق.
ئىشلەيمەن ئەل، ۋەتەن ئۈمىدىن ئاقلاپ،
ئالدىمدا ئىقبالنىڭ يوللىرى نۇرلۇق!

# ئانا ئارزۇسى

كەرىمە

«بەختىگۈل» دەپ ئات قويدۇم،
بەختى كۈلگەن بالام دەپ.
قاچان سايرار شوخ تىلىڭ،
مېھرىۋانىم — ئانام دەپ.

قۇچىقىمدا بىلىقتەك
پىلتىڭلايسەن شوخلۇقتىن.
تولۇن ئايدەك تولۇپسەن،
شېرىن - شەرۋەت تۇقلۇقتىن.

زوقلىنىمەن ھۆسنۈڭگە،
چۆمۈپ شاتلىق تۇيغۇغا.
ئەللەي ئەتسەم، كېتىسەن
تۈندە تاتلىق ئۇيقۇغا.

كۆزلىرىڭدىن ئۈمىدىم،
ئەقىللىقىڭ كۆرۈنەر.
پارلاق گۈزەل كەلگۈسىڭ
پېشانەڭدىن بىلىنەر.

چىرايلىقىم، ئۈمىدىم،
ئۆيىمىزنىڭ گۈلسەن.
چوڭ بولغاندا سەن چوقۇم
ئەڭ بەختلىك بولىسەن.



# ئاداۋەت

(ھېكايە)

**ئابدۇراخمان ئەبەي**

ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى كىچىككىنە باغ-
چىنى سۇغۇرۇۋاتقان زەينەپ ئېچىتىق بېشىدا
كەتمەن سېپىغا تايانغىنىچە خىيالغا پاتقان
ئىدى. ئۇ بۇ يىل كۆپ بولسا 30 - 32
ياشلاردىدۇ. ئەمما، ئۆزىدىن 7 - 8 ياش
چوڭ بولغان خوشنىسى سوپۇرەممۇ ئۇنى
«ئاداش» دەيدۇ. زەينەپنىڭ تەڭتۇش دوست-
لىرى ئېخى تۇنۇگۇن تويى بولغان قىزلار-
دەكلا يۇردىدۇ...سوپۇرەمچۇ، چېچىنى كۈندە
نەچچە مايلايدۇ، قاشلىق ئېتىدۇ، ئەڭلىك
سۇرتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مەڭزىلىرىمۇ بوۋاق
باللارنىڭكىدەك بۇدرۇق، ئاپپاق؛ ئۇنىڭ يول-
دىشى سالاھىدىن ئۇن زاۋۇدىنىڭ چاڭجىڭى.

زەينەپ ئۆزىنىڭ مۇئاشىغا يولدىشى تۇي-
غۇنىنىڭكىنى قوشقاندىمۇ ئايدا ئۇنىڭچىلىك ئىش
ھەققى ئالالمايدۇ. سوپۇرەمنىڭ توققۇزى
تەل. زەينەپلەر بىر كۈن ئوچرەت تۇرۇپمۇ
ئالالمىغان نەرسىلەرنى باشقىلار سوپۇرەملەر-
گە ئۆتنەس ماللار قاتارىدا يېرىم باھا بىلەن
ئۆيىگە ئەكىلىپ بېرىدۇ. لېكىن تۇيغۇن بول-
سا سالاھىدىننى: «ماڭا زىيانكەشلىك قىلغان
ئىچى زەھەر چېقىدىچى. ئەنتىمىنى ئالماي
قويمايدىمەن سەندىن» دەپ تىللايدۇ؛ سا-
لامىمۇ بەرمەيدۇ. بىرمۇنچە كىشىلەر سوپۇرەم-
نى كوچىلاردا كۆرۈپ قالسىمۇ، خۇددى
سالاھىدىن چاڭجاڭنى ھۆرمەتلىگەندەك سالام
قىلىپ ھالى قالمايدۇ، توي - تۆكۈن، نەزىر -
چىراقلاردا ئۇنىڭ ئۇچۇن تۆرنى ئېلىپ قو-
يىدۇ. شۇڭا سوپۇرەمنىڭ خورىگى چوڭ. تېخى
ئۇنىڭ كۈنىدە ئىككى قېتىم كىيىم ئال-
ماشتۇرىدىغىنىچۇ: «ئايال دىگەنچۇ زەينەپ،—
دەيدۇ ئۇ ھەربىر يېڭى كىيىم كىيگەندە
كوز - كوز قىلىپ،— رەڭگا - رەڭ كىيىنىپ
ئەرخەقنىڭ كۆزىگە ئۇز كۆرۈنسە بولىدۇ.
شۇنداق قىلغاندىلا ئەرلەر خوتۇنغىمۇ، ئۆيىد-
گىمۇ ئامراق بولىدۇ. كۆڭلى ئەمەس، خىز-
مىتىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ، سالاھىدىن-
جاندەك چاڭجاڭ بولىدۇ. ئېرى ياخشى كۆر-
مىسە ئايالنىڭ شور پېشانە بولغىنى شۇ.
غەمدىن يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ ئوڭاي
قېرىيدۇ، ئېرىچۇ؟ ئۆيىگە كىرمەيدىغان نېشى-
كەش، ھاراقكەش بولىدۇ. ئەرنىڭمۇ، ئايالى-
نىڭمۇ ئابرويى قالمايدۇ....»

گېپىنىڭ سېسىقلىغىنى قارا بۇنىڭ!

تۈيغـۇنغا ناھەق قالپاق كىيـدۈرۈپ، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن يېزىـدا! بەش يىل سەرسان قىلىسا، ئەر - ئايالـنىڭ مۇئاشى يـۈز سومغا يەتمىسە، ئۆيدە بىر قېرى قېيناتىسى بىلەن بەش جان تۇرسا، قانـداق قىلىـپ ھەپتىدە بىر يېڭـى كىيىم كىيـدۇ؟ تۈيـغۇن كۆزگە كۆرۈنگەن تېخنىك ئىدى. ئۇنى كوچا - كويلاردا يىقىلىپ يۈرۈدىغان ھاراقكەشكە ئايلاندۇرۇپ قويغاندۇ سىلەر....

— نەبىجان...!

ئىيرىـقى ھويلىـدىن زەينەپنىڭ قېيناتىسىنىڭ نەۋرىسىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. زەينەپ خىيالدىن چۆچـۈپ ئويغاندى - دە، زىل ئاۋاز بىلەن:

— نەبىجان سىڭلىسى بىلەن ئىپىشەك، قويلارنى ئېلىـپ كەلگـلى ئۆستەڭ بويىـغا كەتتى، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— كەتمەننى نەگە قويغاندۇ، باققا سۇ ئېچىۋېتەي دېۋىدىم....

بوۋاي بوغۇق ئاۋازدا غۇدۇڭشۇاتاتتى، ئۇنىڭ كېلىنىگە ياكى ئۆزىگە دېيىلگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى.

— ما...نا...مەن سۇغۇرۇپ بولدۇم، دادا، — زەينەپ ئېچىقنى ئالدىراپ ئەتتى - دە، ئالدىنقى ھويلىغا چىقتى.

بېشىغا ئېپىز ئاق دوپپا كىيگەن، ساقاللىرى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن، بەللىرى يادەك ئېگىلگەن بىچارە بوۋاي تاغ كەينىگە سىلجىۋاتقان قۇياشقا تەلمۈرگەن ھالدا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ساقاللىرىنى سىلاۋاتاتتى.

— تۈيغـۇن تېخى كەلمىدىما؟ — دەپ سورىدى ئۇ كېلىنىنى كۆرۈپلا.

— ياق تېخى.

— توخـۇمۇ نامازشام بولغاندا كاتىكىگە يېتىپ كىرىدۇ، بۇ ھاراقكەش - زە....

— ئىدارىدا بىرەر ئىشى چىقىپ قالدىمىكى، دادا.

— يەكشەنبە كۈنى نىمە ئىش بولىدۇ ئىدارىدا، قىرىق ياشقا كىرىپمۇ ئادەم بولمىغان بەغرەز....

زەينەپنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

بىردىنلا ھويلىنىڭ ئىشىگى تاراقشىپ ئېچىلىپ ئايال كىشىنىڭ زىل ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھوي زەينەپ...ھە...بارىسكەنسىزغۇ، ئاداش؟!

ھويلىغا قىپ - قىزىل شىپىڭ دۇخاۋىدىن كۆينەك كىيىۋالغان سوپۇرەم بىر يۈگەم رەختنى كۆتىرىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ مىڭىش - تۇرۇشلىرى، كۈلۈمسىرەشلىرى، ھەتتا قولىدىكى رەختنى كۆتىرىشلىرىدىنمۇ بىرخىل ئەركە - نايناقلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بوۋايغا سىڭايان ئېگىلىپ ئاغزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە، قولىدىكى رەختنى زەينەپكە كۆرسەتتى.

— ماۋۇ بىر كۆينەكلىك ئەڭگىلىشىنى قىرىق كويغا ئالدىم، بوپتىما، ئاداش؟

بوۋاي ئۇنىڭ قولىدىكى رەختكە ھومىيىپ قويدى - دە، زەينەپنىڭ قولىدىن كەتمەننى ئېلىپلا نىمىلەرنىدۇ غۇدۇڭشىغىنىچە ئارقىدىكى باققا كىرىپ كەتتى.

— رەختقۇ بەك ياخشىكەن، رەڭگىزە...

— ۋىيە...يەي، بىزگىمۇ تازا يارىشىدۇ، ئاداش.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمدى....

— سىزمۇ بىر كۆينەكلىك ئېلىڭا، خوشنا بولغانىدىكىن پار قىلىپ كىيەيلى تازا.

— ھازىرچە كىيەلمەيمەن، سوپۇرەم، — زەينەپ سىپايىلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

AltunOq

— ۋيي...يەي، خوتۇن كىشى ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى ئۈستىگە ئېلىۋالسا ئەر دىگەن تەييارتاپ بولىۋالىدۇ. بارنىڭ ھەممىسىگە كىيىمنى تازا كىيىۋېلىپ، «ئۇن يوق، ماي يوق» دەپ ئولتۇرسىڭىز، ئەرنىڭ تاپماي ئىلاجى يوق. ئايال خەقچۇ چىرايلىق كىيىملىرى بىلەنلا ئەرگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ....

سوپۇرەم چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ گەپلىرى زەينەپنىڭ قۇلىقىدا خېلىغىچە جاراڭلاپ تۇردى. ئۇ، قېيناتىسىنىڭ كىرقاتلىرىنى يۇيۇۋېتىپ خىيالغا پاتتى: «مېنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا بۇنچىۋالا ئۆزەمنى ئۇرۇشۇم تۇيغۇنغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئائىلىمىز ئۈچۈن، بالىلىرىمىز ئۈچۈنغۇ؟ ئايال خەق چىرايلىق كىيىملىرى بىلەنلا ئەرگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، دىگەنىمۇ گەپمۇ...؟ ھەي، تۇيغۇن ھاراق ئىچىسىمۇ ئۆيدە ئىچسە ئىدى....»

نامازشامدا نەبىجان بىلەن سىڭلىسى ئېشەك ۋە قوينى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. بوۋاي باغدىن بىر قۇچاق ئوت ئەپچىقىپ، ئۇلارغا سېلىپ بەردى.

— سېمىزلىك مۇشۇ قويغىلا يارىشىدۇ، — دىدى ئۇ قارىباش قوزىنىڭ كاۋدەك يۇمىلاق قۇيرۇغىنى سىلاپ، — خۇدا ساڭا ئوت-چۆپنى ياراتقان، ئەگەر بىز يىگەن ناننى يىسەڭ قانچىلىك سەمرەر ئىدىڭ!؟ — دۇمبىسىنى تاتىلىغاچ ئۇنىڭغا سۆزلەشكە باشلىدى، — ھەي-ھەي جانىۋار، گۆشۈڭ ھارام بولغىنى بىلەن كۈچۈڭ ھالال سېنىڭ، بىر كۈن ئىشلەپ بىرلا ئېغىنساڭ ھاردۇغىڭ چىقىدۇ. سەن بولمىساڭ ئېشىكىمىزنىڭ ئالدىدىكى بازارغىمۇ بارالمايمەن....

زەينەپ پاي راسلاپ باراڭ ئاستىغا شىرە قويدى. ئۇلار ئەمدىلا چاي ئۇتلاپ ئولتۇراتتى، ھويلىنىڭ ئىشىگى تاراقلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا تۇيغۇن 7 - 8 ئادەمنى باشلاپ ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن قوراغا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىدىن ھاراق بوتۇلكىلىرىنىڭ ئاغزى چىقىپ تۇراتتى، ھەممىسى تەڭ سۆزلىگەچكە كىمنىڭ نىمە دەۋاتقانلىغىنى بىلىپ بولمايتتى. ھويلا شۇنچە ئازادە بولسىمۇ بىر-بىرىنى قىستىشىپ دەلدۈگۈنۈپ كېتىشەتتى.

— زەينەپ، مېھمان كەلدى! — تۇيغۇن ئۇلاردىن سۇغۇرۇلۇپ ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقتى، — ھۆرمەتلىك مېھمانلار، مانا بۇلار مېنىڭ دادام، ئايالىم، بالىلىرىم بولىدۇ....، — ئۇ سۆزلىگەندە تىلى سەل كالۋالىشاتتى.

مېھمانلار ئولاش-چولاش كېلىپ بوۋاي بىلەن ھەدەپ كۆرۈشكىلى تۇردى. ھەر بىرى بوۋاي بىلەن قول ئېلىشقاندا ئۇنىڭ قولىنى خېلى ئۇزۇنغىچە قويۇپ بەرمەستىن ئۆزلىرىنى تونۇشتۇراتتى. بوۋاي بولسا ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىغىدىن سەسكىنىپ قولىنى تېزرەك بوشىتىۋېلىشقا تىرىشاتتى.

تۇيغۇنمۇ دادىسىغا ئوخشاشلا ئۆزى باشلاپ كەلگەن مېھمانلار بىلەن بىرمۇ-بىر كۆرۈشۈپ چىقتى. ھەتتا ئۇ مېھمانلار كۆرۈشمىگەن ئايالى، بالىلىرى بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشىۋەتتى.

— ئۆيگە كىرەيلى، ئۆيگە! — زەينەپ يۈگۈرۈپ كىرىپ مېھمانخانا ئۆينىڭ چىرىغىنى يورۇتتى-دە، مېھمانلارنى باشلىدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرگىچە ھويلىنىڭ قىلۋى تەرىپىدە ئوت يەۋاتقان قارىباش قوزىغا سېمىزلىكتىن ئۆدەكتەك ئىككى ياققا ئېغىناپ ماڭىدىغان ئۆمەر قاسساپنىڭ كۆزى چۈشتى.

— تۇيغۇناخۇن، قارىباش قوزىنى سويۇدىكەنمىز-دە، بۇگۈن! — دىدى ئۇ چاقچاق قىلغان بولۇپ.

مېھمانلار ئۆيگە كىرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ چاقچاق يەنە داۋاملاشتى.

—ھەي ... ھەي... ئۇ قىزىغا تۇيغۇنجاننىڭ كۆچى يەتمەسمىكىن، ھايىت ... — تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئاۋاق، كۆك كۆزلۈك بىر كىشى ئاياللارنىڭكىدەك زىل ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى، ئۆيدە پاراققىدە كۈلكە كۆتىرىلدى.

— بىر قوي دېگەن نىمىتتى؟ تۆگە سويساقمۇ ئەرزىيدۇ، ئاغىنىدارچىلىقتا، — تۇيغۇن يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ قوپتى - دە، ۋاقىرىدى، — ھەي ئۆمەر، پىچىغىڭ بارمۇ؟ جۆرە، قوينى ئۆلتۈرىمىز! ئولتۇرۇش قىلىپ تاڭ ئاتقىچە ناخشا توۋلايلى. ماۋۇ ئارقىمىزدا ئولتۇرغان سالاھىدىن كۆيدۈرگىنىڭ ئىچىگە ئوت كەتسۇن، تازا....

ئۆمەر پۇشۇلداپ قوينى سويۇشقا باشلىدى. ئۆيدىكىلەر ھاراق قۇيۇلغان رۇمكىلارنى ئايلاندۇرۇپ «خانلەيلۈن» غا توۋلاۋاتاتتى. بوۋاي بولسا ھويلىدا توختىماي ئۇياندىن بۇيانغا ماڭاتتى. باللار خۇددى بىر نەرسىدىن ئۈركىگەن مالدەك بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئوچاق بېشىدا چاي راسلاۋاتقان زەينەپ بوۋايغا قاراپ ئىچ - ئىچىدىن ئازاپلانماقتا ئىدى: بوۋاي يىلدا بىر قوي ئېلىپ باقاتتى. ئۇنى قۇربان ھېيتتا سوياتتى - دە، ئالدىدا بالىلارنى بىر تويغۇزۇپ، قالغىنىنى ھېيتلاپ كەلگەنلەرگە يېگۈزەتتى. بوۋاي قارىباش قوزىنى بازاردىن بۇ يىل ئەتىيازدا سېتىۋالغان ئىدى. ئۇ، مال بېقىشقا ماھىر ئىدى. ئالدى بىلەن قوينىڭ ئاغزىدىن سۇ ماي، ئاچچىقسۇ ئىچكۈزۈپ، بىر نەچچە باش پىياز يېگۈزەتتى. بۇنىڭ بىلەن قوينىڭ ئىشتىيى تازا ئېچىلاتتى - دە، يەپ تويمايتتى. ئاندىن كېيىن گۆش تاتلىق بولىدۇ، دەپ قوينىڭ يېمىگە توز سېلىپ بېرەتتى. ئۇ، ھەر كۈنى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، قوي بىلەن ئېشەكنى ئېتىز - ئېرىق بويلىرىغا ئوتلاتقىلى ئېلىپ چىقاتتى. مانا ئەمدى بۇ قوي بىمەھەل سويۇلۇۋاتىدۇ. زەينەپ قېيناتىسىنىڭ كىرپىكلىرىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس نەملەشكەنلىكىنى بايقاپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

ئۆمەر قوينى تېخى تېرىسىدىن تولۇق ئاجرىتىپ بولمايلا تۇيغۇن يېرىمىنى پارچىلاپ قازانغا تىقتى ۋە قازان ئەمدىلا قاينىشىغا مېھمانلار گۆشنى بىر تەرەپتىن ئېلىپ خام - خوتا يېيىشكە باشلىدى. تاڭ ئاتارغا يېقىن گۆشمۇ، ھاراقمۇ تۈگىدى. شۇنىدىن كېيىنلا ئۈلپەتلەر ئولتۇرغان يەرلىرىدە ئۆزلىرىنى تاشلاپلا ئۇيقىغا كېتىشتى ....

سىپۇرەم ئىدارىدا گېزىت - ژورنال، خەت - چەك تارقىتاتتى. خەت - چەكلەر بىلەن بىرگە كوچا - كويلاردىكى ھەممە يېڭىگەپلەرنىمۇ شۇ خوتۇن تارقىتاتتى.

— تازا بىر غەۋغا بىلەن خوشنا ئولتۇرۇپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ سېخقا كىرىش بىلەنلا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ، — ئىلگىلار، ماۋۇ گېزىتىڭلىنى ... كېچىسىنكىياقى بىر ئۇخلىغان بولسام. ئادەم ئەمەس ئىكەن ئۇ تۇيغۇن ... تاڭ ئاتقىچە ئېشەككە ئوخشاش ھاڭراپ چىققان بارمۇ؟ — ئۇ زەينەپكە كەيىنىنى قىلغان ھالدا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — شۇنىمۇ ئەر دەپ قوينىدا ياتىدىكىنا خەق ... مەندەك ئادەم بىر كۈنمۇ تۇرمايمەن ئۇنداق ئۆيدە....

ئۇ گېزىتلەرنى قىلتۇقلىغىنىچە ئېغىناقلاپ مېڭىپ، خامىپىدىن ئۇن قاچىلىنىپ چۈشكەن خالتىلارنى ئۆلچەۋاتقان زەينەپنىڭ بېشىغا كەلدى - دە، بىر پارچە گېزىتنى گىرنىڭ ئۈستىگە داققىدە قويۇپ كېتىپ قالدى.

«تۇيغۇن ئۆزىنىلا ئەمەس، مېنىمۇ ئە-

جەپ قىيىندى، — دەپ ئويلايتتى زەينەپ، —
ھەممە ئادەم ئۇنى كۆزگە كۆرۈنگەن تېخنىك،
دەيدۇ. شۇنچىلىك كالاسى ئىشلەيدىغان ئادەم
تۇرمۇشتا نىمىشقا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي-
دىغاندۇ؟ ...»

ئۇ تۇيغۇن بىلەن دەسلەپكى تونۇش-
قان چاغلىرىنى ئەسلىدى: ئۇ چاغدا تۇيغۇن
ناھىيە بويىچە ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى چۈ-
شۈدىغان ئىلغار ياش ئىدى، مانا ئەمدى
ھەممە ئادەم يىرگىنىدىغان ھاراقكەشكە ئاي-
لاندى. ئۇ بۇنچىمۇ بولۇپ كەتمەس ئىدى.
تۇيغۇن زەينەپ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ ئۈچ
ئايدىن كېيىنلا «مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى» باش-
لاندى. ئەنە شۇ چاغدا مۇشۇ سالاھىدىن
چاڭجاڭ ئۇنى يەرلىك مىللەتچى، دەپ ئار-
قا - ئارقىدىن ئۈچ پارچە ماتىرىيال يېزىپ
قارىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا تۇرمۇش
قۇرغان زەينەپمۇ، تۇيغۇننىڭ دادىسىمۇ، ئانى-
سىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يېزىدىغا سۈرگۈن قىلىن-
دى. ئانىسى شۇ سۈرگەندە ئۆلۈپ كەتتى.
تۇيغۇن نازارەتتە ئىشلەيتتى. ئۇ تولىمۇ جىم-
غۇر بولۇپ كەتتى. ھەتتا زەينەپكىمۇ ھەپتە -
ھەپتىلەپ بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. ئەگەر
ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە نىمە بولۇپ كېتەر؟
ئەمدىلا قۇساق كۆتەرگەن زەينەپ شۇنىلا
ئويلايتتى. بىر كۈنى، تۇيغۇن سىرتتىن ناھا-
يىتى خۇشخۇي كىردى، زەينەپ شۇ ھامانلا
ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ دا-
دىسىغىمۇ، زەينەپكىمۇ سىرتتا كۆرگەن - ئاڭ-
لىغانلىرىنى پاراڭ قىلىپ شۇ بىر كەچنى خې-
لى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى، پۈتۈن ئائىلىمۇ
غەم - قايغۇدىن بىر مەھەل خالاس بولغان-
دەك بولدى. شۇندىن كېيىن زەينەپ يېنىدا
پۇل چۈشسىلا ھاراق سېتىۋېلىپ ئۇنى خۇشال
قىلىدىغان بولدى ... كېيىن تۇيغۇننىڭ خىز-
مىتى ئەسلىگە كەلدى؛ ئەمدى ئىككى بالى-
لىق بولۇپ، ياش قىرىققا ئاز قالدى، لېكىن
ئۇ ھاراققا ئۆزىنى ئۇرۇشتىن يەنىلا توختى-
مىدى.

زەينەپ ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەندە ئۆي-
دە ھېچكىشى يوق ئىدى. بوۋاي نامازشامغا
ئاز قالغاندا چۆپ ئارتىلغان ئېشەكنىڭ ئۈس-
تىگە ئىككى نەۋرىسىنى مىندۈرۈپ كىرىپ كەلدى.
ئۇنىڭ چىرايىدا ئاخشامقى خاپىلىقلاردىن ئە-
سەرمۇ قالمىغان بولۇپ، خۇددى تويدىن قايت-
قان كىشىدەك خوشال ئىدى: باللار بىلەن
تەڭ گەپلىشىپ، تەڭ كۈلەتتى ....

زەينەپ ئاخشامقى قوينىڭ جىگىرىدە
سەي قورۇغان ئىدى. تۇيغۇن تاماق ۋاقتى-
دىمۇ قايتىپ كەلمىدى. زەينەپ ئۇنى خېلى
كۈتتى - دە، ئاخىرى بىر تەخسە سەينى ئاي-
رىم ئېلىپ قويۇپ، باللار بىلەن بوۋايغا
داستىخان راسلاپ بەردى. ئۆزىنىڭ تاماققا
رايىمۇ يوق ئىدى. تاماقتىن كېيىن قاچا -
قۇچىلارنى يۇدى. ئورۇن سېلىپ باللارنى
ياتقۇزدى، ئۇلارنىڭ يىرتىلغان كىيىم - كې-
چەكلىرىنى يامىدى. لېكىن، تۇيغۇن ھىلىغى-
چە قايتىپ كەلمىدى. زەينەپ دەرۋازا ئال-
دىغا چىقىپ چوڭ يولغا قاراپ تۇردى. ئۇ
كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىر-
دى - دە، سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئېسەدەپ يىغ-
لىۋەتتى: «ئاھ، باشقىلارنىڭ ئەرلىرى قانداق
ئەردۇ، بۇ قانداق ئەردۇ؟ بىرەر قېتىممۇ
ۋاقتىدا ئۆيگە قايتىپ كەلمىسە، ئۆيدە بىرەر-
يېرىم دەم مۇڭدىشىپ ئولتۇراي دىمىسە، مەنغۇ
مەيلى، باللار بىلەن، دادىسى بىلەن بىللە
ئولتۇرۇپ بىر ۋاق تاماق يېمىسە، بۇمۇ ئۆي
بولامدۇ؟ ئىسىت ... ئىسىت ...» ئۇ، ئويلى-
غانسېرى ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ئەمما،
ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان ئادەممۇ يوق ئى-
دى. بوۋاي نەۋرىسى نەبىجان بىلەن نېرىقى
ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۈچ ياشلىق قىزى زەي-

نۇرە بولسا يېنىدا ھېچنېمىنى تۇيماي ياتاتتى.

زەينەپ ئاخىر سۇپا ئۇستىگە چىقتى، ئۇخلاۋاتقان قىزىنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، مەڭزىلىرىگە سۆيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئاز تەسەللى تاپتى - دە، قىزىنى قۇچاقلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

زەينەپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندا تۇيغۇن ئىشىكلەرنى تاراقلىتىپ ئېچىپ، زەينەپنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھاراقنىڭ ئاچچىق ھىدى زەينەپنى سەسكەندۈرىۋەتتى. زەينەپ بېشىنى ئۇنىڭدىن بۇراپ يېتىۋالدى - دە، ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

تۇيغۇن بۇرۇن بەزى ئاخشاملىرى زەينەپ بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن مۇڭدىشىپ، ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل ھېسسىيات، يەنى سۆيۈنۈش پەيدا قىلاتتى - دە، مۇھەببەتكە بىر خىل لەززەت ئېلىپ كېلەتتى. ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ تەبىئىتىگە بىر خىل ۋەھشىلىك، ياۋايىلىق قوشۇلغان بولۇپ، تۈن كېچىلەر بىلەن ئۆيگە مەس كىرىپ كېلەتتى - دە، شىرىن ئۇيقىدا ئۇخلاۋاتقان زەينەپكە زورلۇق كۈچ بىلەن مۇھەببەت ئېلان قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ مۇھەببەتنىكى ئورتاقلىقنى ئۇنۇتقان ياكى چۈشەنمەيتتى. زەينەپنىڭ نەزىرىدە بولسا، ئۇ بۇ ئىككى كىشىلىك مۇھەببەتنىكى شەخسىيەتچى ئىدى. شۇڭا ئۇ قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى، مۇھەببەتتىن ئورتاق ھوزۇرلىنىشنى چۈشەنمەيتتى - دە، ئۆز كۆڭلى ئۈچۈنلا، ئۆز خۇشاللىقى ئۈچۈنلا قارشى تەرەپكە زورلۇق ئىشلىتىپ، ئۆز ئايالىنى، يەنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسىنىمۇ مۇھەببەتتىن سەسكەندۈرۈپ قوياتتى.

— جېنىم ... زەي ... نەپ ...، — تۇيغۇن ئۇنىڭ مەڭزىنى يىرىك ئالقانلىرى بىلەن سىلاشقا باشلىدى.

— مەن سىزنىڭ جېنىڭىز ئەمەس، جېنىڭىز ھاراق، مەيخانە ...، — زەينەپ ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيسىز، زەي ... نەپ، — دېدى تۇيغۇن ئۆكۈنگەندەك قىلىپ، — دەردىم بولمىسا ھاراق ئى ... چەمدىمەن!

— زادى نېمە دەردىڭىز بار سىزنىڭ، ئېيتىڭا ماڭا!؟

— ھەي ... بىلمەمسىز زەينەپ، بىكاردىن - بىكار قالپاق كىيىپ ئاز تارتتىممۇ دەرتنى. بىزگە ناھەق قارا چاپلاپ قالپاق كىيدۈرگەن سالاھىدىن زاۋۇتقا چاڭجاڭ بولۇپ جاھاننى يەنە سوراۋاتمامدۇ دەيمەن! بۇ جاھاندا ئادالەت بارمۇ - يوق، جېنىم زەينەپ؟

— ھوي تۇيغۇن، يەنە ئاشۇ سالاھىدىن ئاكا يوگۇرۇپ يۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈردىغۇ خىزمىتىڭىزنى؟

— خىزمىتىمنى سالاھىدىن ئەمەس، پارتىيە ئەسلىگە كەلتۈردى، پارتىيە! — تۇيغۇن غەزەپ بىلەن كۆرپىگە ئىككىنى مۇشلىۋەتتى.

ئارىدا بىر مەھەل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. كېيىن زەينەپ ئىچىگە بىر «ئۇھ» تارتىۋېتىپ بۇ جىملىقنى بۇزدى:

— جېنىم تۇيغۇن، ئىشقىلىپ خىزمىتىڭىز ئەسلىگە كەلدىغۇ. يەنە كونا خامانىنى سورۇپ نېمە قىلىسىز؟

— ھېساپ ئالىمەن، سالاھىدىندىن بىرمۇ - بىر ھېساپ ئالىمەن! — تۇيغۇننىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— جېنىم تۇيغۇن، — زەينەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى، — چاڭجاڭ بىلەن جاڭجاللىشىشتىن ياخشى ئاقىۋەت كېلەمدۇ؟ مېنى دېمىسىڭىزمۇ، باللارنى ئويلىسىڭىز بولمامدۇ؟ سىز

ئىككى بالىنىڭ دادىسى ئەمەسمۇ؟

زەينەپ بۇ قېتىم ئىختىيارسىز ھالدا تۇيغۇننىڭ بويىنىغا گىرە سالدى. بۇ ئۇنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇھەببەتنىڭ تەشنالىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى ئۆتۈنۈش ۋە يالۋۇرۇشنىڭ ئىنكاسى ئىدى ....

ئەتىسى ئەتىگەندە بىۋاي نامىزىنى ئۆتىۋالغاندىن كېيىن، چايىنى ئىچتى - دە، ئېشىگىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. زەينەپ شۇنىڭدىن كېيىن تۇيغۇن بىلەن بالىلارنى ئويغاتتى ۋە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ تۇيغۇنغا دېدى:

— بۇندىن كېيىن پۇلنى مەن تۇتىمەن. قانچىلىك ھاراق ئىچىسىڭىز شۇنى ئۆيگە ئەكېلىپ بېرىمەن. ئۆيدە ئىچىسىز، ئەمدى كوچا-كويلاردا ھاراق ئىچىدىغان بولسىڭىز ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىدۇ، قانداق دەيسىز؟

تۇيغۇن جاۋاپ بەرمىدى.

— نارازىلىقىڭىز بارمۇ - يا؟ — زەينەپ ياندۇرۇپ سورىدى.

تۇيغۇن خۇش ياقمىغان ھالدا بېشىنى چايقاپ قويدى.

بۈگۈن زاۋۇتتا مۇئاش تارقىتىدىغان كۈن ئىدى. زەينەپ ئۆزىنىڭ مۇئاشى بىلەن تۇيغۇننىڭكىنى قوشۇپ ئالدى - دە، بازاردىن بىر ئايلىق چاي - تۇز بىلەن ئىككى بوتۇلكا ھاراق سېتىۋېلىپ قايتىپ كەلدى. دەرۋەقە، تۇيغۇن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆيدە بولدى. ئەمما، ئۇ خۇددى رىجىمغا چۈشۈپ قالغاندەك ئۆز ئۆيىدە قورۇنۇپ يۈردى. گەرچە ھاراق ئىچىۋاتسىمۇ بىرەر نەرسىسى كەملىك قىلىۋاتقاندەك تۇراتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىنلا ئەسلى ئادىتىنى يەنە تېپىۋالدى. چۈنكى، ئۇ ھەر قېتىم ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ياكى كوچا ئاغزىدا ھاراق سورۇنىنى تۈزۈپ ئولتۇرغان ئاغىنىلىرىنىڭ چاقىرىشلىرىنى ئاڭلىغان ھامان ئۆز ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ، سورۇنغا قوشۇلۇپلا كېتەتتى. بۇنداق سورۇنلاردا ساقى بولغان كىشى ھاراقنى قاتتىرىسىغا نۆۋەت بىلەن ئايلاندۇراتتى. ھەر بىر بوتۇلكا ھاراق تۈگىگەندە شۇ بوتۇلكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۆۋىتى كىمدە توختىسا، شۇ كىشى يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ كېلىپ ئولتۇرۇشنى داۋاملاشتۇراتتى. بۇ سورۇنلاردا قىزغىن سۆھبەتمۇ بولاتتى، ئەلۋەتتە، ئەمما بۇ سۆھبەتلەرنىڭ تېمىسى چەكلىكلا ئىدى: سورۇننىڭ ھەر بىر ئىشتىراكچىلىرى ئۆز ئارا قەلب چۈشەندۇرەتتى ياكى بىر بىرىگە قول بېرىپ ئۆز ئارا دوستلۇق ئىزھار قىلىشاتتى. تۇيغۇن ھەر بىر كىشى بىلەن مۇڭداشقىنىدا، يەرنى مۇشلاپ تۇرۇپ: «سالاھىدىن ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ بىھۇدە بەش يىل دەرت تارتتىم، ئىنتىقام ئالماي قويمايمەن!» دەپ توۋلايتتى. بۇ ئولتۇرۇشقا ئىشتىراك قىلغان ئىكەنسەن، نۆۋىتى كەلگەندە ئوتتۇرىغا بىر بوتۇلكا ھاراقنى تىكلىشىڭ كېرەك. بۇنداق قىلمىساڭ ئۆلپەتلىرىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ يەر بولىدۇ - دە! تۇيغۇننىڭ يېنىدا پۇل يوق ئىدى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم قاساپ دوستى ئۆمەردىن پۇل ئۆتنە ئالدى - دە، ئۆز نۆۋەتلىرىنى مەرتلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋالدى.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. ئۇ شۇنداق بىر ئولتۇرۇشتىن تۈن نىسپى بىلەن غەرق مەس بولۇپ قايتتى. ئۇنىڭدا ماڭغۇدەك ماغدۇرمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇ بىردە يولنىڭ ئۇ چېتىگە، بىردە بۇ چېتىگە ئۆتۈپ كېتىپ، ئاخىرى بىر خىشقا پۇتلاشتى - دە، يىقىلىپ قالدى. قوپۇشقىمۇ ئېرىندى. چۈنكى، مۇشۇ ھال بىلەن ئۆيگە بارغىنىدا زەينەپنىڭ كايىيدىغانلىقى تېخى ئېسىدىن كۆتىرىلىپ كەتمىگەن ئىدى. ئۇ، يېتىپ تۇرۇپ زەينەپنىڭ قىز دەۋرىدىكى گۈزەللىكىنى...، ئوغلى نەبىجاننى كۆز ئالدىغا

AltunOq

كەلتۈردى. ئەمما، بۇ كۆكۈلۈك كۆرۈنۈشلەر
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ناھايىتى تېز ئۆچۈپ
كەتتى. ئۇ يەنە بايىقى سورۇندا ئولتۇرغان
دوستلىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇ
كۆرۈنۈشتىن خېلى ئۇزۇن لەززەتلەنمەكچى
ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ كۆرۈنۈشلەرمۇ يەنە
غايىپ بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا
بىردىنلا سالاھىدىن چاڭجاڭ پەيدا بولدى.
شۇ ھامان ئۇنىڭ بەدەنلىرى غەزەپتىن سى-
لكىندى - دە، مۇشتۇمىنى تۈگدى....

دەل شۇ چاغدا بىر كىشى ئۇنىڭ
يېنىغا كېلىپ توۋلىدى:

— كوچىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ نىمە
ياتىسەن بۇ يەردە؟ تۇر ئورنىڭدىن!

تۇيغۇننىڭ نەزىرىدە بۇ ئۇنىڭغا قىلىن-
غان ھۆرمەتسىزلىك ئىدى. ئۇ تېخىمۇ غەزەپ-
لەندى - دە، ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى.
ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىز بويلۇق، شەپكىسى
ھەيۋەت يوغان بىر كىشى تۇراتتى. تۇيغۇن
ھېچنىمىنى ئاڭقىرالمىدى - دە، ئاچچىق ئارىلاش
ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن... كىم؟

— مەن خەلق ساقچىسى! — ھېلىقى كىشى
خۇددى ھەيكەلدەك تۈپ - تۈز تۇرۇپ جاۋاپ
بەردى.

تۇيغۇننىڭ غەزەپ ئاچچىقى خۇددى
يەل قويۇۋەتكەن توپتەك شىپپىدە يوقالدى.

— خەلق ساقچىسى؟ — دىدى ئۇ مۇلا-
يىملىق بىلەن، — خەلق ساقچىسى خەلقنى
سۆيىدۇ، مېنى بىرنى سۆيۈپ قويە!

ھېلىقى كىشى كۈلۈۋەتتى ۋە ئۇنى
يۆلەپ تۇرغۇزۇپ كىيىملىرىنى قېقىشتۇرغاندىن
كېيىن، تېزرەك ئۆيىگە كېتىۋېلىشنى تاپىلاپ
كېتىپ قالدى.

تۇيغۇن دەلدۈگۈنۈپ مېڭىپ تۆت كو-
چىنىڭ دوقمۇشىدىن ئۆتتى. ئۇ يەنە ئازراق

ماڭسىلا ئۆيىگە يېتىپ باراتتى. ئەمما، مۇشۇ
ئەلپازى بىلەن ئۆيىگە بېرىشنى خالىمايتتى، ئۇ،
بىر دەرەخقە يۆلىنىپ خېلى ئۇزاققىچە تۇر-
غاندىن كېيىن، دەلدۈگۈنۈپ كەينىگە ياندى....

ئۇنى تۈن تەڭگىچە كىرىپىك قاقماي
كۈتكەن زەينەپ ئاخىرى ئەسنەپ - ئەسنەپ
ئۇخلاپ قالدى. تۇيغۇن تاڭ ئاتقىچىمۇ قاي-
تىپ كەلمىگەن ئىدى. زەينەپ بىر ئاز ئەنز-
ىشىگە چۈشتى. ئۇ، باللار بىلەن بوۋايغا چاي
راسلاپ بەردى - دە، چالا - بۇلا كىيىنىپلا
ئۆمەر قاسساپنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇيغۇننى
سۈرۈشتۈردى. مەلۇم بولدىكى: ئۇلار تۈن
تەڭگىچە ئولتۇرۇش قىلغان، ھەممىسى تارقى-
غاندىن كېيىن، تۇيغۇنمۇ ئۆيىگە كەتكەن.
زەينەپ ئۇدۇل ئىدارىسىغا كەلدى. چۈنكى،
تۇيغۇنمۇ بۈگۈن ئىشلىشى كېرەك ئىدى. بىرەر
دوستىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان تەقدىردىمۇ
ئىشقا ئۈلگۈرۈپ كېلەر، دەپ ئويلايتتى زەي-
نەپ، لېكىن، ئىشچىلار ئىشقا چۈشۈپ بىرەر
سائەتكىچە تۇيغۇن يېتىپ كەلمىدى. زەي-
نەپنىڭ قولى ئىشقا بارمايتتى. ئارىلىقتا ئۇن
زاۋۇدىنىڭ ئەگلىگىدىنمۇ چاتاق چىقتى. شۇ
ھامان تۇيغۇن تېخىمۇ سۈرۈشتە قىلىنىشقا
باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن زاۋۇت بىراقلا
ئىشتىن توختىدى. سالاھىدىن چاڭجاڭمۇ
چىرايى تاتارغان ھالدا ئىككى قېتىم كېلىپ
زەينەپتىن تۇيغۇننى سۈرۈشتۈردى. زەينەپ
تېخىمۇ خەۋپسىرىمەكتە ئىدى. چاڭجاڭ ئەھ-
ۋالنى كۆردى، بۇنى بىر دەستەك قىلىۋال-
دىغان بولدى - دە!

تۇيغۇن چۈشكىچىمۇ پەيدا بولمىدى.
شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئامانلىق ساقلاش
ئورۇنلىرىغا، ئەتراپتىكى گۇڭشې، داددۈيلەر-
گىمۇ ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ خەۋەر
بېرىلدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا بوۋاي ئۇنى سورد -

غان ئىدى، زەينەپ ئەھۋالنى يوشۇردى.

زەينەپ ئەمدىلا ئىش كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ تۇراتتى، ئۇن پونكىتتىن بوشىغان قۇرۇق خالتىلارنى ئېلىپ كەلگەن بىر تىراكتۇر ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، شوپۇر خالتىلارنى چۈشۈرۈۋېلىشنى ئېيتتى. زەينەپ ئىشىكتىن چىقىشىغىلا خەۋەرلىشىش بۆلۈمى تەرەپتىن چاقماقلىق نىلۇندا كاستيۇم - يوپكا كىيگەن سوپۇرەم تولغىنىپ چىقىپ كەلدى.

— ئاللا زەينەپ، تۈنۈگۈن قايسى چاپان بىلەن چىقىپ كەتكەن؟ — زەينەپنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇش خۇيلۇق بىردىنلا تەشۋىشكە ئايلاندى.

— قارا چىبەرقۇت چاپىنىنى كىيۋالغان، — زەينەپ ئارانلا جاۋاپ بەردى.

— ۋىيىيەي، شۇ، شۇ، دەل شۇ....

— بىر خەۋەر بارمۇ؟ — زەينەپ ئەنسىكەن ھالدا سورىدى.

شۇ ئەسنادا، ئىسكىلاتقا ئۇن توشۇۋاتقان ئىشچىلاردىن ئۈچ - تۆت كىشى سوپۇرەمنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، جېنىم زەينەپ،— سوپۇرەم ئالقانلىرى بىلەن يۈرەكلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — تاش ئۆستەڭنىڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئالدىدىكى بوغۇزدا قارا كىيىملىك بىر ئادەم ئۆستەڭدىن لەيلەپ چىقىپ يەنە سۇنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. ھازىر شۇ يەردىن تېلېفون كەلدى.

زەينەپنىڭ يۈرىكى جىغغىدا قىلىپ قالدى - دە، بەدەنلىرى بوشىشىپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ قاراڭغۇلىشىۋاتقان كۆز ئالدىدىن تۈنۈگۈننىڭ سۇدىن سۇزۇۋېلىنىۋاتقان ئۆلۈگى، ھاسىغا تايىنىپ يىغلاۋاتقان بوۋاي، كىشىلەر توپى ئارىسىغا مۆلدۈرلەپ قاراپ دادىسىنى ئىزلەۋاتقان ئىككى بالىنىڭ سىماسى خۇددى كىنو ئېكرانىدەك غىل - پال قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. «ئۇ راست ئۆلۈپ كېتەرمۇ، تۈنۈگۈن... تۈنۈگۈن!...» زەينەپ ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى.

شۇ ئارىدا سالاھىدىن چاڭجاڭمۇ بەشئالتە ئىشچى بىلەن بىللە يېتىپ كەلدى - دە، زەينەپنى ئېلىپ تىراكتۇر بىلەن ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار يېتىپ كەلگەندە نۇرغۇن ئادەملەر ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ زاكۇسى ئالدىغا ئولىشىۋالغان ئىدى. ئىككى ئايال زەينەپنى قولتۇغىدىن يۆلەپ زاكۇ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۈچ - تۆت ئادەم ئۇزۇن بادرىلار بىلەن تاش ئۆستەڭنىڭ زاكۇ ئالدىدىكى قايىغان سۇيىنى مالتىلاۋاتاتتى.

— چىقتى، چىقتى...! — دەپ ۋاقىراشتى چەتتە تۇرغانلار.

راست، بادرىنىڭ ئۇچىغا ئىلىنىپ بىر قارا نەرسە سۇنىڭ ئۈستىگە كۆتىرىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

— قارا چاپانلىق ئىكەن، قول - پۇتلىرى تۈگۈلۈپ قاپتۇ - دە! — ئادەملەر يەنە ۋاقىرىشىپ ئۆستەڭنىڭ قىرىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى.

زەينەپمۇ سۇدىكى ھېلىقى قارا نەرسىنى كۆردى. ئۇ، ئۆزىنى قانچە قىلسىمۇ باسالمايتتى. ئۇ بىردىنلا يۇلۇنۇپ چىقىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆستەڭگە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

ئەتراپتىكىلەر ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇشۇپ زەينەپنى ئارانلا تۇتۇۋالدى. ئەمما، سۇنى مالتىلاۋاتقانلار ھودۇقۇپ كېتىپ بادرىنىڭ ئۇچىدىكى ھېلىقى نەرسە يەنە سۇنىڭ ئاستىغا چۆكۈپ كەتتى.

زەينەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلايتتى. شۇ كۈنى تۈنۈگۈنى بازارغا ئەۋەتكىنىگە ھەمدە شۇ كۈنى كېچىلەپ بولسىمۇ ئۇنى ئىزلىمىگىنىگە ئەپسۇسلىناتتى.

ھېلىقى قارا نەرسە بادرىنىڭ ئۇچىدا

يەنە پەيدا بولۇپ ئاستا - ئاستا سۇ ئۈستىگە كۆتىرىلىشكە باشلىدى.

— چىقتى... چىقتى، ئەنە....

ئادەملەر يەنە ۋاقىراشقا باشلىدى ھەمدە بىر - بىرىنى قىستىشىپ ئالدىغا ئىنتىلەتتى. بۇ چاغدا زەينەپنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ئاۋازىمۇ چىقمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئىككى ئايالنىڭ قولتۇغىدىن يۆلىشى بىلەن ئارانلا ئۆرە تۇراتتى.

ئەپسۇسكى، ئۇلار ئالدىنىپ قالدى. بادىرنىڭ ئۇچىغا ئىلىنىپ چىققىنى ئادەم ئەمەس، بوينىدا بىر غۇلاچ ئاغامچىسى بار بىر قارا موزاي ئىدى. ھېلىقى ئادەملەر بادىرىلار بىلەن تاش ئۆستەڭنى يەنە بىر ھازا ماتىلاشتى، لېكىن ھېچنەرسە چىقمىدى.

ئۇلار بىر سائەتتىن كېيىن قايتىشتى. تىراكتور ئوت ئېلىپ، ئەمدىلا مېڭىشىغا كوزۇپنىڭ سىلكىنىشى بىلەن بېشى قاتتىق ئاغرىۋاتقان زەينەپ كەينى - كەينىدىن قەي قىلدى. ئۇ ماغدۇرىدىن تامامەن كەتكەن ئىدى. سالاھىدىن چاڭجاڭ دەرھال كوزۇپتىكى دۆۋىلەڭلىك قۇرۇق خالتىلارنى تۈزەپ ئورۇن راسلىدى - دە، زەينەپنى ئاۋايلاپ ياتقۇزدى.

شۇ ھامان تاسادىپىي بىر ئىش يۈز بەردى: زەينەپنىڭ ئاستىدىكى خالتىلار مىدىرلاپ كۆتىرىلدى - دە، ئۇنى بىر ياققا ئىتتىرىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىنلا خالتىلارنىڭ ئاستىدىن ئۈستى - بېشى ئاپپاق ئۇن بولۇپ كەتكەن بىر ئادەم ئۆمىلەپ قوپۇۋىدى، كوزۇپتىكى ئاياللار «قىر» رىدە ۋاقىراپ، ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلىۋەتكىلى تاس قالدى.

— ۋاي - ۋۇي، تۇيغۇنغۇ بۇ؟ — دىدى بىر ئىشچى ۋاقىراپ.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراشتى.

بۇ راستىلا تۇيغۇن ئىدى.

— ئۈستۈڭگە نىمە دەپ خالتا تاشلايسىلەر؟ — دىدى ئۇ ئالدىدا تۇرغان سالاھىدىن چاڭجاڭغا ھومىيىپ.

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈۋەتتى. زەينەپ بولسا بىر تەرەپتىن خۇش بولاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن تىرىكەتتى....

بىردەمدىلا ھەممە ئىش ئايان بولدى: تۇيغۇن يېرىم كېچىدە كەينىگە يېنىپ ئۇزۇن ماڭمايلا بىر تىراكتورنىڭ يېنىغا بارغان. ئۇ ھېلىقى ساقچىنىڭ يەنە كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كوزۇپنىڭ ئۈستىگە چىققان - دە، ئۆزىنى تاشلاپلا ئۇخلاپ قالغان. ئەتىسى چۈشكە يېقىن شوپۇر تىراكتورنى ھەيدەپ ئۇن پونكىتىنىڭ ئالدىغا كەلگەن. ئۇن پونكىتىنىڭ ئىككى ئىشچىسى بوشىغان خالتىلارنى ئېلىپ چىقىپ، يەردە تۇرۇپلا كوزۇپقا ئاتقان. تۇيغۇن ئۇيقۇسىز ھەم قاتتىق مەس بولغاچقا ھېچنىمىنى تۇيماي خالتىلارغا كۆمۈلۈپ قالغان. پەقەت ماغدۇرىدىن كەتكەن زەينەپ خالتىلارنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇلغاندىلا ئۇ، ئۈستىدىكى ئېغىر نەرسىدىن تۇنجۇقۇپ ئويغىنىپ كەتكەن.

زەينەپ بىر نەچچە كۈنگىچە تۇيغۇننى ئەيىپلەپ چىقتى. لېكىن تۇيغۇن يەنىلا «دەردى» نى ئېيتىپ، ئۆزىنى ئاقلايتتى. زەينەپ تولا ئويلاپ ئاخىرى بىر ئەقىل تاپتى - دە، بوۋاي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئىشنى يېڭى بىر ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى.

ئازنا كۈنى ئىدى، بوۋاي بازاردىن گۆش، سەۋزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. زەينەپ ئىشتىن چۈشۈپلا تۇيغۇننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇنى ئۆيگە بىللە ئېلىپ قايتتى - دە، دەرھال پولو ئېتىشكە تۇتۇندى. ئۇ بۈگۈن تۇيغۇننىمۇ، بوۋايىنىمۇ، بالىلارنىمۇ كۈندىكىدىن

ئالاھىدە قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆزىمۇ ناھايىتى خۇش خۇي ئىدى. بوۋايمۇ باراڭ ئاستىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئىككى نەۋرىسىنى ئىككى يېقىنغا ئېلىپ ئەركىلىتەتتى. ئۇ پات-پات تۈيغۇندىنمۇ ئۇنى-بۇنى سوراپ قوياتتى.

تۇساتتىنلا ھويلىنىڭ ئىشىكى تاراقشىدى-دە، ئوتتۇرا بويلۇق، سېمىز، قارامتۇل بىر كىشى كىرىپ كەلدى. بۇ سالاھىدىن چاڭجاڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا قارا شىپىلىڭ دۇخاۋدىن كەڭ كۆينەك كىيگەن سوپۇرەم ئىگىناقشىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ مەغرۇر ھەم خۇش خۇي ئىدى.

— ۋاي كېلىشسىلە! — زەينەپ قوللىرىنى پەرتۇغىغا سۈرتۈپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. بوۋايمۇ ناھايىتى خۇش خۇي ئىدى. ئۇ سالاھىدىن چاڭجاڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى-دە، ئۆيگە باشلىدى. چاڭجاڭ كۈلۈمسىرەپ كېلىپ تۈيغۇنغا قول ئۇزاتتى. تۈيغۇن بولسا، سوغلا كۆرۈشتى ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىپ ھويلىدا قېپ قالدى.

— ئۆيگە كىرىڭا، تۈيغۇن! — دەپ يالۋۇردى زەينەپ.

— كىرمەيمەن.

— جېنىم تۈيغۇن، ئۇنداق قىلماڭ دەيمەن.

— چىرايىغا قارىغۇم كەلمەيدۇ، ئۇ كۆيدۈرگىنىڭ.

— بۈگۈن مېھمان ئەمەسمۇ بىزگە، مەن خۇش بوپ كېتەي، مۇشۇ ئىشنىڭ بانىسىدا ئۇ كىشى بىلەن ئەپلىشىپ قېلىڭ، — زەينەپ ئۇنى دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى.

تۈيغۇن ئۆيگە كىردى-دە، ئۈستەلنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كېلىپ ئولتۇردى. بوۋاي بىلەن سالاھىدىن چاڭجاڭ ئۈستەلنىڭ تۆر تەرىپىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. سوپۇرەم ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ گازىر چېقىۋاتاتتى. ئۇ بىر سىقىم گازىرنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ قويۇپ، بارماقلىرى بىلەن چىمدىپ ئالاتتى-دە، ئاغزىنىڭ ئوڭ بۇرجىكىگە ئاپىرىپ (ئۇ ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ئۇدۇل چىشلىرىنى ئايايتتى) ئەپچىللىك بىلەن كىرسىلدىتىپ چاقاتتى. ئۇ گويا باغچىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئەتراپىنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك پۈتۈن ئۆي جابدۇقلىرىغا مەڭسىتمەسلىك بىلەن نەزەر تاشلايتتى.

چايدىن كېيىن ئاش تارتىلدى. شۇ چاققىچە تۈيغۇننىڭ چىرايى ئېچىلمىدى، زەينەپ بۇنىڭدىن بەكمۇ بىئارام ئىدى. ئۇ تاماقتىن كېيىنلا بوۋايغا مەنىلىك قاراپ بىر نىمىنى ئىشارە قىلدى.

سالاھىدىن چاڭجاڭ بىر چەتتە ئېڭىكىنى سىلىغىنىچە يەرگە تىكىلىپ ئولتۇرغان تۈيغۇنغا قاراپ سۆز باشلىدى:

— ئۇكام تۈيغۇن، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بۇنچە مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. تۈنۈگۈن زەينەپتىن ھەممە ئەھۋالنى ئۇقتۇم، — ئۇ «ئۇھ» تارتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — راست، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا سېنىڭ كىچىككىنە گەپلىرىڭنىمۇ ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچىلىك دەپ يۇقۇرىغا دوكلات يازغان ئىدىم. سەن يېزىدىغا ھەيدەلگەندىن كېيىنلا خاتا قىلغىنىمنى بىلدىم، ئامال بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بەش يىل يېزىدا يۈرۈپ كەتتىڭ.

سوپۇرەم كالتا يۆتىلىپ سالاھىدىن چاڭجاڭغا ھومىيىپ قويدى. ئەمما سالاھىدىن سۆزىنى داۋام قىلىۋەردى.

— سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي ئۇكام، مېنى كەچۈرسەڭ....

ئارىدا يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم

سۆردى. زەينەپ بولسا تويۇنۇنغا تەلمۈرۈپ قاراپ «گەپ قىل» دىگەن ئىشارىنى قىلاتتى.

— گەپ قىل، بالام، — دىدى بوۋاي تەمكىن هالدا، — سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە هەممە ئادەم تۇققان چىقىدۇ. سەت ئەمەسمۇ بىر بىردىمىزگە تەتۈر قاراپ يۈرسەك. كونىلاردا بىرسىگە بىر تال دەرەخنى ئايلانغۇدەك ۋاققىچە ئاداۋەت تۇتساڭمۇ يامان بولىدۇ، دەيدۇ.

تويغۇن يەنىلا يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— كەچۈرمەيمەن! — دىدى ئۇ بىردىنلا غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ، — سىز ئەپۇ سوراش بىلەن ناهەق ئازاپ ئىچىدە ئۆتكەن ئۆمرۈمىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيسىز!

باياتىن چوڭ سۈپەت ئولتۇرغان سوپۇرەمنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، سالاهىدىننىڭ قولىدىن تارتىپ ۋاقىردى:

— سىزچۇ، بىر زاۋۇتنىڭ چاڭجاڭى، كىم قويۇپتۇ سىزگە بۇ خەقلەرنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەپۇ سوراشنى. ئۇ چاغدىچۇ پارتىيىنىڭ سىياسىتى شۇنداق. رەهبەر بولغان ئادەم يۇقۇرىدىن قانداق هۆججەت كەلسە شۇنى ئىجرا قىلىدۇ، قانچىلىك نىمىدى ئۇ سىزنى كەچۈرمەيدىغان؟ يۈرۈڭ، چىقىپ ئۆيىقىمىزنى ئۇخلايمىز!

ئۇ، يولدىشىنىڭ بىلىگىدىن سۆرىگەن پېتى سىرتقا قاراپ ماڭدى. چاڭجاڭمۇ كەينىگە تارتىنىپ - تارتىنىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۆينى جىمجىتلىق باستى. زەينەپنىڭ بايىقى خۇشاللىقلىرىمۇ يوقىلىپ، ئىشىككە يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى، پەقەت بىر ئازدىن كېيىنلا بوۋاي غۇدۇراپ قويدى.

ئارىدىن چارەك سائەت ئۆتكەندە سالاهىدىن چاڭجاڭ يەنە كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇراپ كىرىۋاتاتتى.



AltunOq

— بەغەرەز خوتۇن شۇنداق قىلىدۇ، ئۆزىنى سورىمايدۇ، قاتتىقراق گەپ قىلسا جېدەل چىقىرىدۇ....

ئۇ بۇرۇنقى ئورۇندۇغىغا كېلىپ ئولتۇردى. تۇيغۇن كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ يەنە يەرگە قارىۋالدى. ئۇ ئەمدى بايىقى ئىشلىرىغا بىر ئاز ئۆكۈنگەن ئىدى. سالاھىدىن ياشتىمۇ ئۇنىڭدىن چوڭ ئىدى. تۇيغۇن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتتە قېپ قالغىنىدا ئۇنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ، تېخنىك قىلىپ تەربىيىلىگەنمۇ سالاھىدىن. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەخسى زىددىيەتمۇ يوق ئىدى، ئۇ پەقەت ئاكتىپ بولمىغان دەپلا شۇنداق قىلدى.... كېيىن ئۆزىمۇ تارتىپ چىقىرىلىپ ساڭلارنى، ئاشلىق سۇپىلىرىنى، كوچىلارنى سۈپۈرۈپ يۈردى....

بوۋاي تېخىچە قوللىرى بىلەن شىرەنى سىيپاپ ئولتۇراتتى. «گەدەنكەش بالا بولدى بۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، — كونا خامانىنى سورىسا ئەسكى سامان بىلەن توپا چىقىدۇ. تونۇگۈنكى ئىش كەتتى. ئەپكىلە، ئاداش قولۇڭنى، دېسە بولمامدۇ؟»

تېخىچە ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا تايىنىپ غەمكىن ھالدا تۇرغان زەينەپ بۇ ئىشلارنىڭ سەۋدۇنى باشقا يەردىن ئىزلەيتتى؟ ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئارىسىدىكى بۇ ئارازلىق ئاللىقاچان ئېغىز ئېلىپ يۇتۇپ كەتكەن جاراھەت ئىدى. پەقەت مۇشۇ سۈپۈرەم كوت-كوتلا ئۇنى تاتىلاپ يەنە ئېچىشتۇرىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ گەپ تارقىتىدۇ.

ئارىسىدىكى بۇ جىملىقنى سالاھىدىن چاڭجاڭ بۇزدى. ئۇ كالتە يۆتىلىپ قويدى-دە، شىرەگە قاراپ ئولتۇرۇپ سۆزلىدى:

— تۇيغۇن ئۇكام، ئۆزەڭنىمۇ بىر دەڭسەپ باقە! ئەدناسى، خىزمىتىڭ ئەسلىگە كەلگەندىن بېرى ھاراق ئىچىپلا يۈرۈسەن، ھەر كۈنى ئىشقا كېيىن كېلىسەن، بالدۇر كېتىسەن، ھاراقنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەنلىگىڭ تۈپەيلى نەچچە قېتىم زاۋۇتتىن چاتاق چىقتى، شۇلارنى ئويلاپ باقمامسەن؟

تۇيغۇنمۇ كۆڭلىدە سالاھىدىننىڭ سۆزىگە بىرمۇ-بىر جاۋاپ بېرىۋاتاتتى: «قارا، يەنىلا ماڭا ئارتىۋاتقىنىنى! ھاراقنى ئۆز پۇلۇمغا ئىچتىم. ئىشقا بارمىغان بولسام مۇئاشىمنى تۇتىۋالساڭ بولىدىغۇ، بۇنىڭ سەۋەپچىسىمۇ سەن... زاۋۇتتىن چاتاق چىقاردى دېگىنىنى قارا! سەنمۇ ھەپتىدە نەچچە قېتىم ئۇ يېرىم ئاغرىدى، بۇ يېرىم ئاغرىدى، دەپ دوختۇرغا يۈگۈرەيسەن، يىگىرمە تۆت سائەت توختىماي گۈلدۈرلىگەن زاۋۇت بىردەم بۇزۇلۇپ قالسا نىمە بوپتۇ؟ سېنىڭ كۆڭلۈڭدە ھەقىقەتەن قارا نىيەت بار ئىكەن، ۋاقتانى ۋاق كېلىپ بىرەر ھەركەت بولۇپ قالسا، زاۋۇتنى نەچچە قېتىم قەستەن بۇزۇپ قويغان، دەپ يەنە قالپاق كىيدۈرۈشتىنمۇ يانمىغۇدەكسەن؟...»

ئۇنىڭ چىرايى بارا-بارا قارىداپ ئېسىلىپ كەتتى. ئۇ، غەزەپكە كەلگەن ئىدى. زەينەپ ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، گويا ئېتىلىۋاتقان يولۋاسنى بېسىۋالغاندەك مۈرىسىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالدى. بۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن سىگنال ئىدى.

ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى سالاھىدىن چاڭجاڭمۇ سەزگەن ئىدى. ئۇ بوۋاي بىلەن ئاددىيلا خوشلاشتى-دە، چىقىپ كەتتى.

ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا تۇيغۇن زەينەپ بىلەن: «مېنىڭ رەقىبىمگە خۇشامەت قىلدىڭ» دەپ تاۋلاشتى. بوۋايمۇ بۇ جېدەلگە ئارىلاشتى. ئۇ تۇيغۇنغا يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ: «گەدەنكەش، ھاراقكەش» دەپ تىللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدە چوڭ بىر كۆڭۈلسىزلىك باشلاندى. بوۋاي تۇيغۇنغا

تەتۈر قاراپ يۈردى. تۆيغۇنمۇ بوۋاي بىلەن زەيىنەپكە ماي تارتىپ يۈرەتتى. بالىلارمۇ يېتىمسىرەپ ئۆيلەردە ئەركىن يۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

تۆيغۇنغا ئۆيىمۇ، ئىدارىمۇ سوغ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ هاراق ئىچكۈسى، هاراق بىلەنلا ئىچ پۇشۇغىنى چىقارغۇسى كېلەتتى. ئەپسۇسكى، ئىقتىسات ئۇنىڭغا يار بەرمەيدۇ-دە! مۇشۇ كۈنلەردە زەيىنەپ پۇلنى يۇڭلاپ خەجلەپ، ئاينى-ئايغا ئاران ئۇلاۋاتسا....

تۆيغۇن شەنبە كۈنى كەچتە بىرنەچچە دوستىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىرسىنىڭكىدىن ئازراق هاراق تېپىپ ئىچتى-دە، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ قايتىپ كەلدى ۋە ئەتىسى چۈش بىلەن ئاران ئورنىدىن قوپتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى بوشىشىپ كەتكەن، كۆڭلىمۇ تاماق تارتمايۋاتتى. كەچكە يېقىن يەنە بازارغا چىقتى. بۇ كىچىككىنە ناهىيىدە يەكشەنبە بازار چۈشتىن بۇرۇن ناهايىتى قاينايتتى-دە، پېشىن بىلەنلا سەھرادىن كەلگەنلەر ئۆيلىرىگە قايتاتتى. تۆيغۇن بازارنى بىر ئارىلاپ چىقتى. بازاردا ئادەم شالاڭ ئىدى. ئۇ ھەتتا ماگازىنلارنىڭ دوقمۇشلىرىدا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرىدىغان ئاغىنىلىرىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. ئۇ بىرەر بوتكىغا كىرىپ بىر ئاز ئىچىۋالماقچىمۇ بولدى. بىراق، ئۇنىڭ نەزىرىدە، هاراق ئىچىش ئۇچۇنمۇ يېنىدا بىرنەچچە ھەمسۆھبەتداشلىرى بولۇش كېرەك ئىدى. ئۇ ئاچا يولدىكى يىمەكلىكلەر دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە دۇكاندىن ئۆمەر قاسساپ ئېغىناقشىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ خېلىلا كەيىپ ئىدى.

تۆيغۇننىڭ كۆڭلى لىككىدە كۆتىرىلدى. چۈنكى، ئۆمەر بىلەن بىر بوتكىغا كىرسە، بىر-ئىككى سەردىن قېقىۋالسا بىردەم بولسىمۇ قايغۇدىن خالاس بولىدۇ-دە!

تۆيغۇن خوشال هالدا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئۆمەرمۇ تۆيغۇننى كۆردى. ئەمما، ئۇنىڭدا خوشاللىقتىن ئەسەر يوق ئىدى، ئۇلار يولنىڭ چېتىدىلا كۆرۈشتى.

ئۆمەر شۇ هامان گەپ ئاچتى.

— ئۆتكەندە ئالغان ئوتتۇز كوي پۇلنى بەرگىنە، ئاداش، كېرەك بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ.

تۆيغۇننىڭ چىرايى خىجىللىقتىن ۋىللىدە قىزىرىپ، بايىقى خوشاللىقى بىردەمدىلا غايىپ بولدى. ئۇ، مۇرىسىنى قىسىپ قويدى، گەدىنىنى تاتىلىدى، بايىقى قىزارغان چىرايىمۇ بارا-بارا سارغايدى. قەرزدارلىق ئۇنىڭ قەلبىنى ئازاپلىماقتا ئىدى.

— يەنە بەش كۈندىن كېيىن مۇئاش چىقىدۇ، شۇ چاغدا بەرسەم، ئاداش، — دېدى ئۇ قىينالغان هالدا.

— هازىر كېرەك.

— ئاشۇ ئوتتۇز كويغىلا قاراپ قالغىنىڭ يوقتۇ، ئاداش، بىر ھەپتە تۇرۇپ تۇر ئەمەدى، — تۆيغۇن بۇ قېتىم خېلىلا كەسكىن جاۋاپ بەردى.

— پۇلنى پۇل تاپىدۇ، تۆيغۇناخۇن، بەش بالىمىز بار ئادەم بىز، ئۇ ئوتتۇز كويغا ماۋۇ ھەپتە بىر قوي ئېلىپ، كېلەر ھەپتە ئۇنى سويۇپ سېتىپ ئاتمىش كوي قىلىپ خەجلەيمىز، — دېدى ئۆمەر قوللىرىنى شىلتىپ.

— يېنىمدا پۇل بولمىسا.

ئۆمەر بۇ قېتىم ئاغزىنى بۇزدى.

— تولا گەپ قىلماي پۇلنى ئەپكەل، ئاداش. بېرىدىغان باشقا نېمەڭ بارمىدى-يا؟

ئۇيان-بۇياندىن ئادەملەر كېلىشىپ توپلاشتى. ئۆمەر ھەدەپ ئاغزىنى بۇزاتتى. تۆيغۇن بىردە قىزىرىپ، بىردە سارغىياتتى.

— ئاغزىمىزنى چايقاۋىراق گەپ قىلايلى، ئۆمەراخۇن، — دىدى ئۇ نومۇس كۆچىدىن.

— چايقىمىسام قانداق قىلاتتىڭ؟

ئۆمەر ئېتىلىپ كېلىپ تۇيغۇننىڭ ياقىسىنى سىقتى. ئۇنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى. ئىش بارغانسېرى جىددىيلەشتى. ئەمما، ئۇلار تازا بوغۇشۇۋاتقاندا كۆچلۈك بىر قول كېلىپ ئۇلارنى ئىككى ياققا ئاجرىتىۋەتتى. تۇيغۇن بۇنىڭدىن ناھايىتى رازى ئىدى. ئۇ بۇ كەمگىچە نەچچە مەرتە مەسلىكتىن يوللاردا يىقىلىپ قالسىمۇ، بىرەر ئادەم بىلەن ياقىلىشىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۆزىنى بۇ جىدەلدىن ئايرىپ قويغان شەپقەتچىگە قارىدى. ئەمما، ئۇ ئەندىكىپ كەتتى. بۇ شەپقەتچى دەل سالاھىدىن چاڭجاڭ ئىدى. ئۇ جىددى ھالەتتە تۇيغۇنغا ئەيىپلەش نەزىرى بىلەن قاراۋاتاتتى.

ئۆمەر غەزەپ بىلەن تۇيغۇنغا يەنە ئېتىلىپ كەلدى. ئەمما، سالاھىدىن چاڭجاڭ ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— مە، پۇلىڭنى، — چاڭجاڭ يېنىدىن ئوتتۇز يۈەن پۇلنى چىقىرىپ ئۆمەرگە سۇندى.

ئۆمەر بارمىقىغا تۈكۈرۈپ تۇرۇپ پۇلنى ئۈچ قېتىم ساندى-دە، ئىغىناقشىپ كېتىپ قالدى. لېكىن، تۇيغۇن بايىقى جايىدا تېخىچە مىدىرلىماي تۇراتتى.

— سىزمۇ ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئارام ئېلىڭ، تۇيغۇن، — چاڭجاڭ ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئىككىنى شاپىلاغداپ قويدى-دە، زاۋۇت تەرەپكە كېتىپ قالدى.

تۇيغۇن ئىچ-ئىچىدىن ئازابلىناقتا ئىدى: «ھەي ئۆمەر، ئاشۇ سالاھىدىننىڭ ئوتتۇز كوي پۇلنى ئالغىچە يۈرىكىمنى سوغۇرۇپلا ئالساڭ بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى يەرگە ئۇردۇڭغۇ! دوستلۇقنىڭ شۇنچىلىكمىدى سېنىڭ؟» تۇيغۇن ئويلاپ-ئويلاپ ئاخىرى سالاھىدىننىڭ ئوتتۇز كوي پۇلنى ھازىرلا قايتۇرۇۋېتىش قارارىغا كەلدى. ئەمما، پۇلنى نەدىن تېپىش كېرەك؟

كەچكى تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى. بوۋاينىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان تاۋى يوق ئىدى. زەينەپ ئۇنىڭغا يۇمغاقسۇت سېلىپ شوۋگۇرۇچ ئۇسۇپ ئالدىغا قويدى-دە، تۇيغۇننى ئىزلەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ، تۇيغۇننىڭ مەس كېلىشىدىن ياكى ئۆتكەنكىدەك ساراسىگە سېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بوۋاينىڭ بولسا زەينەپكە ئىچى ئاغرىيتتى: ئەر كىشىنىڭ ئۆيدە ئەرلىك روھى بولۇش كېرەك-تە! بىچارە زەينەپ، بۇ ئۆيدە ھەم ئايال، ھەم ئەر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ....

بوۋاي شوۋگۇرۇچنى ئەمدىلا ئوتلاپ تۇراتتى، ئېشەكنى ئالغىلى كەتكەن نەبىجان قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى-دە، بوۋايغا باغلىغان يەردە يوقلىغىنى، ھەممە يەردىن ئىزلەپ تاپالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئادەتتە بۇنداق ئەھۋال كەمدىن-كەم يۈز بېرەتتى. ئېشەكنىڭ قوزۇغى بوش قېقىلىپ قالغان ياكى باشقا بىر ئېشەك كېلىپ ئۇنى قوغلاپ كەتكەن. ئەگەر يىراققا كېتىپ قالسا نوختا ئاغامچىسى يۇتۇلىدۇ، بىرەر كىشىنىڭ ئېتىزىغا كىرىپ قالسا جېرىمانە تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ.

بوۋاي تامىقىنى ئالدىراپ ئىچتى-دە، ھاسىسىغا تايىنىپ ئۆستەڭ بويىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

زەينەپ بازارنى بىر ئارىلاپ تۇيغۇننى ئۇچرىتالمىدى-دە، چىراق يانغاندا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ كىرىپ كېلىشى بىلەنلا باللار ئۇنىڭغا ئېشەكنىڭ يوقىلىپ كېتىپ، بوۋىسىنىڭ ئۇنى ئىزلەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئاۋارىچىلىق ئۈستىگە يەنە ئاۋارىچىلىق قوشۇلغان ئىدى. كېسەلچان بوۋاي بۇ قاراڭغۇ كېچىدە بىرەر يەردە يىقىلىپ چۈشسە قانداق بولىدۇ؟ ئېشەك تېپىلماي قالسا ئائىلە ئۈچۈن يەنە بىر چوڭ زىيان.

زەينەپ ئۆيدىن چىقىشى بىلەن دەرۋازىدىن ئېشەكنى يېتىلەپ كىرىپ كېلىۋاتقان سالاھىدىن چاكچاك بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. چاكچاك خاپا كۆرۈنەتتى. ئۇ، ئېشەكنى زەينەپكە تۇتقۇزۇپ قويدى- دە، رەنجىگەن ھالدا سۆزلەپ كەتتى:

— ئوتتۇز كوي پۇل دېگەننى كېيىن بەرسە نېمە بوپتۇ؟ شۇنى دەپ ئېشەك ساتقانىدۇ بارمۇ؟ تۇيغۇننى- زە....

ئۇ، زەينەپكە باياتىن بولۇپ كەتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى:

تۇيغۇن بازاردىن غەمكىن كېلىۋېتىپ، سوپۇرەمنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېشەك توشۇپ بىدىكچىلىك قىلىۋاتقان ئىنىسى ئەنۋەر بايۋەچچە بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئۇ يۇقارقى مەھەللىدىن بەش- ئالتە ئېشەكنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئىكەن. تۇيغۇن ئۇنىڭ بىلەن شۇ يەردىلا پۈتۈشۈپ، بوۋاينىڭ ئۆستەڭ بويىدا باغلاقتا تۇرغان ئېشىكىنى ئەللىك كويغا سېتىۋەتكەن، ئۇ، ئوتتۇز كوي پۇلنى شۇ يەردىلا ئەنۋەر بايۋەچچىگە تۇتقۇزۇپ، سالاھىدىن چاكچاكقا بېرىپ قويۇشنى ئېيتقان- دە، بازار تەرەپكە كەتكەن....

شۇ ئارىدا ئەتىرگۇللۇك كەشمىر ياغلىقنى مۇرىسىگە چۈشۈرۈۋالغان سوپۇرەم بوراندەك چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن قارا كەپكىسىنى ئوڭ قۇلىقى تەرەپكە باستۇرۇپ كىيىۋالغان ئىگىز بويلۇق ئەنۋەر بايۋەچچىمۇ غىتىلداپ كەلمەكتە ئىدى.

— ئەپكىلىڭ، ئېشەكنى! — سوپۇرەم يىراقتىنلا قولىرىنى شىلتىپ چاكچاكقا ۋاقىرىدى، — تۇيغۇن ساتسا سىزنىڭ نېمە چاتىقىڭىز؟ ئەنۋەرجانچۇ مۇشۇنىداق ئېشەك ئېلىپ، ئېشەك سېتىپ جان باقىدۇ. گېپى بولسا تۇيغۇن كەلسۇن!

— سوپۇرەم سىز بۇ ئىشقا ئارىلاشماڭ ... — چاكچاك شۇنداق دىدى- دە، ئېشەكنى قوتان تەرەپكە ھەيدىۋەتتى.

— نېمىشقا ئارىلاشمايدىكەنمەن؟ — دىدى سوپۇرەم ۋاقىراپ تۇرۇپ.

— سىزنىڭ ئىشىڭىز ئەمەس.

— بۇچۇ مېنىڭمۇ، سىلىنىڭمۇ ئىشلىرى ئەمەس، ئەنۋەرجاننىڭ ئىشى.

— مەن بىلەن چېتىشلىقى بار بۇ ئىشنىڭ، شۇڭا ئەنۋەرنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بولغان مەن.

سوپۇرەم لەپپىدە ئەنۋەر بايۋەچچىگە قارىدى. بايۋەچچە سول چېكىسىدىكى كەپكە ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان چاچلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن سىلىغىنىچە يەرگە قاراپ تۇراتتى.

سوپۇرەم چاكچاكقا بىر ھومىيىپ قويدى- دە، غۇدۇڭشىغىنىچە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئەنۋەر بايۋەچچىمۇ، چاكچاكمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى.

زەينەپ بوۋاينى ئىزلەپ ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. بۇ تازا ئاي قاراڭغۇسى بولۇپ، ئۈچ- تۆت قەدەم نېرىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. زەينەپ ئۇياق- بۇياقتا يۈگۈرەيتتى. تۇرۇپ- تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا قۇلاق سالاتتى. ئەمما ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. زەينەپ بوۋاينى قاراڭغۇدا مۇشۇ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتىمىكىن، دەپ ئىچ- ئىچىدىن ئازابلىناتتى. ئاخىر ئۆستەڭ بويىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى- دە، ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى.



شۇ ئارىدا تاش ئۆستەڭنىڭ ئاياق تە-
رىپىدىن يۆتەلگەن، ھاسىرىغان ئاۋازلار ئاڭ-
لاندى - دە، بىردەمدىن كېيىن قاراڭغۇلۇق
ئىچىدىن ھاسىسىنى تىركۈلدىتىپ بوۋاي چىقىپ
كەلدى....

دەل شۇ چاغدا، مۇشۇ ئۆستەڭنىڭ
ئىككى - ئۈچيۈز قەدەم يۇقۇرىسىدا تۇيغۇن
ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشماقتا
ئىدى. ئۇ بابا ئەنۋەر بايۋەچچىدىن ئايرىلىپ
بىر كىچىك بوتكىغا كىردى - دە، ئۈچ سەر
ھاراقنى بوتكىغا يۆلىنىپ تۇرۇپلا ئىچى-
ۋەتتى. بۈگۈن ھاراقمۇ ئۇنىڭغا تېتىمايتتى
ھەم خۇمارىنىمۇ باسالمايتتى. ئۇ، ئارقىدىن
يەنە ئىككى سەر ھاراقنى قېقىۋەتتى - دە،
دەلدۈگىنىپ مۇشۇ ئۆستەڭ بويىغا يېنىپ
كەلدى.

بۈگۈن ئۇنىڭغا ئۆمەر ئەلەم قىلغان
ئىدى. ئەگەر ياتيۈز يەردە بولغان بولسىمۇ
ئۇ كەچۈرۈۋەتكەن بولار ئىدى. ئەكسىچە،
ئۇ تۇيغۇننىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى سالاھىدىننىڭ
دېپىغا ئۇسۇل ئوينىدى. تۇيغۇننىڭ نەزىرىدە،
سالاھىدىننىڭ ئوتتۇز كوي پۇل بىلەن مەرت-
لىك قىلىشى ياردەم ئەمەس، كەمسىتىش
ئىدى. ئۇنىڭ ھالىڭ شۇمىدى، دىگەنىدەك
مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويۇشىچۇ، تېخى! ئۇ، زەي-
نەپنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى: تۇيغۇن ئۇنى
بەختلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇ
تۇيغۇننىڭ قولىدىن كەلمىدى. تېخى، زەينەپ
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاپ چېكىۋاتىدۇ. بوۋايچۇ؟
ئۇنىڭ نەزىرىدە، تۇيغۇن بىر ھاراقكەش،
ئۆتكەن قېتىم ھىلىقى قاراباش قوزىنى سويۇ-
ۋەتكەندە، ئۇ بىر نەچچە كۈن تۇيغۇنغا بۇتناپ
يۈردى. تۇيغۇن بۈگۈن يەنە ئۇنىڭ ئېشى-
كىنى سىيىۋەتكەن تۇرسا... بالىلارمۇ ئۇنىڭ
ئۆيگە مەس كىرگىنىنى كۆرسە خۇددى يىرت-
قۇچلاردىن قاچقاندەك قاچىدۇ ياكى ئۆزلىرىنى
دالدىغا ئالىدۇ.

ئۇ، بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئىشنى بىر
بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما، ئۇ
ئۆيىدىكىلەرگە يۈز كېلەلمەيتتى. سالاھىدىننى
بولسا ئەبىدى كەچۈرەلمەيتتى... ئۇ ئۆزىنى
بۇ خىيال دۇنياسىدىن ئېلىپ قاچماقچى بو-
لۇپ ئۆستەڭگە قارىۋالدى. تاش ئۆستەڭدىكى
سۇ ئىككى قاشقا چايقىلىپ ئىلاندەك تولغى-
نىپ ئاقماقتا ئىدى. تۇيغۇننىڭ نەزىرىدە، ئۇنىڭ
ھاياتى ئاشۇ سۇچىلىكمۇ راۋان ئاقالمىغان ئىدى.
ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ- ئۈمىتلىرى يەكسان بولدى.

تۇيغۇن مۇشتۇمىنى زەرپ بىلەن يەر-
گە ئۇرۇپ ۋاقىرىۋەتتى:

— ئەمدى ياشاپ نىمە قىلىمەن؟!

AltunOq

ئۇ ئۆستەڭنىڭ لېۋىگە بېرىپ بولۇپ يەنە كەينىگە داجىدى. گويا زەيىنەپ بىلەن ئىككى بالا ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالغاندەك بىر يەرلىرى كەينىگە تارتىشاتتى. دەل شۇ چاغدا ئاياق تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ ھۆكۈرەپ يىغلاۋاتقان ھەم كىمنىدۇ چاقىرىۋاتقان بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇيغۇن بىردەم دىققەت قىلدى. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ «تۇيغۇن!» دىگەن بوغۇق ئاۋازى ئوچۇق ئاڭلاندى. تۇيغۇننىڭ يۈرەكلىرى جىغىلداپ كەتتى. ئۇ تونۇدى، بۇ زەينەپ ئىدى....

قانداق قىلىش كېرەك؟ تۇيغۇن ئاردىسالدى بولۇپ تۇرغاندا ئۆستەڭ بويىدا ۋاللىدە قول چىراق يورۇپ، يېنىك بىر ئاياق تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى-دە، بىر كىشى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى. بۇ بەلكىم ھېلى ئۇنى تۇۋلاۋاتقان زەينەپتۇ. ئۇ نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن تۇيغۇننى ئېيىپلايدۇ. ئۇ ھەقلىق! ئەمما تۇيغۇن ئاستا كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا سالاھىدىن چاڭجاڭ غەمكىن ھالدا قاراپ تۇراتتى.

«ئۆزىنى مېھرىۋان كۆرسىتىپ، مەككارلىق قىلىۋاتقىنىنى قارا، — دەپ ئويلىدى تۇيغۇن ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قاراپ، — نىمىگە كەلگىنىڭنى بىلىمەن. بايا كېچىككىنە ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ، قاماقتا يەمچۈك ئېلىپ بېلىق تۇتقاندەك نىمە ئىش قىلىۋاتىدىغىنىڭنى، دەپ كەينىمدىن ماراپ يۈرۈسەن. سەن مېنىڭ ئاياق-ئاستى بولۇپ يۈرۈشۈمنى، پات-پات ئالدىڭغا بېرىپ شەپقەت تىلىشىمنى كۈتىسەن. خام خىيال قىلما، ئۆلسەممۇ سەندىن شەپقەت تىلىمەيمەن. مانا، ئالدىڭدا ئۆزەمنى مەرتلىك بىلەن ئۆلۈمگە ئاتىمەن. سەنمۇ مېنى بۇ ئۆلۈمدىن ھەرگىز توسىۋالالمايسەن...»

تۇيغۇن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. سالاھىدىن چاڭجاڭمۇ قولىنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا كۆتىرىپ يەنە ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى. تۇيغۇن ئۇنىڭ قولىنى مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتى-دە، غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ھومايدى. ئۇلار بىر پەس شۇنداق بىر-بىرىگە تىكىلىپ قاراشتى. چاڭجاڭنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، چىرايى قارىداپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، خۇددى تۇيغۇندىن بىرەر نەرسە سورايدىغاندەك غەمكىن ھالەتتە تىكىلىپ قارايتتى. تۇيغۇن ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىنمۇ يىرگىنىشكە باشلىدى:

«ياق ... ياق، — دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە، — مەن رەقىبىمگە ئۆزلىگىمدىن ئۆلۈپ بەرمەيمەن. سېنى كۆلدۈرۈپ، باللىرىمنى يىغلاتمايمەن، — ماڭا زىيانكەشلىك قىلغانلاردىن ئىنتىقام ئالماي قويمايمەن...»

تۇيغۇن شىردەك ئېتىلىپ كەلدى، چاڭجاڭنىڭ بۇرنىغا مۇش بىلەن ئۇردى. چاڭجاڭ دۈگجۈپ كەتتى-يۇ، يەنە تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. بۇ چاغدا تۇيغۇن ئۇنىڭ كانىيىدىن سىقىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى، چاڭجاڭ ئۇنىڭ قولىنى بوشىتىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇلار بىر ھازا ئالدى-كەينىگە ئىتتىرىشىپ، بىردىنلا تاش ئۆستەڭنىڭ يان تەرىپىدىكى چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كەتتى.

«گۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا تۇيغۇن قاتتىق سىلكىنىپ ئەندىكىپ كەتتى... چاڭجاڭ ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئىدى. تۇيغۇن بۇ ھالدىن ئەندىكىپ كەتتى. «ئەمدى رەقىبىمنىڭ قولىدا ئۆلىدىغان بولدۇم» دىگەن خىيال كاللىسىدىن «ۋال» قىلىپ ئۆتتى. ئۇ چاڭجاڭنى ئىرغىتىپ تاشلىماقچى بولدى-يۇ، ئەمما ئوڭ قولىنى مىدىرلىتالمىدى... چاڭجاڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ، يانىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

(داۋامى 48 - بەتتە)

# «پېخسىق»

(ھېكايە)

مەھەممەت شانىياز

تاماكىنى تاشلىغىنىمغا ئۈچ ئاي بولغى-
نىغا قارىماي، بۇ شەھەرگە يېتىپ كېلىپلا
كېكىرتىكىم قىمىلداپ تاماكا خۇمار قىلىشقا
باشلىدى. بېكەتتىن چىقتىم-دە، تاماكىنىڭ
خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن ئازراق كەمپىت
ئېلىپ شوراش مەقسىتىدە ماگىزىن ئىزلەپ
ماڭدىم. يەتتە يىل بۇرۇن كەلگىنىمدە يوللار-
دىن توپا-چاڭ توزۇپ تۇراتتى. مانا ئەمدى
كوچىلار ئاسفالت بولۇپ كېتىپتۇ. كوچىنىڭ ئىك-
كى قاسنىقىدىكى پاكار، كونا ئۆيلەرنىڭ ئور-
نىغا قەۋەتلىك يېڭى بىنالار سېلىنىپتۇ. تۆت
كوچىنىڭ سول قول تەرەپ دوقمۇشىغا سې-
لىنغان تۆرلۈك ماللار دۇكىنى مېنىڭ دىققى-
تىمنى تارتتى. مەن بۇ چوڭ دۇكانغا كىر-
دىم، دۇكاننىڭ يېمەك ماللار بۆلۈمى ھەر
خىل يېمەكلىك، قەن-گېزەك، كەمپىتلەر
بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. مەن ئازراق
كەمپىت ئېلىپ گەزمال بۆلۈمى ئارقىلىق دۇ-
كاندىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىشىمغا
گەزمال پۇكەيى تەرەپتىن قۇلىقىمغا تونۇش-
تەكلا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— قارا، سوكنۇدىن ئىككى يېرىم مېتىر
بېرىڭا، سىڭىل! مەن قەدىمىمنى توختاتتىم-
دە، كەينىمگە بۇرۇلۇپ خىلمۇ-خىل سارجا،
سوكنۇ سېتىلىدىغان پۇكەي ئالدىدا تۇرغان
خېرىدارلارغا قارىدىم. پاكىزە كىيىنگەن خۇش
پىچىم ياش پېرىكازچىك ئايال مۇلايىملىق
بىلەن:

— ماۋۇ ئون بىر كوي بەش موللىقتىن-
مۇ ياكى ئاۋۇ يىگىرمە بەش كويلۇقتىنمۇ؟ —
دەپ سورىدى خېرىداردىن.

— ئاشۇ كېيىنكىسىدىن، — دېدى ھىلىقى
خېرىدار غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن.
جىگەررەڭ دىلۇندىن يېڭى چاپان ۋە شىم
كىيگەن كەڭ يەلكىلىك، ئوتتۇرا بويلۇق
بۇ ئادەمنىڭ بېشى پاكىزە قىرىپ چۈشۈرۈل-
گەن بولۇپ، گۈل كەشتىلىرى قىزىل گۈلدەك
جۇلالىنىپ تۇرغان دوپپا كىيگەن ئىدى،

ئۇنىڭ ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى كىشى ئىكەنلىگىنى جەزىم قىلىشقا بولاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بېشىغا سېرىق زەر ھەلىلىك گاز ياغلىق چىككەن، ئۇچىسىدىكى قىزغۇچ دىلۇن پىلاتى ۋە يوپكىسى مىققىتە بەستىگە ياراشقان، ئىككى تال ئۆرۈم چېچى ساغرىسىغا چۈشكەن ياش ئايال يولدىشى بولسا كېرەك.

«بۇ چوقۇم ئۆزى شۇ، يېنىدىكى بولسا ئايالى» دەپ ئويلۇدۇم مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ كەينىدىن زوقىيەنلىك بىلەن قاراپ.

ئۇلار ئالدىراش كۆرۈنەتتى، رەخت تاللايتتى، يارىغىنىنى ئۆلچىتىپ ئالاتتى. شۇ ئەسنادا يەنە تۆت-بەش خېرىدار كېلىپ گەزمال پۇكىيىگە ئولاشتى. مەن بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ گەزمال پۇكىيىگە يېقىنلىشىشىمغا يەنە بايىقى غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ خوتۇنىغا گەپ قىلىۋاتاتتى:

— ئال خوتۇن، ئال. پەلتۇلۇق سوكنۇ، يوپكىلىق سارجا دەمسەن، كۆينەكلىك شىپىڭ دۇخاۋا، يۇڭ پوپايكا دەمسەن، نېمىنى خالىساڭ، قايسى خىلىنى ياراتساڭ شۇنى ئال! «ئۆزەڭگە يارىغىنى خانىغا يارايدۇ» دىگەن گەپ بار، پۇلدىن قورقما. ئۆتكەندە قولۇمنىڭ قىسلىغىدىن تويىمىزدا ساڭا تۈزۈك كىيىم-كېچەكمۇ قىلالمىدىم. تويدىن كېيىنمۇ يەنىلا ئەل قاتارى كىيىم-كېچەك ئېلىپ بېرەلمىدىم، مەن ئەمدى بەش تەڭگىگە خار بولۇپ تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈدىغان، كىشىلەر «پېخسىق» دەپ زاڭلىق قىلىدىغان كېرەم ئەمەس، ئەمدى قولۇمنى نەگە سۇنسام شۇ يەرگە يېتىدۇ. ئال، قايسى رەختنى خالىساڭ، قانچىلىك ئالغۇڭ بولسا ئال! مانا پۇل دىگەن! — ئۇ، يانچۇقىدىن بىر دەستە پېچەتلىك پۇلنى چىقىرىپ پۇكەي ئۈستىگە قويدى. مەن پۇكەينىڭ بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۇ رەختنى ئېلىپ بولغىچە كۈتۈپ تۇرماقچى بولدۇم. ئۇنىڭ «مەن ئەمدى بەش تەڭگىگە خار بولۇپ تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈدىغان، كىشىلەر زاڭلىق قىلىپ ‹پېخسىق› دەيدىغان كېرەم مەن ئەمەس» دىگەن گېپى قۇلىغىمدا جاراڭلايتتى. مەن پۇكەيگە يۆلىنىپ يان تەرەپتىن قاراپ ئۇنىڭ تونۇش چىرايىنى كۆردۇم-دە، خىيالىم قاناتلىنىپ كۆز ئالدىمغا ئەلگە ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ مالىمانچىلىق يىللاردىكى بىر ۋەقە كەلدى:

مېنىڭ يالقۇنتاغ ئېتىگىدىكى بۇ يېزىغا قايتا تەربىيە ئالغىلى چۈشكىنىمگە تېخى ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئىدى. بىر كۈنى ئەترەت باشلىغى ماڭا:

— مۇراتجان، قېنى، تەييارلىق قىلىڭ، سىزمۇ ئەزالار بىلەن ئۈستەڭ قۇرۇلۇشىغا چىقىپ ئىشلەپ، يېزىدا چېنىقىشنىڭ تۇنجى توپىنى تازا جاراڭلىق بىر ئېتىۋەتمەمسىز، — دىدى.

— بولىدۇ، — دىدىم مەن خوشاللىق بىلەن، — مانا ھازىرلا تەييارلىنىپ كېلىمەن. نەگە يىغىلىشىپ ماڭىمىز؟

ئەترەت باشلىغى ئەترەت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇشۇمنى ئېيتتى. مېنىڭ قىلىدىغان نىمە تەييارلىغىم بولسۇن، يوتقان-كۆرپەمنى يىغىشتۇرۇپ تاڭسام، تور سومكىغا يۈز يۇيۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى سالساملا بولىدۇ. مەن «ئۈستەڭدىكى ئىش ئورنىدا ياتاق، تاماق تەييار، بۇ يەردىكىدەك ياتاقنى ئىسسىتىمەن، قوساقنى تاماق ئېتىمەن دەپ ئاۋارە بولمايدىغان گەپ» دىگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم-دە، بىردەمدىلا يوتقان-كۆرپەمنى ھەرىپچىسىگە تېڭىپ، ئۈشنەمگە ئارتتىم، خىرۇم سومكام بىلەن تور سومكىنى كۆتىرىپ ئەترەت ئىش-

خانىسىنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ يەردە كونىراپ كەتكەن قولاقچا كىيگەن كېرەم كونا كۆرەك جۇگىغا ئورۇلۇپ تامغا يۆلەنگەن پېتى تاماكا چېكىپ تۇراتتى. ماڭا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىلى ئەمدىلا ئۈچ كۈن بولغان ئىدى.

— سىزمۇ ئۆستەڭگە چىقامسىز؟ — سورۇدۇم مەن ئۈشنەمدىكى يۈك-تاقىنى بىر چەتكە قويۇۋېتىپ.

— ھەم، — دېدى ئۇ گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەن قىيلىن كالپۇكىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ.

ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايىدىن، قويۇق قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ كۆزىدىن نېمىگىدۇ نارازى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا «سافال-بۇرۇتى يېڭىلا خەت تارتقان بۇ ياش يىگىتكە نېمە بولغاندۇ، بىر يېرى ئاغرىمىدىغاندۇ، ياكى ئائىلىسىدە بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش يۈز بەرگەندىمۇ؟» دەپ ئويلىدىم. بىر دەملىك جىم-جىتلىقتىن كېيىن، كېرەم ماڭا تاماكا قەغىزى سۇنۇپ:

— ئاداش، تاماكا چېكەمسىز؟ — دېدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن قەغەزنى ئالدىم. ئۇ قويۇن يانچۇغىدىن كىچىك بىر خالتىنى چىقاردى-دە، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ خالتىنى تىزىغا قويدى. مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا زوڭزايدىم. ئۇ، خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ:

— ئۆزەم ياسىۋالغان تاماكا، — دەپ گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان سېرىق گۈلدەك تاماكىدىن بىر چىمىم ئېلىپ مېنىڭ قەغىزىمگە قويدى. تاماكىنى ئوراپ چېكىۋېتىپ كۆزۈم كېرەمنىڭ تىزىدىكى خالتىغا چۈشتى. ئالقانچىلىك چوڭلۇقتىكى بۇ خالتىغا بىر جۈپ قىزىل گۈل غۇنچىسى ناھايىتى نەپىس، چىرايلىق كەشتىلەنگەن ئىدى. مەن بىر قاراپلا بۇنىڭ چېۋەر بىر قىزنىڭ سوغىتى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلدىم. مېنىڭ تاماكا خالتىسىغا قاراپ قالغىنىمنى سەزگەن كېرەمنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ-تېنەپ خالتىنىڭ ئاغزىنى بوغدى-دە، قويىنىغا تىقتى....

ئۆستەڭدە ئىشلەۋاتقان كۈنلەردە مەن كېرەم بىلەن چىقىشىپ كەتتىم. ئۇ ئېغىر-بېسىق، كەم سۆز بولۇپ ئويۇن-تاماشىلارغا ئانچە ئارىلاشىپ كەتمەيتتى، ئۇ، بىر كۈندە بىر يېرىم، بەزىدە ئىككى كۈنلۈك ئەمگەك نورمىسىنى ئىشلەپ تۈگىتىۋېتەتتى. ئەترەت باشلىقى بىز ئىككىمىزنىڭ خېلى چىقىشىۋالغىنىمىزنى كۆرۈپ مېنى ئۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپىغا تەقسىم قىلىپ قويدى. مەن تاماكا چەككۈم كەلگەن چاغلاردا يېنىمدا تاماكام بولسىمۇ، ئەتەي كېرەمنىڭ ھېلىقى تاماكا خالتىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن «كېرەم، ئاداش، قېنى، تاماكاڭنى بىر چەكمەيلىمۇ؟» دەپ ئۇنىڭغا قەغەز تەڭلەپ تۇرۇۋالاتتىم، ئۇ قويىنىدىن ھېلىقى گۈل كەشتىلەنگەن چىرايلىق خالتىسىنى چىقىراتتى. مەن خالتىغا قاراپ يالغاندىن ئاھ ئۇرۇپ:

— ھەي، قايسى بىر قىز ماڭا كۆڭلى كۆكسىدىن چىقىرىپ مۇشۇنداق چىرايلىق خالتىدىن بىرنى تەقدىم قىلار؟ — دەپ تاماغىمنى چېكىلدىتىپ قوياتتىم. كېرەم بولسا ھۆپپىدە قىزارغان پېتى:

— ۋاي ئاداش، ساڭا ئاتاپ تىكىلىۋاتقان خالتىنىڭ گۈللىرىمۇ پۈتۈپ قالاي دېگەندۇ، — دەيتتى-دە، تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ، كۆكۈش ئىسىنى ئاسمانغا پۈلەپ، ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ قوياتتى. كوچىلاپ سورىساممۇ ئۇ تۈزۈك جاۋاپ بەرمەيتتى.

ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا، ئىش ئېغىر، ھاۋا سوغاق، تۇرمۇش شارائىتى ناچار ئىدى. ئىش باشلىنىپ ئىككى ھەپتە بولغاندا ئەترەت باشلىقى مەھەللىدىن بىر كالىنىڭ گۆشىنى ئېلىپ چىقتى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئاشخانىدا گۆش پىشۇرۇلدى. ئەزالار ئىشتىن چۈشۈپ ئاشخانا ئالدىغا يىغىلىشقاندا بوغالتىر: «ھەربىر ئادەمگە بىر جىڭدىن گۆش بېرىلىدۇ، گۆشنى ئالغىچە بىر كوي پۇل تاپشۇرۇڭلار» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىر قانچە ئەزا غۇدۇڭشىشقا باشلىدى:

— بۇ قانداق گەپ؟ بىزدە پۇل بولمىسا، بىز مۇشۇنداق قاتتىق سوغاقتا ئىسسىق ئۆيىمىزدىن ئايرىلىپ چۆل - باياۋاندا ئىشلەۋاتقاندىكىن، دەپتەرگە قويۇپ بەرسەڭلەر بولمامدۇ؟

بۇ غەلۋىنى ئاڭلىغان ئەترەت باشلىقى ئاشخانا ئىچىدىن چىقىپ:

— كۆپچىلىك ئەھۋالنى بىلەرگە ئوچۇق دەي، بۇ گۆشنى بىز گۇڭشې تەمىنات — سودا كوپىراتىۋىدىن سېتىۋالغان. ئۇلارغا نەق بېرىدىلى دىسەك ھازىر ئەترەتتە پۇل يوق. بىز گۆش پۇلىنى ئەتىلا تەمىنلەشكە تاپشۇرۇپ بەرمىسەك بولمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ سېمىزرەك ماللىرى بولغان بولسىدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ھەرقايسىڭلارغا دەپتەرگە يېزىپ قويۇپلا بېرىۋېرەتتۇق. بىزگىمۇ ئامال يوق.

پۇلى بار ئەزالار قاچىلىرىغا يۇقىراپ ھور چىقىپ تۇرغان گۆش ۋە شورپىنى ئېلىپ ياتاقلىرىغا كۆتىرىشىپ مېڭىشتى. پۇلىمىز يوق، دەپ تۇرغانلارمۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ پۇلى بارلاردىن پۇل سوراپ گۆش ئېلىشقا تەرەددۇت قىلىشتى. ئاشخانىنىڭ ئالدىدا يوغان بىر ھېجىرنى تۇتۇپ غېرىپسىنىپ يالغۇز كېرەملا قالدى.

— ھە، كېرەم، ساڭا نېمە بولدى؟ تېگىشلىك گۆشنى ئالمامسەن؟ — ئاشخانا ئىچىدىن ۋاقىرىدى بوغالتىر.

كېرەم روھسىز ھالدا ئاشخانىغا كىردى، ئۇ، ھور چىقىپ تۇرغان گۆش قويۇلغان ئەمبەلنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قازان بېشىغا باردى - دە، ھېجىرنى تۈككىتە قويدى ۋە ئاشپەزگە قاراپ:

— شورپىدىن قۇيۇپ بېرىڭ، مەن گۆش يېمەيمەن، — دېدى ئاستاغىنە.

بۇ چاغدا مەن ئۆزەمگە تېگىشلىك گۆشنى ئېلىپ ئاشخانىدىكى مەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ يەۋاتاتتىم. مەن كېرەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەمدى ئېغىز ئاچاي دېيىشىمگە بوغالتىر:

— ھوي كېرەم، نېمانچىۋالا پىخسىقلىق قىلىسەن؟ بىر كويچەنلىك گۆشنىمۇ يېمەمسەن؟ پۇل يىغىپ ئاسمىكانىنى باي قىلاي دەمسەن - يا؟ — دېدى.

كېرەم ئۈندىمەي بىر ھېجىر شورپىنى ئالدى - دە، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— ھەممە ئادەم تېگىشلىك گۆشلىرىنى ئېلىپ بولدى. يالغۇز كېرەملا قالدى، — دېدى گۆش بېرىۋاتقان ئاشپەز.

— ۋاي خۇدايىمەي، قوساقچىمۇ شۇنچىلىك قىلغان بارمۇ؟ نېمە دېگەن پىخسىقلىق بۇ؟ — دېدى بوغالتىر.

— ھەي، كىشىنىڭ دەردىنى كىشى بىلمەس، دەپتىكەن. پۈتۈنسۈرۈك بىر يىگىتنىڭ چۆنتىكىدىن بەش تەڭگە چىقمىغاندىن كېيىن، كىشىدىن پۇل سوراشقا يۈزى چىدىمىغان - دە، — دېدى ياشانغان ئاشپەز كېرەمگە ئىچىنغان ھالدا.

AltunOq

بوغالتىر «چىرت» قىلىپ چىشىنىڭ ئارىسىدىن بىرنى تۈكۈرۈپ:

— نومۇس قىلغىچە قۇۋۇز قىل، دىگەن گەپ بار، زادى پىخسىق نىمە ئۇ، — دىدى.

مەن پۇلىنى تۆلەپ ئېشىپ قالغان گۆشنى ئالدىم - دە، كىرەمنى ئىزلەپ ماڭدىم، ياتاقتا كىرسەم كىرەم شورپىغا بىر پارچە زاغرىنى چىلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئاداش، مانا سىنىڭ تېگىشلىك گۆشۈڭ، ئىسسىغىدا يەۋالغىن، — دىدىم مەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ. ئۇ گويا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك غۇرتىلدىتىپ ھىجىردىكى شورپىنى ئىچىپ ئولتۇرىۋەردى.

— ھىي، كىرەم ئاداش، ساڭا دەۋاتىدمەن، گۆشنى يىگىن، — مەن قاچىسىنى قويۇپ ئۇنى نوقۇدۇم.

ئۇ ماڭا بىر ھومىيىپ قاراپ قويۇپلا ئۈندىمىدى.

— پۇلىدىن قورقۇۋاتامسەن، — يا؟ — ئاغزىمدىن مۇشۇ گەپ چىقىش بىلەنلا كىرەمنىڭ چىرايى ئۆڭدى. ئۇ قاچىسىنى يەرگە تىككىتە قويۇپ ئاچچىقى بىلەن ماڭا ئالايدى - دە:

— ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە جۇمۇ سېسىق زىيالى، سەن يېڭى كەلداخۇنەۋ تېخى مېنى زاڭلىق قىلىمەن دەمسەن؟ ئۇرۇمچىگە سىنىماي پالاندى بولغان نىمىلەرنىڭ گېپىنى كۆرۈڭ؟! — دىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن ئېلىشىدىغاندەك ئەلپازدا دىۋەيلىدى.

ئۇنىڭ ئاچچىق گېپىنى ئاڭلاپ بېشىمغا بىر قاپاق سوغاق سۇ قۇيغاندەك تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭغا ئېچىنىپ: «گۆشنىڭ پۇلىنى تۆلىيەلمىگەنىڭ مەن يېنىمدىن چىقىرىپ بىرىۋېتەي، سەن تېگىشلىك گۆشىڭنى ئىسسىغىدا يەۋالغىن» دىمەكچى بولۇپ گەپ باشلىغان ئىدىم، گېپىمنىڭ ئايىغى چىقمايلا خۇددى مۇزغا تىقماق ئاتقاندەك مېنى تېخى «سېسىق زىيالى، پالاندى» دەپ ھاقارەتلەۋاتىدۇ.

— ئادىشاۋاي، ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلەۋەرمە جۇمۇ! — دىدىم مەنمۇ غۇژژىدە ئاچچىغىم كېلىپ.

— ۋاي - ۋۇي، ما ئىككىلىسىنى قاراڭلار، بولدى - بولدى، بىريەردە ئىشلەپ، بىر قازاننىڭ ئېشىنى يەۋاتقان ئادەملەر تۇرۇپ شۇنچىلىك گەپنىمۇ كۆتىرەلمەمسىلەر؟ بولدى ئەمدى، شورپاڭلار مۇزلاپ كەتتى، ئىسسىغىدا



ئىچىۋېلىڭلار! — دېدى بىز بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان ئابلىم دېگەن بالا.

شۇنداق قىلىپ كىرەم كەچ تاماقتا مەن ئېلىپ كىرگەن گۆشنى يېدى، مېنىڭمۇ قوسىغىم تويۇپ قالغاچقا ئۇ گۆشنى قاچام بىلەن تورغا سېلىپ تورۇسقا ئېسىپ قويدۇم. بىر ئوبدان كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا بۇ ئاقكۆڭۈل، ئىشچان دېخان يىگىت بىلەن ئارازلىشىپ قالغىنىمغا پۇشايمان يەپ يېرىم كېچىگىچە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالمىدىم.

ئەتىسى كىرەم بىلەن بىر يەردە ئىشلەۋېتىپ ئۇنىڭدىن تاماكا سورىدۇم. ئۇمۇ گەپ قىلماي تاماكىسىنى چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئەپ بولۇشۇپ قالدۇق، لېكىن شۇ گۆش ۋەقەسىدىن كېيىن كىرەمگە «يەمخىسىق» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. كەچقۇرۇنلىقى ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا مەن ئۇنىڭدىن ھېلىقى گۆشنى نېمىشقا يېمىگەنلىكىنى سورىدۇم. ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ «ئۇھ» تارتتى-دە، سۆزلەپ كەتتى:

— ھەي ئاداش، يەنە مېنىڭ يېغىرىمنى تاتىلىغىلى تۇردۇڭغۇ، چوڭتەك قورۇق تۇرسا، بۇغالتىر نەق پۇل تاپشۇرۇڭلار دەۋاتسا، پۇلۇم يوق ئادەم گۆشنى قانداق يېگۈدەكمەن؟ مېنىڭ يېگۈم يوق ئەمەس، مەن گۆشكە ئامراق. بىرەرسىدىن قەرز ئالاي دېسەم ئۇنى يەنە قايتۇرىدىغان گەپ. تۇشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، يىگىتنى نومۇس، ماڭا نومۇس كېرەك-تە.

ئۇ تاماكا خالتىسىنى چىقىرىپ قەغەزدىن بىرنى ماڭا ئۇزاتتى، مەن تاماكا ئوراشقا باشلىدىم. ئۇ تاماكا چېكىۋېتىپ ھالىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— مەن بۇ يىل 21 ياشقا كىردىم، ئاتام بىلەن ئاپام «بىز قېرىپ قالدۇق، سېنى چاپسانراق ئۆيلەپ قويساق» دەپ ئالدىرايدۇ، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق، دېگەندەك قول ئىلكىمىزدە يوق، قىز تەرەپنىڭ ئاددى تەلىۋىنىمۇ ئورۇنلىيالمايۋاتىمىز. ھەي، ئۈچ يىل بولدى، ھەر يىلى تەقسىماتتا قەرز ئارتىلىپ قېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئەتىرەتكە بەش يۈز كوي قەرزىمىز بار. ئاتام بىچارە، نېمىلا بولمىسۇن «كۆزۈم پىلدىرلاپ تۇرغاندا كىرەمنىڭ تويىنى قىلىۋېتەي، ئىككى يۈز كويلا پۇل بولسا تويلۇق پۈتتۈدۇ» دەپ يۈردى. ئۇ كۈندۈزى ئېتىزدا ئىشلەپ ھېرىپ-چارچىغىنىغا باقماي ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە ھۈنەر قىلدى. ئۇ، ئات، ئېشەكنىڭ بويىنىغا سالىدىغان بوغا تىكىشكە ئۇستا. بىر ئىككى ئاي كېچىلەردە ئۇخلىماي ھۈنەر قىلىپ بىر نەچچە بوغىنى ساتتى. بۇنى بىلىۋالغان كادىرلار «ئاسىم بوغىچى يەر ئاستى زاۋۇت ئېچىپتۇ» دەپ بىچارە ئاتامنى ئۇدا ئۈچ ئاخشام ئوتتۇرىغا سېلىپ پىپەن قىلىپ ھالىدىن كەتكۈزدۈۋەتتى. ئاتام شۇنىڭ دەردىدە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى.

كىرەم چوڭقۇر بىر تىنىپ سۆزلەشتىن توختاپ قالدى. مەن ھەممىنى چۈشەندىم. كىرەمنىڭ تولا چاغلاردا غەمكىن ۋە خاپا يۈرۈشىنىڭ سەۋەبى ماڭا ئايان بولدى. ئاشخانىدا گۆش پىشۇرغان كۈنى ئاخشىمى «پۇلىدىن قورقىۋاتامسەن-يا؟» دېگەن گېپىم ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىغا تېگىپتۇ-دە، مەن بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقارغىنىمغا ئەمدى پۇشايمان قىلدىم ۋە كىرەمدىن ئەپۇ سورىدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ۋاي ئاداش، ئۇ گېپىڭ كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىلى نەۋاق، مەنمۇ ساڭا ئازار بېرىپ قويدۇم ئەمەسمۇ، — دېدى. مەن يانچۇقۇمدىن تاماكا قەغىزىنى چىقىرى-

ۋېدىم، ئۇ ئالدىدا يەردە تۇرغان تاماكا خالتى-
سىدىن بىر چىكىم ماخۇركىنى ئېلىپ قولۇم-
دىكى قەغەزگە سالدى. مەن تاماكا ئوراۋې-
تىپ خالتىنى ئىشارەت قىلىپ سورىدىم.
— ئۇنى شۇ قىز بەرگەنمۇ؟
كېرەم قىزىرىپ كەتتى - دە، دۇدۇقلاپ
مەندىن بىلمىگەن بولۇپ سورىدى:
— ق... قايسى قىز؟
— ساڭا ماقۇل بولغان قىزچۇ.
— ھىم، — دىدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ
مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ.
— ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نىمە؟ — سورىدىم
مەن قىزىقىپ.
— سەن تونۇمايسەن، ئاداش، ئۇلارنىڭ
ئۆيى خېشنا ئەترەتتە. ئىسمى ھەبىبە، مەن
ساڭا كېيىن بىر كۆرسىتىمەن.
— ھەبىبەمۇ ئۆستەڭدە ئىشلەۋاتامدۇ؟
— ھىم.
— ھە، ئەمدى بىلدىم. سەن بەزى
ئاخشاملىرى كەچتە ياتاقتىن غىپپىتە چىقىپ
يوقاپ كېتەتتىڭ، سەنزە شۇ چاغلاردا ھە-
بىبەنىڭ يېنىغا بارىدىكەنسەن - دە، مەن تې-
خى سېنى خوشنا ياتاققا چىقىپ كەتتى دەپ
يۈرۈپتىمەن.
كېرەم قىزارغان پېتى گەپ قىلماي
پىخىلداپ كۈلۈپ تاماكىسىنى شوراپ ئولتۇ-
رىۋەردى.
مەن ئىككىنچى يىلى ئەسكەرلىككە قو-
بۇل قىلىندىم - دە، ھەربى سەپكە ماڭدىم.
مەن خوشلىشىپ ماڭغان ۋاقتىمدىمۇ كېرەم
بىلەن ھەبىبە تېخى تويى قىلالمىغان ئىدى.
مەن ئۈچ يىل ھەربى مەجبۇرىيەت ئۆتەپ،
ئالى مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىر-
دىم. ئوقۇشقا كىرگەن تۇنجى يىلى يازلىق
تەتىلدە قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشكەن يېزى-
غا بېرىۋىدىم، كېرەم بىلەن ھەبىبە بىر ئو-
غۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار
مېنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بولۇشتى.
ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ئۆيى پاكىزە تازىلانغان
ئىدى، ئەمما ئۆيدە كۆزگە چېلىقىدۇدەك بى-
سات يوق ئىدى. ھەبىبە ئەمدىلا ئۈچ ئاي-
لىق بولغان بوۋاقنى كېرەمگە تۇتقۇزۇپ قو-
يۇپ خوشنىلىرىنىڭكىدىن ئىككى نان ئەپچىقىپ
ناھايىتى تەستە داستىخان سالدى....
—بولدى، ھوي ئاداش، دۇكاننى پۇ-
تۈنلا سېتىۋالما يەنە. بىزگىمۇ ئازراق
قالسۇن!
بۇ گەپ بىلەن خىيالىم ئۈزۈلدى.
— دۇكاندا مال ئۆكسۈپ قالىدىغان
چاغلار ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. قورقماڭ
بۇرادەر، ئالغان رەختىڭ پۇلىنى ھىساپلا-
ۋاتىدۇ، — دىدى كېرەم كەينىگە بۇرۇلۇپ.
كېرەم سەمىرگەن، ئىككى مەڭزى قان تەپ-
چىرەپ چىقىدىغاندەك قىزارغان ئىدى. بىز-
نىڭ كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. كېرەم مې-
نى كۆرۈپلا مېنىڭ يېنىمغا كەلدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بۇرادەر، سېنى
قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دىدى ئۇ
قولىنى ئۇزىتىپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن.
مەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ
تۇرۇپ:
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قەدىناس، بې-
شىڭغا قونغان بەخت قۇشىنىڭ شامىلى ئۇچۇ-
رۇپ ئەپكەلدى، — دىدىم چاقچاق بىلەن.
شۇ ئەسنادا ھەبىبە كەينىگە بۇرۇلۇپ:
— سانا بۇ خۇرجۇننى ئېلىۋالسىلا. —
دىدى كېرەمگە ۋە مېنى كۆرۈپلا تونۇۋالدى، —
ۋاي ئۆزلەغۇ، تېچ - ئامان كېلىپسىلا، دادام،
ئاچاملار سالامەتمۇ؟ ئايگۈل، بالىلار ئوبدان
تۇرىۋاتامدۇ؟
بىز ھەبىبە بىلەن ئامانلىشىپ تۇرغان-
دا كېرەم پىرىكازچىك بىلەن ھىساپلىشىپ

ئاشقان پۇلنى ئالدى - دە، پوكەي ئۇستىدىكى ئىككى ئېشى تومپىيىپ تۇرغان خۇرجۇننى كۆتىرىپ يېنىمىزغا كەلدى.

— ئاداش، بىز ئالدىغاننى ئېلىپ، كۆرۈدىغاننى كۆرۈپ، سودىلىقنى تۈگەتتۇق، ناھىيىدە ئىشلىرى بولمىسا ھازىرلا ئۆيگە كەتمەيمىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ.

مەن بۇ يەردە بىجىرىدىغان ھېچبىر ئىشىم يوقلىغىنى، پەقەتلا ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەنلىكىمنى ئېيتقىنىمدا، بۇ ياش ئەر-خوتۇن ناھايىتى خوشال بولۇشتى، بىز پاراڭدىشىپ دۇكاندىن چىقتۇق.

— قوساق قانداق، ئاداش، تونۇش ئاغىنىلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ ئازراق بىر نىمە يەۋالىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى كېرەم.

— يېمىسەكمۇ بولا، بايىلا داۋانچىكىدا ئازراق بىر نەرسە يەۋالغانىدىم.

— تاماقنى ئۆيگە بارغاندا يىسۇن، قويلارغا ئېغىل كىچىك كېلىۋاتىدۇ، ئۆزلە قويدىن بىرنى سويۇدىلا، گۆرۈچ دەملا، ماي دەملا ھازىر ھەممە نېمە تەل. مۇراتجان ئاكام قايسى تاماقنا كۆڭلى تارتسا بىر دەمدىلا تەييار قىلىمەن، — دېدى ھەبىبە.

— ۋاي - ۋۇي، ئاغزىڭ ئېچىلىپلا كەتتىغۇ، بوپتۇ، تاماقنى ئۆيدە يەيلى، — دېدى كېرەم ھەبىبەگە، ئاندىن ماڭا قارىدى، — ئاداش، ئىككىڭلار بۇ يەردە سەل تەخىر قىلىپ، مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مەن سارايغا بېرىپ هارۋىنى ئېلىپ كېلەي. كېرەم سارايغا كەتتى. مەن ئۇنىڭ بىر نەچچە يىل بۇرۇنقى جىمىغۇر، غەمكىن، قوپال، چوس مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىپ خۇش خۇي، مۇلايىم، گەپدان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ ئىكەن، — دېدىم مەن ھەبىبەگە.

— شۇنداق، ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ، ئۆزلە 1976 - يىلى يازدا كەلگەنىغۇ دەيمەن.

— ھەئە، شۇنىڭدىن بۇيان مانا توپتوغرا يەتتە يىل ئۆتۈپتۇ، سىلەرگە راستىن ئامەت كەپتۇ، ئائىلە تۇرمۇشىڭلاردا قىيىنچىلىق يوقتۇ؟ — سورىدىم مەن ھەبىبەنى گەپكە سالماقچى بولۇپ.

ھەبىبە ئائىلە تۇرمۇشىدىكى يېڭىلىقلارنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان دەسلەپكى يىلى ھىلىقى بىزنىڭ ئۆينىڭ كەينىدىكى چوڭ باغنىڭ ئۆزۈمىنى ھۆددىگە ئالدۇق. قېيىناتىمىز ئەسلى باغۋەن ئادەم بولغاچقا ئەتىيازدىن تارتىپ ئۈزۈم يېشقىچىلا باغدىن چىققماي تەكلەرنى پەرۋىش قىلدى. بىز كېرەم بىلەن ئىككىمىز ھۆددىگە ئالغان يەرگە ئىشلىدۇق، ئۈزۈم شۇنداق ئوخشىدىكى، كۆزلىگى ئۈزۈمنى ئاسىدىغان چۇنجە يېتىشمەي، يېڭى چۇنجە سالدۇق. بۇغداي، قوناق، پاختىمۇ شۇنداق ئوخشىدى. شۇ يىلى تاپشۇرىدىغاننى تاپشۇرۇپ، كونا قەرزلەرنى تۈگىتىپ، قولىمىزغا مىڭ كويدىن ئوشۇق پۇل كەلدى. يەردىن چىققان ۋە مۇكاپات ئالغان بۇغدايلارنى قويۇدىغان ساڭلىرىمىز تار كېلىپ، ماينى قويۇدىغان ئىدىشلار كىچىك كېلىپ بىزنى خېلى تېنەتتى، دىسىلە. ھە، تېخى ئوزاقى يىلى يېڭى ئۆي سېلىپ كۆچۈپ چىقتۇق.

ھەبىبەنىڭ گېپى تۈگىمەيلا كېرەم تۈكىلىرى پاقىراپ تۇرغان ئاق قاشقا قارا ئات قوشۇلغان چاقىقانغىنا يېڭى رېزىنكە چاقلىق ھارۋىنى ھەيدەپ يېتىپ كەلدى. ھەبىبە هارۋىنىڭ ئىچىدىكى كىگىز ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان كۆرپىنى تۈزەشتۈردى.

— قېنى، ھارۋىغا چىققىنا، ئاداش، — دېدى كېرەم مېنى تەكلىپ قىلىپ.

(داۋامى 144 - بەتتە)



# «تۇققان»

(ھېكايە)

خېۋىر تۆمۈر

ھەنىپەنىڭ ئۆيىگە قولىدا سومكا كۆتىرىپ، گىلەم قولتۇقلىغان بىر مېھمان كىرىپ كەلدى.

بېشىغا تار قاما تۇتۇلغان سەللە تۇمىغى كىيگەن، چاچ-ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان، ئىككى مەڭىزىدىن قىپ-قىزىل قان تەپچىپ تۇرىدىغان بۇ مېھماننىڭ سىپايى كۆرۈنۈشىدىن ئۇنىڭ مەخسۇمزادە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۇ مېھمان ئۆيگە سالام بىلەن كىرىپ، قولتۇغىدىكى گىلەم بىلەن قولىدىكى سومكىنى كارۋات يېنىغا قويۇپلا تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن قىرائەت ئوقۇدى. ئۇزۇن دۇئا قىلىپ، ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن:

— مېنى بەلكى تونۇمايلا. بىز خېلىلا يېقىن تۇققان كېلىمىز، — دەپ سۆز باشلىدى مېھمان ئوچۇق تەلەپپۇز بىلەن. — بەلكى ئۆزلىرىنىڭ خەۋىرى بولۇشى كېرەك، ئاشۇ يىللىرى دادىلىرى ئوسمان قارى بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپ قالغاندا مېنىڭ ئاپامنى ئۆز نىكاھىغا ئالغانىكەن. بىر-ئىككى يىل ئۆي تۇتۇشقاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي دېگەن جاللات ئۇ دادىمىزنى تۇتۇپ تۈرمىگە سولاپتۇ. دادىمىز كېيىن تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ! مەن ئۇ چاغدا 4 ياش ئىكەنمەن. دادىمىز مېنى ئۆز بالىسىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ «بالام» دەپ كۆكسىگە ئالغانىكەن. شۇ چاغدا دادىمىزنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىز قالدۇرغانلىقتىن تا مۇشۇ كۈنلەرگىچە ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. دادىمىز شۇ چاغدا ئاپامغا: «ئۈرۈمچىدە ھەنىپەم، لەتىپەم دەيدىغان بىر جۈپ قىزىم بار. بۇ بالىنى ئاشۇ قىزلىرىمغا جۆرە قىلىپ بېقىپ چوڭ قىلىمەن...» دېگەن گەپلىرىنى قىلغانىكەن. ئاپام رەھمەتلىك: «ئۈرۈمچىدە ئىككى ئاچاڭ بار، قاچان بولمىسۇن ئىزلەپ تېپىپ يوقلىغىن» دەپ دائىم قۇلىقىمغا قۇياتتى. ئاپام سەكراتتا چۈشكەندىمۇ ئاتايىن ۋەسىيەت قىلغان ئىدى.

مەن شۇندىن كېيىن ھەر قايسىلىرىنى تولا دېرەكلىدىم، ھەر قايسىلىرىنىڭ ھاياتلىقلىرىنى بىلىپ كېلەي دىسەم، نەچچە يىللاردىن ئىرادە بولمىدى، كېلەلمىدىم. بۇ يىل، مانا خۇدايىم ئىرادە قىپتۇ! ...


ھەنىپە ئانىسى ئوسمان قارىنىڭ بىر يىللىرى ئالتە شەھەر تەرەپكە بېرىپ ×× شەھەردە مەرەمخان ئىسىملىك ئايالنى ئال-غانلىقى، بەزىدە ئۆزىنىڭ: «ئاتام ئالتشەردە ئالغان ئايال قانداقراق ئايالكىن، بىر كۆرگەن بولسام» دەپ ئارزۇ قىلغانلىقىنى شۇئانلا ئېسىگە ئالدى. مانا بۈگۈن ئەنە شۇ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئۆگەي ئاپىسىنىڭ ئوغلى ئۇنى ئاتايىن يوقلاپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىمدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ، دەررۇلا ئوچاققا ئوت يېقىپ چاي راستى-لىدى. داستىخان سېلىپ چاي قۇيغاندىن كېيىن، تاماق ئېتىپ مېھمان قىلدى. داس-تىخان يىغىلىش ئالدىدا مېھمان گىلەمنى ھەنىپەنىڭ ئالدىغا قويدى - دە:

— تۇغقىنىمنىڭ بىر ئىش قىلارمەن دېۋىدىم، ئۆلگۈرەلمىدىم، ئاز كۆرمەي مۇشۇ گىلەمنى سوغام ئورنىدا قوبۇل قىلسىلا، — دىدى.

— بەكلا كايىپسىز، بۇمۇ لازىم ئەمەستى، دىدارلاشقىنىمىز ھەممىدىن ئەۋزەل ئەمەس-مۇ؟ — دىدى ھەنىپە.

ئۇلار خۇددى بىر ئۆيدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاكا - ئۇكىدەك كۆڭۈللۈك ۋە ئۇچۇق - يورۇق مۇڭداشتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇققانچىلىقنىڭ يېقىنلىق ۋە مېھرىۋانلىق تۇيغۇلىرى پەيدا بولدى.

بولۇپمۇ ھەنىپەمنىڭ نەزىرىدە بۇ ئادەمنىڭ شۇنچە يىراق جايدىن تۇققان ئىزلەپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، گىلەم سوغا قىلغانلىقى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە



ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىر ئۆيىنى ئاجرىتىپ تۇق-قىنىغا ئوخشە بەرگەنىدىن تاشقىرى، پۈتۈن كوچى بىلەن مېھمان قىلىشقا باشلىدى. ھەر ئەتىسى كىلىۋلاپ سۈت ئالغاندىن باشقا يەنە ھالۋا بىلەن ناشتا قىلدۇردى. چۈش-لىكى مانتۇ، پولا، چۆچۈرە، لەغمەن، قور-داق قاتارلىق تاماقلار بىلەن غىزالاندۇردى. ھەممە جەھەتتىن ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسى-تىپ تۇققىنىنى رازى قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلادى.

مېھمان ھەر قېتىم بازارغا ماڭغاندا ھەنىپە ئۇنىڭغا:

— كىچىكرەك، چۈشتە قايتىپ كېلىڭ، تاماق ئېتىپ قويىۋەن، — دەپ جېكىپ تۇراتتى.

مېھمانمۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ پوزىتسىيە-سىگە قاراپ خاتىرجەم بولۇپ ناشتىدىن كېيىن بىر قېتىم بازارغا چىقاتتى. چۈشتە

قايتىپ كېلىپ تاماق يېگەندىن كېيىن، ئارام ئېلىپ خۇش ياقسا يەنە بازارغا چىقاتتى. خۇش ياقمىسا ئارام ئېلىپ ياتاتتى.

خۇلۇم - خوشنىلار، ھەنىپەمنىڭ تۇق - قىنى كەپتۇ؛ سوغاتلىققا بىر دانە گىلەم ئېلىپ كەپتۇ، دەپ يوقلاپ كىرىشكە باش - لىدى. خوشنىلار تۆت گەزلىك ئوتقاشتەك چاقناپ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان گىلەمنى كۆرۈشكەندە ئىنتايىن خوشال بولۇشتى ۋە ھەيران قېلىشتى، بۇ ھەقتە بىر قانچە كۈنگىچە غۇلغۇلا قىلىشىپ، ھەنىپەنىڭ تۇققىنىغا ھۆرمەت كۆرسىتىشتى. بەزەنلىرى ئاتايىن غىزا قىلىپ ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى.

بىر كۈنى مېھمان بازارغا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتە بىر نەچچە خوشنا ئاياللار ھەنىپەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ گىلەمنى كۆرۈپ بىر مۇنچە پاراڭلاشتى:

— تۇققان دىگەن مانا مۇنداق بولسا، — دەپ سۆز باشلىدى ئارستام خوشنا زىيا - خان، — تۇققىنىم دىگەنگە يارىشا بىر دانە گىلەم سوغات ئەكىلىپتۇ.

— چىرايلىق توقۇلغانكەن. بازارغا ئېلىپ چىقسا گەپ قىلماستىن ئىككى يۈز كويغا ئېلىپ كېتەر، — دىدى يەنە بىر خوشنا ھاۋاخان گىلەمگە باھا قويۇپ.

— نىمە دىگەنلىرى ئۇ، بۇ گىلەمنى قارغۇغا بەرسىمۇ ئىككى يۈز ئەللىك كويغا ئېلىپ كېتىدۇ، — دىدى ئۈچىنچى خوشنا.

ھەنىپە خوشنىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانچە ئىچىدە تۇققىنىدىن ئىنتايىن رازى ۋە مەمنۇن بولاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، شۇنچە يىراق جايلاردىن ئاتايىن ئىزلەپ كەلگەنلىكى، شۇنىڭدەك سوغاتلىققا گىلەم ئېلىپ كەلگەنلىكى ھەنىپەنىڭ يۈزىنى ئايدەك چوڭايتىپ، ئابروينى تاغدەك ئۆستۈرەتتى - كەن ئىدى.

— مەنىمۇ مۇشۇنداق تۇققىنىمنىڭ بارلىغىنى بىلەتتىم، — دىدى ھەنىپە خوشال ھالدا، — بىر كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم. مانا ئەمدى ئۆزى ئىزلەپ كەپتۇ.

— بۇ تۇققانلىرى يارايدىكەن، تۇق - قىنىم دىگۈچىلىكى باركەن، — دىدى زىيا - خان، — بەزەن خەقنىڭ تۇققانلىرى يوقلاپ كەلدۇق، دەپ ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپلا كېلىپ 8 - 10 كۈنلەپ مېھمان بولۇپ كېتى - دۇ. بەزەنلىرى ئىككى - تۆت تال قاق - جىگدە بىلەن كېلىپمۇ ھەپتە - ئون كۈن بىسەرەمە - جان قىلىدۇ. ئۇنداقلارغا سېلىشتۇرغاندا بۇ تۇققانلىرى تۇققانچىلىقنىڭ قەدرىگە يېتى - دىغان، قائىدە - يوسۇنىمۇ بىلىدىغان ئوبدان تۇققانكەن. مۇنداق تۇققاننى ھەر كۈنى ھالۋا بىلەن ناشتا قىلدۇرۇپ، مانتۇ، پولا بىلەن مېھمان قىلىپ، ئايلاپ باقسىمۇ كىشى - نىڭ قوسىغى ئاغرىمايدۇ.

— بۇ تۇققانلىرىنى راۋۇرۇس ئۇزات - سىلا، — دىدى ھاۋاخان سۆزگە قوشۇلۇپ، — بۇ تۇققانلىرى سىلىنىڭ ئابرويلىرىنى ئاس - مانغا كۆتۈرۈۋەتتى، سىلىمۇ ئۇنىڭدىن ئاشۇ - رۇپراق قاتسىلا!

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دىدى ھەنىپە ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ئاھاڭدا، — ئۆيدىكى ئاياقلىق ماشىنىنى باش قىلىپ يوللۇق تۇتسام. ئاندىن يەڭگە ئاچى - مىزغا بىر كۆينەكلىك شىپىلىك دۇخاۋا، ئىككى قىزىغا ئىككى ئىناۋۇن چاپان، ئوغلىغا بىر دانە خۇرۇم ئاياق ئېلىپ ئەۋەتسەم قانداق بولار دەپ ئويلاۋاتىمەن. قانداق، بولارمۇ؟

— بولىدۇ. ھىلىمۇ گىلەمدىن جىق نەرسە بەرگۈدەكلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئارماز - سىز مېھمان قىلىۋاللا.

— مەنمۇ بوپتۇ دەۋاتىمەن. شۇنچە يىراقتىن ئىزلەپ كەپتۇ. مەيلى ئەمەسمۇ!؟ — دىدى ھەنىپە كۆڭلى - كۆكسىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ.

— ياخشى ئويلاپسىلا، پۇل تېپىلدۇ، تۇققان تېپىلمايدۇ! .... — دېيىشتى خوشنىلار.

مېھمان كېلىپ تولۇق بىر ھەپتە بولغاندا، يات - ئاردا قايتىپ كېتىدىغانلىقىدىن بىشارەت قىلدى. ھەنىپەم ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئالدىراپ ئۆزىنىڭ تەييارلىغى كۆرۈشكە باشلىدى. ئىدارىسىدىن بىر ئاز پۇل قەرز ئالدى. يېتىمگەن يېرىگە خولۇم - خوشنىلاردىن قەرز ئېلىپ يوللۇق تۇتقۇدىغان بۇيۇملارنى بىر - بىرلەپ سېتىۋېلىپ جەملەشكە كىرىشتى.

بىر كۈنى مېھمان بازاردىن قايتىپ كىرىپ تاماق ئۈستىدە:

— ئالدىمىزدىكى پەيشەنبە كۈنى كېتەي دەۋاتىمەن، — دىدى.

— نىمانچە ئالدىرايسىز، ئۇزاقراق تۇر - سىڭىز بولمامدۇ؟ — دىدى ھەنىپە تۇققىنىنىڭ تە كېچى بولغىنىغا كۆزى قىيمىغاندەك

ۇرسامغۇ بولاتتى. ئۆيدە بىرمۇنچە ىا قاراشلىق تۇردۇۋاتىدۇ. مەن بول - ئىشلار....

مەيلى ئەمەسمۇ، ئۈرۈمچىگە كەلمەك ئەمەس.

— ھىلىمۇ كۆپ رەھمەت، جىق بىمە - ن قىلدىم.

— بىسەرەمجان دىگەن گەپنى قىلماڭ، ئۆزۈن تۇرسىڭىز شۇنچە ياخشى!

ھەنىپە شۇندىن كېيىن جىددى تەيى - ىق كۆرۈپ، بىر ئۆزىنىش زىياپىتى بەر - . زىياپەتكە خوشنىلاردىن ھاۋاخان بىلەن ىدىشى قادىر، زىياخان بىلەن يولدىشى ىن قاتارلىق 10 غا يېقىن كىشىنى چاقىردى.

بۇ قېتىمقى زىياپەتنى ئۈرۈمچى قائى - دىسى بويىچە قەن - ناۋات، ھەسەل، مۇراببا، پېچىنىە، بەلىش، نان - توقاچ، ھەرخىل مېغىز، كەمپىتلەرنى تەلتۆكۈس تىزىپ چاي قۇيدى. ئاندىن قازان كاۋىپى قورۇپ يە - گۈزدى؛ مېھمانلار بەھۇزۇر يەپ - ئىچىپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى، ئەڭ ئاخىرىدا سېمىز گۆش بېسىپ ئوخشىتىپ ئېتىلگەن گۈرۈچ ئاش تارتىپ زىياپەتنى ئاخىرلاشتۇردى.

ھەنىپە چارشەنبە چۈشلىگى تاماقتىن كېيىن سوغا ئۈچۈن تەييارلىغان نەرسىلىرىنى مېھماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى - دە:

— ئۇرۇق - تۇققانلارغا نىمىلەرنىڭ كېرەكلىگىنى بىلمىگەچكە، كۆڭلۈمنى ئىپادە - لەش ئۈچۈنلا ئانچە - مۇنچە ئەرزىمەس نەر - سىلەرنى تەييارلىۋىدىم، كۆرۈپ باقسىڭىز. بىز ئۆزۈن يىل كۆرۈشمىگەن تۇققانغۇ؟ خىجىل بولماڭ، كەم نەرسىلەرنى مەن يەنە كەچكىچە تەييارلايمەن، — دىدى ۋە بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى.

— بولدى، مېنى خىجىل قىلماڭ! — دىدى مېھمان ئوڭايسىزلانغاندەك قىياپەتتە، — بۇ نەرسىلەر لازىم ئەمەس.

— بولسىغۇ چوڭراق قىلسام بولاتتى، ئەمما، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۆيدە ئەركىشى يوق. قولۇم قىسقاراق كېلىپ قالدى.

كەچقۇرۇن ھەنىپە يەنە بەزىبىر كې - رەكلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەندە ئۆيدە قالغان تۇققىنىمۇ، گىلەمىمۇ، سوغاتلىق نەرسە - كېرەكلەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنى كۈتىۋالغىنى كورلىدىكى سىڭلىسى لەتىپەدىن كەلگەن خەت بولدى.

«سۆيۈملۈك ھەدە!

ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ ئۇماق ئىنىم دىلشات ئامانمۇ؟ مەندىن ھال سورىساڭ ساق - سالامەتمەن. كۈنلىرىمىز ئوبدان. ھەدە،

مەن شۇنى ئېيتىشقا ئالدىراۋاتىمەنكى: بۇ
يېقىندا بىزنىڭ ئۆيىگە گىلەم قولتۇقلىغان
بىر كىشى كېلىپ قىرائەت قىلدى. ئاندىن
بىر بىلەن تۇققان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنى ئۆيدە ئىززەتلەپ
مېھمان قىلدۇق، ئەتىسى ئۆزىچىلا قولتۇقلاپ
كەلگەن گىلىمىنى ئۆيىمىزگە ئېسىپ قويدى.
گەپ - سۆز قىلمايلا مۇنداق قىلغىنىغا قاراپ،
بۇ گىلەمنى تۇققانچىلىق خاتىرىسىدىن سوغا
قىلىپ ئەكەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇق،
ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ كورلىدا جىق
ئويناتتۇق ھەم قەدىرلەپ مېھمان قىلدۇق.
ئۈرۈمچىدە ھەدەم بار دەپ، سىڭىنىڭ
ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۆيدىكى بىلەن
ئىككىمىز ناۋادا بۇ تۇققىنىمىز كەتمەكچى
بولسا 200 كويدەك نەق پۇل، يەنە بىر -
مۇنچە سوغا - سالام بىلەن يولغا سېلىپ
قويارمىز دەپ تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇق.
ئارىدىن سەككىز كۈن ئۆتكەندە، بۇ تۇققى-
نىمىز بىر خۇشىمىزنى كىرگۈزۈپتۇ. «گىلەمنى
300 كويغا ئالغاچ كەلگەن ئىدىم، پايدا
ئالمىغان دىمەيمەن، ئىز پۇلىنى بەرگەن
بولسا» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەر - خوتۇن
ئىككىمىز داڭقېتىپلا قالدۇق. بىر ۋاقىتتا
بىزنىڭ ئۆيدىكى ئاچچىغىدا پايلىماي گىلەمنى
يۇلۇپ چىقىپ تالاغا ئاتتى ھەمدە ئۇ ئادەمنى
«كۆزۈمدىن يوقال!» دەپ قوغلىدى. ئەگەر
ئۇ كىشى چاپسان كەتمىگەن بولسا ئۇرۇپ
قويۇشى مۇمكىن ئىدى. خۇدايا تۆۋە قىلدىم،
مۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدىكەن، ئۇ تۇققان
ئەمەسكەن، قوساق باقتى، ئالدامچى ئىكەن.
ئادرېسىنى ئېيتىپ قويغىنىمغا قاتتىق پۇش-
مان قىلدىم، ئۇ ئادەم سىڭىلىمۇ بىزگە ئوخشاش
ئەخمەق قىلمىسۇن دەپ ئالدىراپ بۇ خەتنى
يازدىم. ناۋادا ئۇ كىشى بېرىپ قالسا (ئۇ
چوقۇم بارىدۇ) ھەرگىز ئۆيۈڭگە كىرگۈزمە.
خەير - خوش ئامان بولۇڭلار!

قولۇڭنى سىڭىللارچە قىسىپ: لەتىپە.»

ئۆزىنىڭ ئالدامچىنىڭ دامىغا چۈشە-
كەنلىكىنى چۈشەنگەن ھەنىپە خۇددى ئىگىز
ئاسماندىن لاچىن سوقىقان كەپتەردەك
پالاقشىپ زېمىننىڭ تەكتىگە چۈشمەكتە ئىدى.
ئۇ ھالسىزلىنىپ جايىدا ئولتۇرۇپلا قالدى ....

(بېشى 35 - بەتتە)

ئۇنىڭ بۇرنىدىن شىرىلداپ قان ئېقىۋاتاتتى.

— ئۇكام تويخۇن، مەن ساڭا ئۇۋال
قىلغان، بۇرۇنمۇ ئېيتتىمغۇ، مەن ئەيىپلىك،—
دىدى ئۇ تويخۇنغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ
ئاۋازى بوغۇلغان ھەم تىترەپ چىقاتتى،
ئاشۇ ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق بىزنى مۇ-
شۇنداق دۈشمەنلەشتۈرۈپ قويدى، مەن سەن-
دىن ئەپۇ سورايمەن ... بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ
ھازىر؟ ھەي ... ئوڭ قولۇڭ سۇنۇپتۇمۇ نى-
مە؟ ... ئەستاغپۇرۇللا، يامان بوپتۇ، بەك
يامان بوپتۇ. يۈر، تېزرەك دوختۇرغا بارايلى.
مەن سېنى ھاپاش قىلاي ....

ئۇ، تويخۇننى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قوپتۇغى-
دىن يۆلىدى. تويخۇن بولسا، زوۋان سۇرمەس-
تىن يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى، تىترەيتتى،
نىمدۇ دىمەكچى بولاتتى - يۇ، دىيەلمەيتتى ...
ئو بىردىنلا سول قولى بىلەن چاڭجاڭنى قۇ-
چاقلاپ ئالدىغا تارتتى - دە، ئېسەدەپ يىغ-
لىۋەتتى. چاڭجاڭنىڭ كۆلۈمسىرىگەن كۆزلى-
رىدىنمۇ تاراملاپ ياش تۆكۈلمەكتە ئىدى ....

يىراقتىن بىر ئايال كىشىنىڭ: «تويخۇ-
خۇن!» دەپ چاقىرىغان ئەنسىز ئاۋازى تەك-
رار - تەكرار ئاڭلىنىشقا ۋە بارا - بارا يې-
قىنلاشقا باشلىدى.

# باھار غۇنچىلىرى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەنىۋى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەكتەپتىكى ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ئۆتكەن يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار شېئىرىيەت ئۇيۇشمىسى» قۇرغان ئىدى. 150 تىن ئارتۇق ياش ھەۋەسكارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بۇ ئۇيۇشما يېڭى يىل ئەرپىسىدە تەنتەنىلىك دېكلاماتسىيە يىغىنى ئۆتكۈزدى. ژورنىلىمىزنىڭ بۇ ساندا دېكلاماتسىيە يىغىنىدا شېئىر ئوقۇغان بىر قىسىم ياش ھەۋەسكارلارنىڭ شېئىرلىرىنى تاللاپ باستۇق.

تەھرىرىدىن.

## شېئىرلار

**ياسىن ئىمىن**

### تاغ ۋە باغ

تۇرۇدۇ سوزۇلۇپ يەردىن پەلەككە،
تاقىشىپ بولۇتقا ئاقۋاش ئېگىز تاغ.
بولاقلار قايناپدۇ يانباغىرلاردا،
ئاڭلىنار شاۋقۇنلار قىيادىن ھەر چاغ.

قارساڭ، چوققىدىن يىراق - يىراققا،
كۆز يەتمەس مەنزىرە بولار نامايان.
ئۇ شۇنداق بىر باغكى، ھاياتقا ماكان،
گۈلشەنلەر سوزۇلۇپ ياتار بىپايان.

ئەسلىتەر كىشىگە ھەسەن - ھۈسەننى،
سامادىن تىك چۈشكەن شاقىراتمىسى.
تاشلاردىن تاشلارغا ئۇرۇلغان سۇنىڭ
شاۋقۇنى ھاياتنىڭ گۈلدۈرمامىسى.

جەم بولغان بۇ يەرگە بارچە گۈزەللىك،
كۆرۈنەر تاۋلىنىپ بىر رەڭدار گىلەم.
جەننەتنىڭ قۇشلىرى بولۇپ مەھلىيا،
سايرايدۇ چىمەنلەر ئىچىدە ھەردەم.

AltunOq

يۇلتۇزلار مارشار كۆكتە تەلمۈرۈپ،
شۇ گۈزەل چىمەنگە باغلاپ ئىشتىياق.
بەزىدە كۆز قىسار ھەسەت ئارىلاش،
چاقنىسا باغرىدا رەڭگا - رەڭ چىراق.

كۆمۈش رەڭ لىپىتىدەك سوزۇلغان ئۆستەڭ
تاغلاردىن باشلىنىپ، ئۆلىنار باققا.
كەڭ زېمىن باغرىغا بولۇپ گويا قان،
سىڭدۇ زىلال سۇ ئەزىز تۇپراققا.

پاھ! مېنىڭ يۈرىگىم دولقۇنلىماقتا،
نەقەدەر گۈزەل - ھە، بۇ كەڭ تەبىئەت؟
سىغىسدى قۇچاققا ئاشۇ كەڭ زېمىن،
باغاشلاپ مەن ئۇنى، سۆرسەم پاراغەت!

## كېلىچەك سۆيگۈسى

تەلپۈنمەس تەقەززا بولۇپ كىم ساڭا،
سۆيگۈسى دىللاردا يانغان كېلىچەك.
سەن گويا كۆكسۈمدە يانغان نۇر چىراق،
شەيدايىڭ شەمئىگە ياقىدۇ يۈرەك.

سەن يىراق مەنزىلدە كۆرۈنگەن ئاتەش،
تىترىگەن تەنلەردە قوزغاپ ئىشتىياق.
ئەسىرلەر تېغىدىن ئۆتتى كارۋانلار،
خەتەرلىك يوللارنى قالدۇرۇپ يىراق.

سەن نۇرلۇق بىر قۇياش، ئىنسان قەلبىنى
ئىللىتار مېھرىڭنىڭ شولا - يالقۇنى.
سايلاردا تەشنالاپ بولغان جانلارغا
سەن ھايات بەرگۈچى دەريا دولقۇنى.

سۆزلەيدۇ مىڭ يىللار ھېكايىسىنى
سايىسى سەيياھقا ئارامگاھ توغراق.
ئۆتتۈشكەن تالاي رەت بۇندىن باتۇرلار
زۇلپىقار ئوينىتىپ، مىنىپ ئارغىماق.

چاچىرىغان قانلاردىن قىزارغان ئۇپۇق،
گۇۋالىق بېرىدۇ زېمىن ھەققىدە.
نىمە ئىش بولمىدى بىر تۇرغان شاردا،
كېلىچەك مېھرىگە باغلاپ ئەقىدە.

بارىدۇ ھاياتلىق ساڭا ئەگىشىپ،
بۇ چەكسىز سەپەرنىڭ يوقتۇر پايانى.
گويا سەن ئاخىرى پۈتمەس بىر داستان،
سۆزلىسەم تۈگىمەس سۆزۈم بايانى.

بوۋىلار تەلپۈنگەن پارلاق كېلىچەك
جاي بەردى قوينىدىن بىزلەرگە بۈگۈن.
بىز كۈتكەن ئەتىنى كۆرىدۇ ئەۋلات،
ئۇلارنىڭ مېھرىنى قوزغايدۇ ئۆگۈن.

زوقىنى تارتىدۇ قىلىپ تەبەسسۇم
ئالدىمدا جىلۋىلىك بىر جۇشقۇن ھايات.
كېلىچەك قايدا؟ دەپ تۇرمايمەن كۈتۈپ،
ئىقبالغا كۆز سېلىپ چاپتۇرىمەن ئات.

يارامدۇ دولقۇنلار باغرىنى قېيىتى،
شىددەتلىك رەۋىشتە ئۇرمساڭ پالاق.
كاراپتەك بارمىساڭ ئۇپۇقلار يىرىپ،
ئۆزىچە ئالدىڭغا كېلەمدۇ قىرغاق؟!

## سايەم

يېلىنجايدۇ سامادا قۇياش،
نۇرغا ئوراپ تاغۇ - دالانى.
ئىللىق شامال سۆيۈپ ئۆتىدۇ،
ئەركىلىتىپ ھەر بىر گىيانى.
شۇ چاغ خوشال مەن سايەم بىلەن،
گۈلزارلارنى ئارىلاپ كېلىمەن.

ھاياجاندا كېلىمەن مەغرۇر،
ياندا سايەم مەندىنمۇ پۇزۇر.
ھەمرايىمغا قاراپ زوق بىلەن
بۇ دوستلۇقتىن ئالىمەن ھوزۇر.
دەيمەن: «ماڭا چىن دىلكەش سايەم،
ئايرىلمايدۇ مەندىن بىر قەدەم.»

ۋادەرىخا! كۆك تۇمانلىنىپ،
قۇياش بىردىن يۇمدى كۆزىنى.
ئاپتاپتەك ئۇز كۈلگەن تەبىئەت
رومال بىلەن ياپتى يۈزىنى.
سوغاق ئېقىم كەلدى ھاۋادىن،
بۇلۇت مۆلدۈر تۆكتى سامادىن.

چىلىق - چىلىق بولۇپ ئۇستىۋاش،
توڭۇپ، تىترەپ كەتتى تەنلىرىم.
«قېنى سىز؟» دەپ قارىسام دەرھال،
ئاھ! قېشىمدا يوقتۇر ھەمرىيىم.
يۈرىكىمنى قاپلىدى پىغان،
جان سىردىشىم قالغاندۇ قايان؟

بىردىن چاقماق چېقىپ سامادا،
چۈشتى يەرگە «لاپ» قىلىپ شولا.
پەيدا بولدى سايەممۇ شۇ چاغ،
چاقماق نۇرى چۈشۈش بىلەنلا.

لېكىن تېزدىن ئۆچتى شولىمۇ،
يوقاپ كەتتى بىرگە سايىمۇ.

ئۆتتى چاغلار، كۈلىمدى ئاپتاپ،
سوقتى مۆلدۈر گۈللەرنى ساۋاپ.
سايەم يوقاپ كەتتى شۇ پەيتى،
دىلىم بولدى ھىجراندا كاۋاپ.
ھەيھات! يەنە پارلىدى قۇياش؛
نۇرغا چۆمدى يەر - جاھان تۇتاش.

باھار ئاپتاپ سەپكەچ بېشىمغا،
سايەم پەيدا بولدى قېشىمغا.
غەزەپلەندى قۇياش چىدىماي،
ھاياجاندا ئۆكسەن يېشىمغا.
دېدى: «نىچۈن خۇشالسەن ئەخمەق،
سۆزلىرىدىگە سال ئۇبدان قۇلاق.»

سەن يارىم دەپ قىلساڭ چەك ياقا،
ئۇ نەلەردە قىلدى تاماشا؟
كەتتى بەختىڭ، كېتىش بىلەن تەڭ
كەلدى ئامەت كەلگەندە يانا.
نەسىھەتىم شۇ بىر كەلىمە،
ئۇنى يەنە كەتمەيدۇ دىمە!»

*

بۇ خىتاپتىن قالدىم ئويلىنىپ،
ھېسسىياتىمغا سىڭدى قۇلۇپ.

# ئانا تىيانشان

## تاھىرجان قاسىم

بۇلۇتقا باش تىرەپ تۇرىسەن مەغرۇر،
ئۇستىڭدە كۈمۈشتەك يالتىرايدۇ قار.
قارىسام، شۇ ئاقۋاش چوققىلىرىڭغا
قەلبىمدە بىر دەريا مۇھەببەت ئاقار.

ئۆستۈمەن قوينىڭدا شات ۋە غۇبارسىز،
خىسلىتىڭ قەلبىمگە سىڭدى بوپ قىبام.
بورانغا باش ئەگمەس يېشىل قارغايدەك
بەردىڭسەن ماڭىمۇ غەيرەت ۋە چىدام.

قارىسام، كۆرۈنەر چوققىلىرىڭدا
جۇتلارغا بوي بەرمەس ئاق قار لەيلىسى.
بىلىمەن ئۇ چوققۇم باتۇر قىزلارنىڭ
جەڭلەردە چېچىنى بۇققان ئىپتىسى.

هازىرمۇ قوينىڭدا ياشنايدۇ ئۇلار
شۇۋىرغان - جۇتلارغا بەرداشلىق بېرىپ.
يالقۇنلۇق مېھرىڭدىن ئالغاچ هارارەت،
تۇرار ئۇ ياشىرىپ، ئاپپاق ئېچىلىپ.

هەيۋەتلىك قەد كېرىپ تۇرغان قارغاينىڭ
ئاياندۇر قەلبىمگە كەچمىش قىسسىسى.
ئۇ سېنى قوغداشتا جان پىدا قىلغان،
مەردانە جەڭچىنىڭ مەغرۇر سىماسى.

شۇ باتۇر ئوغلانلار ئىچ ئاغرىغىدا
كۈمۈشتەك ئاقارغان سېنىڭ چاچلىرىڭ.
كۆكسىڭدىن ئېتىلىپ چىققان بۇلاقلار
ئەمەسمۇ ماتەمدە ئاققان ياشلىرىڭ؟!

قېرىدىلىڭ سەن لېكىن تۇرار قامىتىڭ
شۇنچىلىك مەردانە، شۇنچىلىك مەغرۇر.
مەنىلىك كۈلۈسەن قاراپ سەن ماڭا،
بېغىشلاپ كۈچ - قۇۋۋەت مەرتلىك ۋە غورۇر.

كۆرىمەن نۇرانە ئۆتكۈر كۆزۈڭدىن
خەلقىمنىڭ ئۈمىتلىك قاراشلىرىنى.
كۆرىمەن كۈمۈشتەك چاقناشلىرىڭدىن
جەڭگىۋار ئەجدادنىڭ مىراسلىرىنى.

قۇچىغىم يەتسىدى قۇچاقلاپ سېنى،
ئانىلىق مېھرىڭگە ئالاتتىم قېنىپ.
«بالام» دەپ بېشىمنى سىلىساڭ شۇ چاغ،
كەتەمسىمۇ شاتلىقتىن يۈرەك يېرىلىپ!

ئانىغا تەلپۈنگەن سەبى بوۋاقتەك،
تەلپۈنەر يۈرىگىم ساڭا هەر قاچان.
غورۇرۇم، پەخرىمسەن، ياشىغىن ئۇزاق،
ئەي ئۇلۇغ، مۇقەددەس ئانا تىيانشان!

# شېئىرلار

**باتۇر روزى**

## ئانا يۇرت سۆيگۈسى

ئانا يۇرتۇم، سۆيگۈڭ ئەزىم دەريادۇر،
مەن چوڭ بولغان دولقۇنىغا چۆمۈلۈپ.
تۇپرىقىڭدىن گويا سۆيگۈ پۈرايدۇ،
ئۆسمەكتىمەن شۇ سۆيگۈگە كۆمۈلۈپ.
قونسا قۇياش ساڭا ئالتۇن تاج بولۇپ،
قۇياش كەبى سۆيگۈڭ دىلغا قونىدۇ.
قۇياش ئەكسى كۆللىرىڭدە تەۋرەنسە،
كۆڭلۈم سۆيگۈ دېڭىزىغا تولىدۇ.
ئاشۇ سۆيگۈ بۆشۈك بولۇپ، ئانىجان،
يېتىلدۈردى مەندە ۋىجدان، غورۇرنى؛
تاپتىم ئۇندىن ئەقىل - ئىدراك، ئىپتىخار،
بېغىشلىدى ماڭا شاتلىق هوزۇرنى.
شۇڭا سېنىڭ ئىشقىڭ دىلدا ئورناشقان،
كېتەلمەيمەن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىپ؛
سۆيگۈڭ دىلدا مۇقەددەس بىر قارىغاي،
سۇنماس هەرگىز ئاسانلىقچە قايرىلىپ.
ئانا يۇرتۇم، كېتەلمەيدۇ ئايلىنىپ،
سۆيگۈم سېنى قۇياش كەبى، ئاي كەبى؛
كۆڭلۈم مېنىڭ گويا ئالتۇن پىيالە،
ئىشقىڭ ئاڭا قۇيۇلىدۇ چاي كەبى.

## كېلىچەك

ئاھ يۈرىگىم، تايچاقمىكىن بىلمىدىم،
تىپچەك ئېتىپ كۆكرىگىمنى تېپىدۇ؛
ئاھ يۈرىگىم، چىچەكمىكىن بىلمىدىم،
ۋۇجۇدۇمغا گويا ئىپار سېپىدۇ!

تاپالمىدىم، تايمۇ ئەمەس، چىچەكمۇ!
بىر ئوتكى ئۇ ياقۇنجىغان گۈلخاندەك؛
تەپتى قۇياش، گوياكى ئۇ قەلبىمگە
نۇر سېپىدۇ چاراقلىغان چولپاندەك.

بىلمىدىم ھىچ ئۇ پەردىزات ئىشقىمۇ،
چېھرى بىلەن ئۇتتۇۋالغان كۆڭلۈمنى؟
بوستان كەبى جىلۋە قىلىپ، ناز قىلىپ،
سېھرى بىلەن سېتىۋالغان ئۆمرۈمنى؟

ھەئە، تاپتىم: ئۇ كېلىچەك - كېلىچەك!
پەردىزاتتەك جىلۋىسى بار، چېھرى بار.
ئۇنىڭ پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق چېھرىدە،
يۈرەكلەرنى مەپتۇن قىلار سېھرى بار.

شۇڭا سوقار كېلىچەك، دەپ يۈرىگىم،
كۆزلىرىممۇ كېلىچەكنى كۆزلەيدۇ.
كېلىچەككە تەلپۈنىدۇ ۋۇجۇدۇم،
تىلىم ئۇنىڭ تەرىپىنى سۆزلەيدۇ.

شۇ كېلىچەك مېنىڭ ئەتەم — نىشانەم،
سىزىپ بېرەر كۈمۈش رەڭلىك يول ماڭا.
شۇ كېلىچەك ئۈمىت بېرەر قەلبىمگە،
ئىلگىرىلەيمەن ئىقبالسېرى مەن ئالغا!

## كۆك ئاسمان چاچقانمىكىن كۈمۈش تەڭگە

كۆك ئاسمان چاچقانمىكىن كۈمۈش تەڭگە،
كۈمۈشكە پۈركىنىپتۇ ئانا تۇپراق؛
باغلاردا ئېچىلىپتۇ كۈمۈش چېچەك،
بەك سۈزۈك، بەك چىرايلىق، بەكمۇ ئوماق.
كۆك ئاسمان چاچقانمىكىن كۈمۈش تەڭگە،
كۈمۈش تون يېپىنىپتۇ دەريا - قىرغاق؛
ئۇيۇقتا ماراپ تۇرغان ئالتۇن قۇياش،
كۆز قىسىپ قاراپ كېتەر ئۇزاق - ئۇزاق....
قار ياغدى — كۈمۈش ياغدى، كۈلدى ئەتراپ،
قەلبىمدە گۈزەل ھىسلار چېچەك ئاچتى؛
قەلبىمگە كۆچتى قارنىڭ گۈزەللىگى،
گۈزەللىك ۋاراقلارغا ئۇنچە چاچتى....

## باغۋەن قىز

نە قەدەر بۈك - باراقسان بۇ گۈزەل باغ،
شاخلاردا ئالمىلىرى دانە - دانە؛
باغلارنى كېزەر مەڭزى ئالمىدەك قىز،
قىپ - قىزىل لەۋلىرىدۇر مىسلى لالە.
چېھرىدە مارجاندەك تەر تامچە - تامچە،
گوياكى گۈل بەرگىدە قەترە شەبنەم؛
قىز شاختا،
خۇددى شاختا ئاي مارايدۇ،
(ۋە ياكى گۈل بىلەن گۈل بولدىمۇ جەم،)
تۈن كېچە،
ئاسماندا ئاي ئەگىگەندە،
باغلارنىڭ قوينى بىردىن سەگىگەندە....
قىز ئۆيدە (ئەمدىلا ئۇ قايتتى باغدىن)
ئانىسى ئاڭا راسا تەگىگەندە....
قىز دەيدۇ: «بولدى قىلىڭ، ئانا ئەمدى،
ئىشلەيمەن باغدا شۇنداق پاتقىچە كۈن؛
گايىدا دەپ كېتىمەن تېخى كايىپ،
قۇياشمۇ ئولتۇرمىسا، بولمىسا تۈن!»

## دىخان بوۋاي

تامغا نەقىش ئويغان كەبى گۈل،
ماڭلىيىڭغا چۈشۈپتۇ قورۇق؛
قار ياققاندەك مويسىپىت تاققا،
چېچىڭغا ئاق كىرىپتۇ قويۇق.

لېكىن چۈشمەس كەتمەن قولۇڭدىن،
كۆزلىرىڭمۇ نۇر چاچار يورۇق.
مېھرى ئىسسىق كۈلگەن يۈزلىرىڭ
گويا قۇياش نۇر سەپكەن ئۇپۇق.

دىخان بوۋا، قېنى، ئېيتقىنا!
ساقاللىرىڭ نىمانچە قويۇق؟!
چۈشىنىمەن قېرىپ قالساڭمۇ،
لېكىن كۆڭلۈڭ تېخى ياش ۋە توق.

قېرىتىدۇ يىللار كىشىنى،
(چۈنكى تۇرسا ۋاقت ئاتقان ئوق)؛
لېكىن، هايات، مېھنەت ئىشقىنى
قېرىتالماس يىللارمۇ تولۇق!

## دوختۇر قىز

خۇددى قاردەك كۆينىگىڭ ئاپپاق سېنىڭ،
بىلىمەن، قەلبىڭمۇ قاردەك ئاق سېنىڭ.
يىپقا تىزغاندەك گويا مارجان قىلىپ،
قاپتۇ سانسىز ئىزلىرىڭ شۇنداق سېنىڭ.
خۇددى قاردەك ياغدى مېھرىڭ بۇ كېچە،
جانغا سالغاندا ئازاپ تولغاق سېنىڭ.
ئانىنىڭ قاردەك ئاقارغاندا يۈزى،
قىلدى ئەجرىڭ ئۇنى ساغلام-ساق سېنىڭ.
هەم ئۇنىڭ قەلبىنى قىلدى شۇنچە شات،
ئالقىنىڭدا كۆز ئېچىپ بوۋاق سېنىڭ.

كۆكتە يايغاندا ئىتەك تۈن پەردىسى،
باقتى دىل رايىڭ ئاڭا قانداق سېنىڭ؛
سوغ-زىمىستاندۇر — ئىلانىنىڭ نەشتىرى،
هەم يولۇڭ ئوي-دۆڭ ۋە كۆپ يانتاق سېنىڭ.
بىلىمەن، قەلبىڭ تۇتاش ئەل رىشتىگە،
ئەلگە ئىشقىڭ چوغ، ئىرادەڭ تاغ سېنىڭ.
قەدرىنى بىلدىم بۈگۈن قار رەڭگىنىڭ،
قار كەبى قەلبىڭگە مەن ئامراق سېنىڭ.
سۆيگۈمىزمۇ قار كەبى پاك بولغۇسى،
بولسا ئەھدىڭ، مېھنىتىڭ شۇنداق سېنىڭ.

# ئىككى شېئىر

### ۋاھتجان ئوسمان

## بۇلاق ھەققىدە ناخشا

ئاق ئايدىڭ كېچىدە بۇلاق بويىدا،
تۇردۇمەن يىگانە، بۇلاققا قاراپ.
ئىلھامىم تارىنى تىترىتەر تىنماي،
يالقۇنلۇق خىياللار قەلبىمنى ئوراپ.

زۇمرەت رەڭ مارجاندەك چاچقۇلار چېچىپ،
كۆۋجەپ سۇ ئوخچار بۇلاق كۆزىدىن.
تۈن قىزى تولۇن ئاي نۇر جامى تۇتۇپ،
بىر ئۇماق كۆرۈنەر سۇنىڭ يۈزىدىن.

AltunOq

«ئاھۇ كۆز، كۈمۈش يۈز، ئەي كەۋسەر بۇلاق،
سەن زېمىن مەركىزىدە بالقىغان زىناق» —
دېدىم مەن باسالماي ھاياجىنىمنى،
شۇ بۇلاق سۈيىدەك ھېسلىرىم قايناق.

نەچچە گەز تۇپراقنىڭ باغرىنى يېرىپ
چىقىدۇ، پونتانلار ياسايدۇ سۈيۈك.
تۈمەن مىڭ دىللارنىڭ مەيلىنى تارتار
شىلدىرلاپ ئېقىشىڭ، شاۋقۇنلۇق كۈيۈڭ.

تۆھپىكار بابىدا ئۆزەڭسەن سولتان،
جان تاپار سۈيۈڭدىن گۈل-گىيا، ئىنسان.
سېخىلىق بابىدا ھاتەم سەن گويا،
ياشنايدۇ سۈيۈڭدە چىمەنگاھ، بوستان.

بويۇڭدا ئېچىلار كۆكلەم-باھاردا
شەپەقرەڭ گۈللىرىڭ چېچىپ ئەتىرلەر.
گۈللەرنىڭ مەڭزىگە قونغان تۇزاڭنى
يۇيۇدۇ سەن چاچقان ياقۇت قەترىلەر.

مىسالى، ئېپاردەك گۈللەر پۈرىقى
چىللايدۇ باغرىڭغا تۈمەن بۇلبۇلنى.
مۇڭلىنىپ سايرىغان ئاشۇ بۇلبۇللار
تارتىدۇ ئۆزىگە مېنىڭ كۆڭلۈمنى.

تېپىشار بويۇڭدا مۇرات ۋە ۋىسال،
مۇھەببەت ئىشقىدا كۆيگەن يۈرەكلەر.

ئەڭ لەزىز سۆھبەتلەر بەزمىسى قۇرۇپ،
سۆزلىشەر، بىلدۇرۇپ ئوتلۇق تىلەكلەر.

شەربەتنى سېنىڭدىن ئۇسۇپ چېلەككە،
تاڭ سەھەر قالدۇرۇپ يىپ-يېڭى ئىزلار،
كېتىشەر، چاچلىرى بىر دەستە سۇمبۇل،
ئاغزى گۈل، مەڭزى گۈل، قەلبى گۈل قىزلار.

سەن رەسسام ۋە ياكى ئۇستا كەشتىچى،
ياپىسەن زېمىنغا لىباس-تون زەرباپ.
سەن لوقمان، چۆللەرگە مەلھەم بولغۇچى،
شۇڭلاشقا جەننەتنى ئەسلىتەر ئەتراپ.

سەن تارىخ ئەينىگى، كۆرۈنەر سەندىن
ئەجداتىم قامىتى، بەستى سىماسى.
سەن قامۇس، ئەسىرلەر يېزىپ قالدۇرغان
ھۆسنىڭدىن چاقنايدۇ ھېكمەت تۇماسى.

ئۇرسىمۇ بورانلار كۆزۈڭگە قۇمنى،
قىش ئېلىپ كەلسىمۇ شىۋىرغان-سوغاق.
تۇرسەن گۆھەردەك پاقىراپ يەنە،
قۇم، مۇزلار ياپالماس يۈزۈڭگە تۇۋاق.

ئەي بۇلاق، سېنىڭ پاك خىسلەتلىرىڭنى
قىلسەن ھاياتقا ئەندىزە، ئۆرنەك.
قەلبىمدە ئۆركەشلەپ ئاقسۇن مېنىڭمۇ
سۈيۈڭدەك سۈپ-سۈزۈك غايە ۋە ئىستەك.

## سەھرا قىزى

مەڭزى قىزىل، ئەي سەھرا قىزى،
ھۆسنىڭ تاڭنىڭ چولپان يۇلتۇزى.
چاچار ساڭا ئۈنچە-جاۋاھىر
يۈرىگىمنىڭ يالقۇنلۇق سۆزى.

سەن گۈزەللىك بابىدا سولتان،
قەلبىڭ گويا ئاتەشلىك گۈلخان.

ھايات ئۈچۈن باسقان ئىزىڭدىن
يازسا پۈتمەس مىڭ تۈمەن داستان.

چىداملىقسەن مۈشكۈل-جاپاغا
تەر تۆكۈپ، جان بەردىڭ توپىغا.
شۆھرەتپەرەس، مىشچان قىزلاردەك
مېھرىڭ چۈشمەس ئەڭلىك-ئۇپىغا.

سەن ئېتىزغا سەھەر ھەم كەچتە،
ئەجرىڭ بىلەن باسسەن كەشتە.
**شۇڭا** سېنى تۈمەن بۇلبۇللار،
كۈيلەپ قوشاق قوشار، بەس - بەستە.

مېھنەت، ئەجرىڭ ئەمەستۇر پۈچەك،
كۆتەر سېنى گۈزەل كېلەچەك.
ساپ قىزلارنىڭ غورۇر - ۋىجدانى
سەندە ياشناپ ئېچىپتۇ چېچەك.

شۇڭا چىمەن باغلارنى كېزىپ،
شېئىرىمدىن گۈل دەستە تىزىپ.
تۇتتۇم ساڭا، ئەي سەھرا قىزى،
سۈرىتىڭنى قەلبىمگە سىزىپ.

# ئەللەي ۋە شېئىر

**ئابدۇرېھىم ئابدۇللا**

مۆلدۈرلەپ ياتاتتىم بۆشۈكتە،
مۇڭ بەرگەچ ئانامنىڭ ئەللەيى.
خاماندىن كېلەتتى بىر تاتلىق
ئاتامنىڭ پىغانلىق «لاي - لېيى.»
ئۇخلاتماق كۈيىدا جان ئانام،
ئەللەيلەپ چىقاتتى ھەر كېچە.
ۋە لېكىن ئەللەينىڭ زوقىدىن
مەن بىدار ياتاتتىم تاڭغىچە.
تۈنلەرنى خىيالچان ئۆتكۈزگەن،
ئەمەسمۇ ئەللەينىڭ ھېكمىتى.
كەتمىدى ئانچىمۇ بىكارغا
شۇ سەبى خىيالنىڭ قىممىتى.
مەزگىلسىز بوشاندىم بۆشۈكتىن،
قارىدىم گۈللەرگە زەڭ سېلىپ؛
لاۋۇلداپ تاۋلانغان غۇنچىدىن
كەلگۈسى ئىلھامغا رەڭ ئېلىپ.
ساھىلدا تۇرىمەن،
سۇ ئۆتەر
ئالدىمدىن قوشاقلار ئەسلىتىپ.
كۈيدۈرسە ئارزۇلار يانغىنى،
چۆمۈلۈپ قايتىمەن پەسلىتىپ.
كۆكسىمدە ئۈممىتنىڭ دولقۇنى،
غايەمنىڭ مەنزىلى يېقىندەك.
ئۆگەندىم ھاياتنى دەريادىن،
كۆرۈنگەچ ھاياتمۇ ئېقىندەك.
كۈي تىزدىم گۈلدەستە تىزغاندەك،
ئەجىبا، ئەللەيگە تەڭ ئەمەس.
مېھرىكەن ئانامنىڭ ئەللەيى،
كۈيلىرى يالقۇنكەن، رەڭ ئەمەس.
رەڭدار ۋە ئاھاڭدار شۇ ئەللەي،
ئەۋجىدە نەپىسلىك زىننىتى.
ھەر مىسرا، كۈيلىتى بىر داستان،
ئۇندا بار بىر ئۆمۈر قىسمىتى.
ئۇندا بار ياشلىق ۋە مۇھەببەت،
ئۇندا بار ئۆتمۈشتىن شىكايەت؛
ئۇندا بار كەلگۈسى تىلەكلەر،
ئۇندا بار ھىجران ۋە ھېكايەت.
ئۇستازىم شائىرە ئانامدۇر،
ئەللەيى ئىلھامچى كۈيۈمگە؛
ئاي بولۇپ تۇيغۇمنىڭ كۆكىدە،
نۇر تۆكتى ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە.
ئۇستازىم شائىرە ئانامدۇر،
كۈيچىمەن دەريادەك توختىماس،
ئەللەيدىن تۆرەلگەن ئىشق بۇ،
ھېچ ئىشق بۇنىڭغا ئوخشىماس.
ئۆرتىمەس شېئىرنىڭ ئىشقىدەك
باغرىمنى نىگارنىڭ ئىشقىمۇ؛

دىلىمدا بىر ناۋا، ئوت - لاۋا،
توكمۇدۇم زىمىستان قىشتىمۇ.
بەختىنىڭ قالغىچى قايتىشتى،
باھارغا، ئىجاتقا يول ئېچىپ.
قەلىمىم كۆيلىدى زامانى،
قۇرلارغا دەستىلەپ گۈل چېچىپ.
قىزارغان ئۇپۇقنىڭ جامىدىن
مەن ئىچتىم ئىستىقبال كەۋسىرى.
پارلىدى ئىلھامىم مەۋجىدە
مۇبارەك بەختىمىنىڭ تەسۋىرى.
ئازمايمەن شېئىرىيەت دەشتىدە،
ئەل - ئاۋام بېغىدا غۇنچە كۆپ.
بولمايمەن ئۆزگىگە دىۋانە،
ئانا تىل كانىدا ئۇنچە كۆپ.
جەملەنگەن شائىرنىڭ قەلبىگە
خەلقنىڭ جەڭگىۋار ناخشىسى؛
ئىلھامنىڭ ئاتەشلىك تەپتىگە
چىدامدۇ شائىردىن باشقىسى.
شائىرلىق ئۇدۇمدۇر ئانامدىن،
كۆي تىڭقۇپ كېتىمەن قەۋرەمگە.
قەلىمىم مىراستۇر ئوغلۇمغا،
يادىگار قىلسۇن ئۇ نەۋرەمگە.

# ئىككى شېئىر

## كورەشچان ئۆمەر

## تاغ مۇھەببىتى

ھەي تاغلار، قۇچاقلاپ تۇغۇلدۇم سېنى،
مېھرىۋان ئانامسەن، بىر ئۆمۈر سىرداش.
ئۆستۈممەن باغرىڭدا چۆمۈپ بەختكە،
ئۆگەتتىڭ جاپاغا بېرىشنى بەرداش.

ھەي تاغلار، قۇچاقلاپ تۇغۇلدۇم سېنى،
گۆھەردۇر، ياقۇتتۇر، ماڭا ھەر تېشىڭ.
مەن كۈلسەم بېرىسەن كۈلكىدىن سادا،
يىغلىسام ئاقىدۇ دولقۇنلاپ يېشىڭ.

ئەي تاغلار، قۇچاقلاپ تۇغۇلدۇم سېنى،
ئاسرىدىڭ «ئارزۇلۇق بالام» دەپ مېنى.
ئاسمانغا تاقاشقان شەمشەردەك - چوققاڭ،
ئەگمىگەن باسسىمۇ بۇلۇت بوينىنى.

ھەي تاغلار، قۇچاقلاپ تۇغۇلدۇم سېنى،
ھەر ۋاقىت ھەمسۆھبەت بولىسەن ماڭا.
ئاجرالماي تۇرغاچ سەن ئانا زېمىندىن،
ئۇرغۇيدۇ تەگسىز بىر مۇھەببەت ساڭا.

ھەي تاغلار، قۇچاقلاپ تۇغۇلدۇم سېنى،
كۈچ تاپتىم سېنىڭدەك مەڭگۈ نەۋقىران.
ئالغاچقا خىسلىتىڭ قەلبىمدىن ئورۇن،
قىلمايدۇ ماڭا كار چاقماق ۋە بوران.

## جىسمىڭغا كۆچسۇن ئوتنىڭكى خىسلەت

ھۇشقىتار تالادا كۈچلۈك شىۋىرغان،
قىلغاندەك يەر - ئاسمان قوشۇلۇپ بەريات.
كەڭ دالا كۆمۈلگەن ئاپپاق قار بىلەن،
سوغاقتىن تىترەيدۇ گويا كائىنات.
ۋەلېكىن ئوت كۆيەر ئۆيدىكى مەشتە،
چىقىرىپ تاش كۆمۈر يالقۇن - ھارارەت.
نامايەن بولماقتا ئۇنىڭ تەپتىدىن
گوياكى غايىۋى ئۆلمەس جاسارەت.

ئۇ جاكا قىلغاندەك سوغاققا ئۇرۇش
تارقىتار ئىسسىقلىق ۋە نۇرنى قەۋەت.
ئۆچسىمۇ كۈل بولۇپ قىسقا مۇددەتتە،
قالدۇرۇپ كېتىدۇ دىللاردا ھۆرمەت.

چىن ئادەم بولماقلىق شۇنچىلىك قىيىن،
ھاياتتا مەنىلىك ياشىماق قىممەت.
قەرزدۇر خەلقىڭگە ئۆتتەك نەپ بېرىش،
يېتىلسۇن قەلبىڭدە، شۇ بۈيۈك خىسلەت.

# شېئىرلار

ئېزىز ئېلى

## چىراق تۈۋىدە

تۈن كېچىدە مورا بېشىدا،
ۋىل-ۋىل قىلىپ يانىدۇ چىراق.
ئۇنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا ئانا
زېھىن قويۇپ يامايدۇ ياماق.

تۈن كېچىدە مورا بېشىدا،
ۋىل-ۋىل قىلىپ يانىدۇ چىراق.
ئەنە زېرەك تىرىشچان بالا
ئەتە ئۈچۈن تەكرارلار ساۋاق.

تۈن كېچىدە مورا بېشىدا،
ۋىل-ۋىل قىلىپ يانىدۇ چىراق.
نۇرغا قاراپ يازىمەن شېئىر،
دىلدا قايناپ قىزغىن ئىشتىياق.

## تاشچى بوۋايغا

تاشچى بوۋاي تاشقا ئويۇپتۇ،
«ۋەتەن» دېگەن چىرايلىق سۆزنى.
ھەل بەرگەنمۇ ئاڭا قېنىدىن
چاقنىتىدۇ قارىسا كۆزنى.

دېدىم: «بوۋا، ۋەتەن قەدرىنى
سەن ھەممىگە ئەسلەتمەك بولساڭ،
«ۋەتەن» دېگەن مۇقەددەس نامنى
ۋەتەنسىزنىڭ قەلبىگە ئويساڭ!»

## ئۇچقۇن

چاقتى چاقماق ھەيۋىلىك گۈلدۈر بىلەن
باستى ئاسمان يۈزىنى قارا بۇلۇت.
بولسىمۇ گەر شۇنچە ھەيۋەت شەپىسى،
بولمىدى ئەمما ئۇنىڭ ئۆمرى مىنۇت.

خۇش بېقىپ ئاچتى يۈزىنى كەڭ ئۇپۇق،
يورۇدى ئەتراپ چىرايلىق نۇرلىنىپ.
مەن دېدىم: «ئۆتكۈنچى چاقماق بولغىچە
ياخشىراقتۇر يانغىنىڭ ئۇچقۇن بولۇپ.»

# ئىككى شېئىر

نۇردۇن ئىبراھىم

## ئىبرەتنامە

(ئۆزگەرگەن بىر ياش تىلىدىن)

سۇنىمىغىن جامىڭنى ساقى، مەن ئۆزەم مەيدىن يىراق،
ئالمىدى كۆڭلۈمنى دەپ ھەم كايىما سەنمۇ بىراق.
قالمىدى ئىستەپ كۆڭۈل مەن ئىچمىگەن شىرىن شاراپ
بولمىدى ئىچكەنگە ئىككى ۋە لېكىن يانغان چىراق.
ئەل سۆيەر ئوغلان ئىدىم، ئەل ھۆسنىدەك قەلبىم گۈزەل،
چىن ھايات مەناسىدىن ئالغان قولۇمغا تۇغ، ياراق.
ياڭرىتىپ شات ناخشىنى يانسام ئېتىزدىن كەچقۇرۇن،
تاڭغىچە شائىر ئىدىم، ئىلھاملىرىم مىسلى بۇلاق.
يوق ئىدى شىرىن ۋىسال پەيتى يەنە بۇندىن بۆلەك،
نۇرلىنىپ ئەجرىدىسىرى بەختىم كۈلەتتى زەپ ئوماق.
قاي كۈنىكىم، تۈنجى رەت تەگدى شۇ مەيگە لەۋلىرىم،
تاكى ھەركۈن ئىچمىسەم بولدى بېسىلماس ئىشتىياق.
قانمىدىم، ئىچتىم ھامان، بولدۇم ھاراقكەش ئاخىرى،
سولدى گۈل، ئۈندى تىلەك باغىم ئارا چاتقال - قىياق.
ئىش دىسە، مېھنەت دىسە مەيلىمنى ئانچە بەرمىدىم،
«مەي» دىسە دەسسەپ تىكەن، چاپتىم ھامان يالاڭغىداق.
مەيكى ئۇ تىمتاس نىمە، تۇرماس لېكىن قوساقتا جىم،
ئالمىدىم، ئەپسۇسكى، بۇندىن مەن يەنە ئىبرەت - ساۋاق.
گەر ئاشۇ مەيدىن ئىچىپ تۇتسا ناۋادا مەسلىگىم،
نە ئەقىل يوق، نە نومۇس، بولدۇم گويا ھايۋانسىياق.
خۇددى كۈچتۈڭگۈر ئۆزەم يەتمەس ماڭا ھىچكىم كۈچى،
ۋە لېكىن بولدى يەقىلسام يۈزلىرىم ئىتقا يالاق.
«ھاي!» دىگەنگە مۇش ئېتىپ، قىزلارنى كۆرسەم قاش ئېتىپ،
دوست ئۈچۈن ماجرا تېپىپ، ياردىم ھەمىشە قاش - قاپاق.
قايسى ئاق، قايسى قارا، پەرق ئەتمىدىم مەن زادىلا،
ئەكسىچە دوڭنى قويۇپ باستىم چۇقۇرغا ھەم ئاياق.
بۇ مېنىڭ قىلمىشلىرىمدىن چوڭ - كىچىك، ئەرۇ - ئايال،

AltunOq

يىرگىنىپ قىلدى نەسىھەت: «قىل ھەزەر، ئالدىڭغا باق!»
ۋادەرىخا! مەن بولۇپدۇرمەن بۆگۈن دەۋرانغا يات،
ئويلىسام، راستىنلا بەك چامداپتىمەن يولنى چاتاق.
ياش تۇرۇپ ھاجەتمىدى يازماق بۇ ئىبرەتنامىنى،
جەڭ ئارا گەرچە كۆزۈم كۆرسە يىراقنى باشتاراق.
مەي ئەگەر بولسا ئاشۇنداق، ئىچمىدىم شۇ مەينىمەن،
ياشلىقىم گۈلزارىدىن ئەمدى چېچىلسۇن خۇش پۇراق!

## يالتىرا، نۇرلۇق چولپان

سالام، ئەي دىخان تاغا، مۇڭداشقىلى
كەلدىم مەن، سۆزلىرىمنى ئاڭلا بىر پەس.
مېھنىتىڭ مىۋىسىگە بولۇپ شەيدا،
قەلبىمدە يالقۇنجايدۇ ئوتلۇق ھەۋەس.

كۆرگەنتىم سېنى بىر كۈن قىر بېشىدا،
بۇلبۇللار شوخ سايرىغان تاڭ سەھەردە؛
زوق بىلەن بۇ سەھەرمۇ چېپىپ كەتمەن،
يۇيۇپسەن ماڭلىيىڭنى كۈمۈش تەردە.

تەبىئەت تەختى ئۈزرە سۇلتانمۇ سەن،
پەسىللەر ئالار ھامان سەندىن بۇيرۇق.
كۆك سۆيگەن ئىگىز تاغلار ھوسۇلۇڭمۇ،
كۆلكەڭمۇ قۇياش تاڭدا تۆككەن يورۇق؟!

بىلىمەن، زامان كۆلدى نۇر ئىلكىدە،
يېڭىچە ئىمكان ساڭا بولدى نېسىپ.
قارىماس ھېچكىمنىڭ ھەم يامان كۆزدە،
قانچىلىك يىسەڭ - كىيسەڭ ئىشلەپ تېپىپ....

ئىش دىسە يەڭنى تۇرۇپ دىخان تاغا،
ھە، شۇڭا بۆگۈن بەكمۇ ئالدىرايسەن.
كەڭ ئېتىز گويا ساما، سەن بىر چولپان،
تۈن يېرىپ ھەر كۈنلىگى يالتىرايسەن.

قايىلمەن خىسلىتىڭگە، تارىخ گۇۋا
مۇناسىپ ساڭا ئەبەت شۇ يالتىراش.
يالتىرا يەنىمۇ، ئەي نۇرلۇق چولپان،
قىزارسۇن پاك نۇرىڭدا يەر - كۆك تۇتاش!

# پىشقەدەم شائىر — پەتتارجان مۇھەممەدى ۋاپات بولدى



ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مائاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، پىشقەدەم شائىر پەتتارجان مۇھەممەدى كېسەل سەۋەبىدىن 1984 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بەختكە قارشى 54 يېشىدا ۋاپات بولدى.

شائىر پەتتارجان مۇھەممەدى 1930 - يىلى تۇرپان ناھىيىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئازادلىق ئەرپىسىدە ئۈرۈمچى 2 - دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن؛ كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىۋى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئالىي پارتىيە مەكتىۋىدە بىلىم ئاشۇرغان. 1950 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شۇندىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىۋى، ليۇداۋان كۆمۈركان پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلاردا تەشۋىقات - تەرغىبات ۋە نەزەرىيە خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1958 - يىلدىن كېيىن «شىنجاڭ - ئەدەبىيات - سەنئىتى» (تارىم) ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ۋاقىتلىق مەسئۇل مۇھەررىر، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە مائاۋىن باش كاتىپ قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان.

شائىر پەتتارجان مۇھەممەدى ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، شېئىر ئىجادىيىتى ۋە ئوبزورچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ئۇنىڭ «ئۆمۈر چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1982 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئىدى. ئۇ يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىنى توپلاش ۋە نەشرگە تەييارلاشتا بىرقانچە يىل جاپالىق ئىشلىدى.

پەتتارجان مۇھەممەدى پىشقەدەم شائىر بولۇپلا قالماستىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى تەشكىلاتچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

ژورنىلىمىز پەتتارجان مۇھەممەدىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ.




(پوۋېست)

**توختى ئايۇپ**

1

ئاپتۇۋۇز گەزەرمە ئالدىدىكى شالاڭغىنا سۇ سېپىلگەن مەيداندا ئىز قالدۇرغىنىچە ئاستا قوزغالدى. ئۇزاپ ماڭغۇچىلار ئاپتۇۋۇز كۆزنەكلىرىگە ئۇلىشىپ، بۇ يەردىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن هالدا ئارقىسىغا كۆز ئۈزمەي قارايتتى.

نازىم يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاتار تىزىلىپ، ئۆزلىرىگە تىختىماي قول پۇلاڭلى-تىۋاتقان پىشقەدەم پولك كوماندىرىغا ۋە جەڭچى سەپداشلىرىغا ئوڭ قولىنى چېكىسىگە تىرەپ ئۇزۇنغىچە هۆرمەت بىلدۇردى:

— خەير - خوش، كوماندىر، خەير - خوش، سەپداشلار!

ئاھ، بۇ نەقەدەر ئېغىر ئايرىلىش؟

نازىمنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ئىسسىق ياش ئەگىدى.

ئاپتۇۋۇز دېڭىز يۈزىدىن تۆت مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى قارلىق تاغ باغرىدىن گويا بۇلۇتلار ئارىسىدا لەرزان ئۇچۇپ يۈرگەن قەيسەر تاغ بۈركۈتىدەك پەسكە قاراپ شۇڭغۇماقتا.

نازىمنىڭ كۆزى ۋە پۈتۈن ئەس-يادى ئاشۇ قارلىق تاغ باغرىدا قالغان. شۇڭا ئۇ، ئايرىلىش ھەسرىتى بىلەن كۆڭلى ئېزىلىپ، كوماندىرنىڭ مېھرىۋان چىرايى، كۈمۈشتەك ئاپپاق چاچلىرى كۆرۈنمەي قالغىچە تاكى مۇزلۇق تاغ قاپتىلىغا قاتار تىكىلگەن چېدىرلار ۋە ۋالىبول مەيدانىنىڭ يېنىدىكى بوشلۇققا رەت - رەت قىلىپ تىختى-

تىپ قويۇلغان ئاپتوموبىللار كۆزدىن يۈتكەچە ئارقىسىغا قاراپ ماڭدى.

نازىم چوڭقۇر خىياللار ئىلكىدە كېتىۋېتىپ، يۈرىكىدە چەكسىز خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە تولىمۇ ئېغىر كۆڭۈل يېرىمچىلىقىنىڭ ئازاپلاشلىرىنىمۇ ئېنىق ھېس قىلدى.

ئۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا، توغرا، جەننەتخان ئانا، راھىلە ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنى ھەربىي سەپكە ئۇزاتقان ئاشۇ يىلى كۆڭلىدە ئاشۇنداق بىر مۇرەككەپ تۇيغۇنى ھېس قىلغان ئىدى.

نازىم ئۇ چاغدا بۈگۈنكىدەك مەيۈس بىر تۇيغۇدا ئەمەس، تولىمۇ خۇشال يولغا چىققان. چۈنكى ئۇ، شۇنىڭ بىلەن يېزىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك ئەمگەكلىرىدىن ۋە تىل - ھاقارەت، دەشنام بىلەن ئازار بېرىپ، يۈرىكىنى لەختە - لەختە قان قىلغان كىشىلەرنىڭ كېيىنىمۇ يەنە يەر ئاستىدىن سىرلىق گۆلىيىپ يۈرۈشلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلغان ئىدى. ئۇ بۇلار ئۈچۈن خۇشال بولسىمۇ يەنە ئانىسى بىلەن راھىلەدىن ۋە سۆيۈملۈك ئەل - يۇرتتىن ئايرىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن كۆڭلىدە يەنە قانداقتۇر ئېغىر كۆڭۈل يېرىمچىلىقىنىمۇ ھېس قىلغان ئىدى.

بۈگۈنچۇ، ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولماقتا. شۇنداقتىمۇ يۈرەكتە يەنە شۇ ھېسسىيات: خۇشاللىق، ئىپتىخارلىق ۋە مەيۈسلۈك....

مانا تۆت يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى ئاھ، نېمە دېگەن ئۇزۇن، نېمە دېگەن قىسقا تۆت يىل بۇ!؟

«مېھرىۋان ئانا...!»

نازىم بۇ دۇنيادا ئۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئەزىزرەك بولغان يەنە بىر ئۇلۇغ مۆجىزاتنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ئانا — ئۇنىڭ نەزىرىدە خاك - تۇپراقنى زەرگە ئايلاندۇرغۇچى ئىلاھ، ئۇ ھەممىگە قادىر. پەقەت ئانىسىنىڭ مېھرى — مۇھەببىتى بىلەنلا كىشىلەر تۇغۇلغان ۋە ئاۋۇغان....

ئۆز ئانىسىنى ئاشۇنداق ئەزىز بىلگەن بىر پەرزەنت ئۆتۈپ كەتكەن تۆت يىلنىڭ قايسىبىر مىنۇت - سېكۇنتىنى ئۇنى سېغىنىش بىلەن ئۆتكۈزمىگەن - ھە؟! ئۇ ئەمدى بېرىپلا ئىشنى قولغا ئېلىپ، ياشانغان ئانىسىنى ھەممە غەم - قايغۇدىن خالاس قىلىدۇ. ئانا ئوغلىنىڭ ئىشلىرى توغرىلىق نېمىلەرنى ئويلاپ ئولتۇرۇدىكىن؛ راھىلەنى كېلىن قىلىۋېلىشقا قارشى ئەمەسمىكىن؟

راھىلە...قانداق ياخشى قىز - ھە؟ ئۇنىڭ يىراقتىكى بىر يىگىتنى مۇشۇنداق تۆت يىل كۈتەلىشى ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ساداقەت، ۋاپا ۋە چىدام - تاقەت كېرەك. ئۇ، ئۆزىگە بۇ چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەتنى نەدىن ئالدىكىن؟ توغرا، ئۇ كۈندە نەچچە قېتىم ئاشۇ مارجان بۇلاق بويىغا سۇغا بارىدىغان، بەلكى ھازىرمۇ يەنە بارىدىغاندۇ؟

بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن ئۇلارغا ياشلىقنىڭ تۇنجى لەززىتىنى بەخش ئەتكەن ئاشۇ بۇلاق ئەمدى ئاشۇ كۆڭلى سۇنۇق يالغۇز قىزغا ئۆزىنىڭ يەنە نېمىسىنى ئايىسۇن؟ ئۇنىڭ سۈيىدىكى ھەر بىر تامچىدا مەڭگۈ يېڭىلمەس بىر كۈچ بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇ قاتمۇ - قات تاغ - تاشلارنى يېرىپ، يورۇقلۇق دۇنياسىغا — يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىققان. شۇڭا ئۇ شۇنچىلىك سۈزۈك، شۇنچىلىك پاك - بىغۇبار، نىھايەت، ئۇنىڭ ئىنسانغا بەخش ئېتىدىغىنىمۇ پاكلىق، ساپلىق ۋە جەسۇرلۇق.

نازىم راھىلەنىڭ مۇشۇ يىللار ئىچىدە تاپشۇرۇۋالغان مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ ھېسسى بىلەن تولغان خەتلىرىنىڭ سان — چېكىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئاجىز. لېكىن ئۇ تاپشۇرۇۋالغان ھەر بىر پارچە خەت بىلەن قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭمۇ بىللە ئۆزىنىڭ تومۇرلىرىغا قان بىلەن تاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. نازىمنىڭ پايانسىز كوئىنلۇن تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا ئالدىغا يولۇققان سانسىز جاپا - مۇشكۇللەرنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىشىدا قىزنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئۈلۈشى بار. نازىم ئۇ سۆيگۈ خەتلىرىنىڭ ھەربىر سەھىپىسىدە سىياھى بوياپ كەتكەن نۇرغۇن ياش داغلىرىنىمۇ كۆرگەن. نازىم مۇنداق چاغدا ئۆزىنى تۇتالمايلا قالاتتى، شامالدەكلا ئۇچۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا بارغۇسى، ھەسرەتلىك كۆز يېشىنى ئۆز قولى بىلەن سۈرتكۈسى كېلەتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىنتىزام ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنداق قىلىشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، يەنە ئۆز ۋەزىپىسىگە ماڭاتتى. لېكىن ئاخىرقى مۇشۇ بىر يىلدا راھىلەنىڭ خېتى خۇددى بېشى ئېتىلگەن ئېرىق سۈيىدەكلا ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇنىڭغا نازىمنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ جىددىيلىكىدىن ۋاقتى - ۋاقتىدا جاۋاپ خەت يازالمىغانلىقى ھەم ئايلاپ - ئايلاپ سىرتلاردا ئاپتوموبىل ھەيدەپ يۈرگەنلىكىمۇ بىر سەۋەپ. كۆندە پوچتالىيوننىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ كۆزلىرى تالغان قىز ئۆزىگە ھار ئېلىپ، بۇتىناپ خەت يازماي قالدىمىكىن، ياكى ئۇ خەت يازسىمۇ يازغان خەتلىرى نازىمنى قوغلاپ يېتەلمەي، قايسىبىر چېدىر - گازارمىلاردا بېسىلىپ ياتامدىكىن؟ ھەر نىمە دىگەن بىلەن راھىلەدە گۇنا يوق، بارغاندا ئۇنىڭ رەنجىگەن كۆڭلىنى ئوبدان ئېلىش كېرەك....

تۇيۇقسىز قاتتىق سىلكىنگەن ئاپتوۋۇز بىلەن تەڭ كۆزلىرىنى ئاچقان نازىم كۆزنەكتىن سىرتقا قارىغاندا ئۆزىنىڭ مەخمەلدەك گۈزەل، ياپ - يېشىل دالىدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئارقىسىغا قارىدى.

خېلىلا ئۇزاقتا قالغان ھەيۋەتلىك پامىر ۋە كوئىنلۇن تاغلىرى ئاقۇش تۇمان ئىچىدە گويا سىرلىق بىر تىلسىماتتەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ھەربىر گىيا - تاشلىرى نازىمغا تونۇش. ھە ... ئەتە، ئاۋۇسى سەلتەنەتلىك مۇز تاغ ئاتا. نازىمنىڭ ئىككىنچى سۆيۈملۈك يۇرتى — ھەربى گازارمىسى ئەنە شۇ تاغ باغرىدا.

— خەيرى - خوش، كوئىنلۇن، خەير - خوش، مېنىڭ تاغلىرىم! — ئىچىدە ئاستا پىچىرلىدى نازىم.

ئېيۇل ئېيىدىكى يايلاق ھەقىقەتەن بىر جەننەت، شۇ تاپتا ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە باياشاتلىقىغا نىمە يەتسۇن؟ ئەتراپ رەڭمۇ - رەڭ تاغ گۈللىرىگە تولغان، دىماققا ئۇرۇۋا-غىنىمۇ ئاشۇ گۈللەرنىڭ ئاجايىپ خۇش پۇرىقى!

يىراقتىن سۆڭەك نەينىڭ دىلنى ئېرىتكۈچى يېقىملىق ناۋاسى ئۇچۇپ كەلدى، ئۇنى ئات ئۈستىدىكى چوپان — گۈزەل تاجىك قىزى چالماقتا. ئاپتوۋۇز قىزغا ئۇدۇللاپ كەلگەندە ئۇ نىمىندۇر تۈۋلىغىنىچە قىزىل ھېلىلە ياغلىقىنى بېشىدىن ئېلىپ، ئۇزاققىچە سىلكىپ قالدى. نازىم شۇ چاغدا يايلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن توپ - توپ قوي پادىلىرىنىڭ، كالا، قوتاز ۋە ئاتلارنىڭ بىردىنلا بېشىنى كۆتىرىپ، ئاپتوۋۇز تەرەپكە شىڭتىيىپ قاراپ قالغانلىقىنى كۆردى.

ئاپتوۋۇز تاجىكنىڭ قانچە كىگىز ئۆيلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ، يايلاقنىڭ چېكىگە

كۆز يەتكۈسىز كەڭ قوينىدا، توغرىراق ئېيتقاندا، تەڭداشسىز گۈزەللىك بىلەن تولغان گۈل دېڭىزى ئىچىدە ئۈزمەكتە.

نازىم يول چېتىدىكى دۆڭدە قولاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، ئاپتوۋۇزغا چەكچىيىپ قاراپ تۇرغان ئاق بوجەننى كۆرۈپ قالدى.

— ھاي... ھاي! — ئۇ شەپكىسىنى پۇلاڭلىتىپ، بار ئاۋازى بىلەن سۈرەن سالغاندا، ئۈركىگەن بوجەن تاق - تاق سەكرەپ، كۆزدىن غايىپ بولدى، بوجەن كىچىك بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئوقتەك تېز چېپىشلىرى نازىمنى بەك ھەيران قالدۇردى، ئۇ خېلىدىن بېرى يىراقلارغا قاراۋېرىپ تالغان كۆزلىرىنى بىر پەس يۇمدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى بوجەننىڭ ئۇزۇن قولاقلىرى، يۇمۇلاق كۆزلىرى، تاق - تاق سەكرەپ يۈگۈرۈشلىرى زادىلا نېرى بولمىدى. نازىمنىڭ بىر چاغلاردا مۇشۇنداق بوجەن ئىدى، يۈگۈرەيتتى، سەكرەيتتى. پۈتۈن مارجان بۇلاق مەھەللىسىنىڭ ئۇنىڭغا تارلىق قىلاتتى. ئۇ ئەر يېتىپ ئۈسكەنسېرى «بوجەن» لىگىدىن قالدى. لېكىن، ئويلاپ كۆرسە، ئۇ ھەربىي سەپكىمۇ ئەنە شۇ بەڭۋاش تۇرقى بىلەنلا كەلگەن ئىكەن، ئەمدىچۇ؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇنداق بالىلارچە تەنتەكلىكنىڭ ھېچنەرسىسى قالمىدى، ئۇ، ھەربىي قىسىمدىن باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قايتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھەربىي قىسىم گويا يالقۇنلۇق غايەت زور پېچ، ئۇنىڭغا چۈشكەن ئادەم شۇ ئوت ئىچىدە ئېرىپ، داتلاشماس پولاتتەك ھەقىقىي ئىنسانغا ئايلىنىدۇ. نازىم بۇرۇن ئۆزىنىڭ چېپىۋاتقان كەتمىنى بىلەن ئىككى - ئۈچ تاپلىق شەخسىي يېرىنىلا ئويلايدىغان، مانا تۆت يىلدىن كېيىن ئۇ كۆكسى - قارنىنىڭ بۆلەكچە كېڭىيىپ، كۆزىنىڭمۇ روشەنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تولىمۇ لەززەتلىك غايىگە ۋە شۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى يېمىرىلمەس كۈچ ۋە ئىرادە بىلەن تولغان.

ئاددى رودىنىڭ يارامىلىق پولاتقا ئايلىنىشى ئۈچۈن تالاي يىقىلغۇلار سەرپ بولدى، نازىمنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن پولك كوماندىرىنىڭ قانچىلىك يۈرەك قېنى ۋە سەپداشلىرىنىڭ قانچىلىك ئەجىرى - ياردىمى سەرپ بولغاندۇ؟

ھايات — بەخت ۋە شات - خۇراملىق بىلەن ئۆتكەندە ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكىنى بىلىنمەي قالىدۇ. ئېخ! تۆت يىل، ئېيتىلغان ئوقتەك كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆتۈپ كەتكەن تۆت يىل!

نازىمنىڭ قەلبى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆركەشلەپ، كۆكسى بىر پەسىيىپ بىر كۆتۈرۈلمەكتە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن پىشقەدەم پولك كوماندىرىنىڭ ئاتىلارچە مېھرىۋان چىرايى زادىلا كەتمىدى، ئاپتوۋۇز كۆزنىكىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان ئىسسىق شامال ئۇنىڭ ئاخشامقى سەمىمىي تىلەك ۋە ئۈمىدلىرىنى نازىمنىڭ قۇلىقىغا يەنە پىچىرلاپ ئېيتقاندەك قىلىدۇ: «... بىزنىڭ ئارمىيىمىز يېڭىلمەستۇر، چۈنكى، بىر مىليارت باتۇر خەلقنىڭ ئەقلى، كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئىرادىسى بىزدە مۇجەسسەم، بۇ مەڭگۈ شۇنداق، بۇنىڭ ھەقىقەتلىكىنى تارىخ تولۇق ئىسپاتلىدى...»

نازىم ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ قويدى، توغرا! ئەنە شۇنداق قوشۇننىڭ بىر جەڭچىسى بولۇش نەقەدەر شەرەپ! ئۇنىڭ ئاشۇ قوشۇندىن ئايرىلغانلىقى، پەقەت ئورنىنىڭ يۆتكەلگەنلىكى، خالاس. ئۇ، ئۆزىنى مەڭگۈ شۇ قوشۇننىڭ جەڭچىسىدەك ھېس قىلىدۇ، ئۇ شۇ تاپتا بىر پارچە يارامىلىق پولات. مارجان بۇلاقلىقلار ئەمدى ئۇنىڭدىن ئوغاق ياكى

كەتمەن سوقسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

نازىم ئەتىراپتىكى سەپداشلىرىغا بىرلەپ قاراپ چىقتى، ھەممىسى جىمجىت، قايسىبىرلىرى ئاپتوۋۇزنىڭ يېنىك ئەللەيلەي ئېيتىشى بىلەن مۈگدەپ قېلىشقان، قايسىبىرلىرى كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، خىيال ئىچىدە يېنىك تەۋرىنىپ كەلمەكتە. نىمە دىگەن سۆيۈملۈك كىشىلەر - ھە بۇ؟ نازىم بۇلار بىلەن خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق - ئىجىل بولۇپ ئۆتكەن، ئۇلار ئۆزىنىڭ ساپ تەرى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن كۈئىنلۈن تاغ تىزمىلىرىغا بۇ ئارمىيىنىڭ شان - شەرىپىنى ۋە قەھرىمانلىق قىسسىسىنى يازغان، مۇشۇنداق كىشىلەردىن ئايرىلىش نەقەدەر ئېغىر؟ شۇنداقتىمۇ ئايرىلىشنىڭ ئاخىرقى مىنۇت - دەقىقىلىرىنى يەنىلا شاتخوراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈش كېرەك.

— ھەي ئاغىنىلەر، ئاغىنىلەر، بېشىڭلارنى كۆتەرسەڭلارچۇ، نىمە دىگەن تۇگۇمەس ئۇيقا؟ قېنى، بىر ناخشا ئېيتىۋەتمەيلىمۇ، مانا ئەمىسە، ئالدى بىلەن مەن باشلاي.

نازىم شۇنداق دەپ ھەممەيلەننى جانلاندۇرىۋەتتى.

باھار گۈزەل،
ياشلىق گۈزەل.
باھار — ياشلىق،
ياشلىق — باھار.
...............

كۆڭۈلگە ئارام بەرگۈچى ناخشىلار، يۈرەك قاتلاملىرىدىن ئۇرغىماقتا، ناخشىنى نازىم ھەممىدىن كۆپ ئېيتتى، ئۇ ھارغىچە، پۇخانى بېسىلغىچە ئېيتتى.

ئاپتوۋۇزدىكى سەپداشلار كۈنسايىن ئازايماقتا.

سەپەرنىڭ 3 - كۈنى نازىم ئۆز يۇرتىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ، تىيانشاننىڭ شىمالىغا ۋە بىپايان ئىلى ۋادىسىغا كېتىۋاتقان ھەر مىللەت سەپداشلىرىنى ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ناھىيىدە شۇ كۈنىلا رەسمىيىتىنى ئۆتەپ مارجان بۇلاققا قايتتى.

2

— ئەسسالام، ئاپا!

كۆك رەڭلىك ساپال كورىنى ئىككى تىزىغا قىستۇرۇۋېلىپ، تال باراڭلىق ھويلىنىڭ بىر چېتىدە ئىنەك سېغىپ ئولتۇرغان موماي ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ، قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئىگىز بويلۇق ياش يىگىتنى كۆرگەندە، ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي قالدى.

— ئايەي! نازىمجانغۇ بۇ، جېنىم بالام!

جەننەتخان ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، سۈت يۇقى قوللىرىنى ئالدىدىكى پەشتامىغا سۈرتتى - دە، ئوغلىغا قاراپ ئېتىلدى:

— جىگىرىم ... قوزام ...، — لەۋلىرى ئۆمچىيىپ، ئارانلا سۆزلىدى موماي.

— ئانا! — نازىم ئىككى قولىنى ئۇزاتتى.

ئانا ۋە بالا ھويلىدا چىڭ قۇچاقلاشتى.

مومايىنىڭ نېپىز لەۋلىرى تىترىدى. ئىچىدە يەنە نىملەرنىدۇ پىچىرلىغاندەك قىلدى. لېكىن ئۇ بىر ھازاغىچە سۆزلىيەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان شاتلىق يېشى گويا قىرى بۇزۇلغان تاشقىن سۇدەك كۆز چاناقلىرىدىن يامرىماقتا ئىدى. ئۇ، ياش بىلەن نەمدەلگەن يۇمشاق مەڭزىنى ئوغلىنىڭ كۆكسىگە چىڭ ياقتى، ئاندىن بېشىنى ئاستا كۆتىرىپ، يېشىنى يەڭنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن،

ئوغلىنىڭ باش - ئايىغىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى:

— تېخى ھېلىلا ئوڭ يۈزۈم لىپ - لىپ قىلىپ تارتىشىۋىدى، مانا خۇدايىمنىڭ ئۇلۇغلىقى، سائەت ئۆتمەيلا دىدارلاشتۇق. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كەلدىڭىزغۇ، جېنىم بالام!

پەرزەنت ئۈچۈن دۇنيادا ئانا قۇچىقىدىنمۇ ئىللىق يەنە نېمە بولسۇن؟ ئانىسى نازىنى باغرىغا تاڭغاندا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، كۆز چاناقلىرىغا لىققىدە ياش تولدى. لېكىن ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، ئانىسىنىڭ كۈمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرىنى پۇرايتتى، سىلايتتى!

— ئاپا، قانداقراق تۇردىڭىز، ئاغرىپ - تارتىپ قالمىغانسىز؟ — دېدى ئۇ ئانىسىنىڭ چىرايىغا مېھرى بىلەن بېقىپ.

جەننەتخان چىشسىز ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ راھەتلىنىپ كۈلدى:

— خۇداغا شۈكرى، جېنىم بالام! «ئەل - يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى روھىڭ سامان بولماس» دېيىشىدۇ، مانا ئاغرىق - سىلاقتىن خۇدايىم ساقلاپ، بەش ۋاخ نامىزىمنىمۇ ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن.

نەچچە يىل تىنكەندەك يالغۇز ياشاپ، يېتىمسىراپ قالغان موماي ئۈزۈشتىۈمتۇت ئوغلىنى كۆرگەندە، خوشاللىقىدىن نېمىنى ئېلىپ، نېمىنى قويارىنى بىلمەي قالدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ شۇنچە تەمتىرەپ كەتكىنىنى سەزدىمۇ ئەتىمالىم، قولىغا ئالغان چۆگۈننى يەنە كۈلۈگىدىكى چۈققا قويۇپ، سۈپىدىكى قارا كىگىز ئۈستىگە ئالدىراپ كورپە سالدى.

— ۋاي ئەقلىم قۇرۇسۇن، سۈپىغا كېلىڭ، قېنى، كۆرپىگە ئولتۇرۇڭا، ئاپپاق بالام، — دېدى ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆشنىسىدىكى ئېغىر سومكىنى ئېلىشىغا ياردەملىشىۋېتىپ.

يىپ - يېڭى ماشىرەڭ ھەربىي كىيىم نازىغا بەك ياراشقان، قاپ - قارا قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزىدىن گويا ئانا قەلبىگە نۇر چېچىلغاندەك بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن جەننەتخان كۆرپە ئۈستىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرغان ئوغلىغا قاراپ يۈرەك شاتلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىدى. تىلىم - تىلىم قورۇق باسقان يۈزلىرى بەخت ھىسسى بىلەن جۇلالىنىپ، چانىغىغا ئولتۇرۇشۇپ گۆھىرى ئۆچۈشكە باشلىغان كۆزلىرىدە بىر شادىيانە كۈلكە ئوينىدى. ئانا ئوغلىغا قاراپ تويمىدى. كىچىك ۋاقتىلىرىدىكىدەك سۆيۈپ ئەركىلەتكۈسى كەلدى. ئۇ، ئوغلىنىڭ باش - كۆزىنى سىلاۋېتىپ، ئالقىنىغا يېرىك ساقال - بۇرۇتلار ئۇرۇنغاندا ئۆزىمۇ خىجىل بولۇپ قالدى. «تۇۋۋا، چوپ - چوڭلا بىر يىگىت - ھە؟ ئۇ تېخى بۇندىن بەش - ئالتە يىل بۇرۇن ۋاقتىدا تاماق بەرمىسەم كۆكەملىك قىلىپ يىغلايدىغان يۇمران تۈكلۈك كەپتەر باچكىسى ئىدى، بۇ باچكا ئەمدى يۈزلىرىنى ساقال - بۇرۇت باسقان پۈتۈن سۈرلۈك ئەرگە ئايلىنىپتۇ، يەتتە ئەزايىنىڭ قۇيۇپ قويغاندەك دادىسىغا ئوخشاپ كەتكىنى خۇدايىم، ئۆزى ئوخشىسىمۇ ئۆمرى ئوخشىمىسۇن. شۇ تاپتا دادىسى رەھمەتلىكنىڭ روھى قانچە خۇش بولۇپ كەتكەندۇ. راست، نىيىتى يامانلارنىڭ كۆزى تەگمىسۇن، ئەتىگىچە بىرئىككى لىگەن قۇيماق سېلىپ، روھ - ئەرۋاھلارغا ياغ پۇرىتىۋەتسەممىكىن...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى موماي.

نازىم ئانىسىنىڭ خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك سۆيۈپ، سىپاشلىرىدىن ئەيمىنىپ قالدى. ئۇ گويا بۇ مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك:

— ئاپا، قاراڭ، مىزاي ئانىسىنى ئېلىپ

كەتتىڭىز، — دېدى. دەرۋەقە، بوشىنىپ كەتكەن ئالا قۇيرۇقلۇق موزاي ئانىسىنى ئىشتىھا بىلەن ئەمىۋەتكەن ئىدى. قىڭغىر ئاچىغا باغلانغان تاغىل ئىنەك ھېچنىمىگە پەرۋا قىلمىغاندەك كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغان ھالدا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا، رىتىملىق كۆشىمەكتە.

— مەيلى، ئەمسۇن، — دېدى جەننەتخان موزايغا قاراپمۇ قويماي، — مەن سىزنى قانغىچە كۆرىۋالاي، موزايمۇ سۈتكە بىر تويسۇن.

مومای ئۇنىڭدىن كېيىن سۇپىغا داستىخان يايدى، يۈزىگە سىيادان سېپىپ قىزارتىپ پىشۇرۇلغان نان بىلەن سۈتلۈك توقاچ، لىگەنگە تىزىلغان ئۆرۈك بىلەن ئۈزۈم، يىپقا مارجاندەك ئۆتكۈزۈلگەن ئۆرۈك مېغىزى ھەش-پەش دېگىچە داستىخان يۈزىنى بىر ئالدى.

نازىمنىڭ مۇنداق نازۇ-نېمەتلەرنى يەپ كۆرمىگىنىگە قاي زامان؟ ئۇ ناندىن بىر بۇردا ئۈزۈپ ئاغزىغا سالغاندا ئۇنىڭدىن تولىمۇ شېرىن بىر لەززەتنى سەزدى. ئۇ شۇ چاغدا، قىسمىدىكى سەپداشلىرىنىڭ «ئۆي نېنىنى ئەجەپ سېغىندۇق» دېگەنلىرىنى ئەسكە ئالدى. راست، ئاق شوردىن ياسالغان تونۇردا قىزىرىپ پىشقان توقاچىنىڭ تەمىگە نېمە يەتسۇن؟

جەننەتخان ئوغلىنىڭ ناننى پىششىق قايماقتا مىلەپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشلىرىدىن ھوزۇرلانغاچ، مەھەللىدىكى ئىشلار، خۇلۇم-خوشنىلار توغرىلىق ھېكايە قىلىشقا باشلىدى:

— خۇدايىم، ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەن چېغى، يۇرتىمىز ئەلۋەكچىلىك بولۇپ قالدى، باغ-ۋاران، ئات-ئۇلاقنىمۇ ھۆددىگە دېدىۇ، ئىشقىلىپ، ئەزالارغا بېرىۋەتتى. دۆيجاڭ مېنى يىراقتا بارالمايدۇ، دېدىمىكىن، مارجان بۇلاقنىڭ ئۈستىدىنلا ئون مودەك يەر بەردى، ئەتىيازدا قاسىم خورازغا «بەش كويلۇق بېرەي بالام، ئېغىلنىڭ قىغىنى ئېتىزغا يۆتكەپ بەرسەڭ» دېۋىدىم، ئۇ پۇلنى ئالامدىغان، ئەل-ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بىر كۈندىلا ئېغىلنى قۇرۇغداپ، ئېتىزنىمۇ قىغلاپ تۈگەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ھەر نامىزىمدا ئۈزۈن دۇئا قىلىمەن. ئېيتماقچى، ئۇ، ئۇزاقى يىلى ھەمدۇل سېرىقنىڭ كىچىك قىزى پاتىمىگە ئۆيلىنىۋالدى. خوتۇنى ئۆتكەن يىل پاخلاندەك بىر ئوغۇل تۇغقان. ئاڭلىسام، بۇ يىل يەنە ئىككى قاتىمىش، ۋاي ئولتۇرىسىزغۇ، جېنىم بالام، كۆڭلۈمگە ياخشى، ماۋۇ مېغىزدىنمۇ ئېلىڭا، ھە، مېنى دەمسىز، رەھمەت، جېنىم بالام. مېغىزغا چىشىم ئۆتۈدىغان كۈنلىرىم ئۆتۈپ كەتتى...شۇنداق قىلىپ بۇ يىل پاتىمە يەنە ئىككى قاتىمىش، تۇغسۇن، ئېغىرىنى يەر كۆتىرىدۇ، رىسقىنى خۇدايىم بېرىدۇ. چوڭلارلا ئەمەس، ياشلارمۇ ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ، بالام. يۇقارقى مەھەللىدىكى ھاشىم جۇۋازچى، ئاياقتىكى چاقچى زىۋەرىخان، يەنە....

مومای ئۆلۈم-يېتىم توغرىلىق سۆزلەۋېتىپ، بىردىنلا گېپىنىڭ ئايىغىنى ئىچىگە يۇتىۋەتتى، ياشقا تولغان كۆزلىرىنى بىر پەس داستىخاننىڭ بۇرجىگىگە تىكىپ جىم بولۇپ قالدى. كىم بىلسۇن، مومای ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارمىنىنى يەپ قالدىمىكىن، ياكى ئۆزىنىڭمۇ ئاخىرقى ساناقلىق كۈنلىرىنىڭ قالغىنى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىۋاتامدىكىن؟

مومای يېزىدىكى ئىشلار ۋە بىر مەھەللىدىكىلەر توغرىلىق سۆزلىگەندە يېقىن خوشنىسى ئاقموللا بىلەن راھىلە توغرىلىق نېمە ئۈچۈن ئېغىز ئاچمىغىنىغا نازىم ھەيران بولدى، بۇ توغرىلىق خەۋەر ئاڭلاشقا قانداق ئىنتىزار ئىدى ئۇ!

قۇياش گويا بىر كۈن يول بېسىپ ھارغان يولۇچىدەك غەرپتىكى ھەرە چىشلىق ئاقۋاش تاغ ئۈستىگە يانپاشلىدى. تاغ چوققىلىرى ۋە ئاقۇش بۇلۇتلار بارا-بارا تۈسىنى ئۆزگەرتىپ، ئالتۇندەك نۇر ئىلكىدە تاۋلىنىشقا باشلىدى. سالقىن تاغ سەلكىنى چۈش مەزگىلىدىكى تونۇر تەپتىدەك ئىسسىق شامالنى قەيەرلەرگىدۇ قوغلاپ، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىن غۇقىراپ ئۆتەتتى. كائىناتنى سۇس گۈگۈم پەردىسى قاپلىدى، توخۇلار قونداقلىرىدا مۈگدەشسە، ئاق قۇشقاچلار سۆگەت تاللىرى ئارىسىدا چۇرۇقلىشاتتى، نازىم باشقا ئىشلار بىلەن بەنت بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ قۇلىقى ئاللىبۇرۇنلا خوشنىسى ئاقىۋۇللىنىڭ ھويلىسىغا تىكىلگەن ئىدى.

يوغان قېرى سېدە ئاستىدا قارىسىپ كۆرۈنۈۋاتقان بۇ ھويلا ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئىسسىق كۆرۈنەتتى، چۈنكى ئۇ ھويلىدا ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى ئىناق ساۋاقدىشى، كېيىنكى كۆيۈپ-سۆيگەن ئامراق يارى راھىلە ئۆسۈپ چوڭ بولغان. بۈگۈن ئۇلارغا نېمە بولدىكىن؟ راھىلەنىڭ خۇش ئاۋازىمۇ، قويلىرىنىڭ مەرەشلىرىمۇ، ھەتتا توخۇلىرىنىڭ قاقاقلاشلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى؛ تېخىچە چىراق يېقىلمىغان ئۇ ھويلا گۆرۈستاندەك جىمجىت ھەم قاراڭغۇ ئىدى.

نازىم مومايىنىڭ سۆزلىرىگە «ھە...ھە... شۇنداق» دەپ ئۈن قېتىپ ئولتۇرغىنى بىلەن كۆڭلىدە ئاللىقانداق ئەنسىز ئويلار كەزمەكتە ئىدى.

بىر چاغدا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا موتوتسىكلىتنىڭ گۈكىرەپ كېلىپ توختىغىنى، ئاندىن كېيىن بىرسىنىڭ دەرۋازىنى چالاقلىتىپ ئېچىپ:

— جەننەتخاچا، ھوي بارمۇسىز؟ — دېگەن قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى. جەننەتخان چۆچۈگەندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— بولماي نەگە كېتەتتىم، ھە، روزى كېيجىمۇسەن؟ كىگىزگە كەلمەمسەن، مانا نازىمجانمۇ كەلدى.

— ئالدىرايمەن، مەشەدىنلا ياناي، ھە، نازىم دېدىڭىزما؟ ھوي، نازىم!

بىر قاراپلا ئۇنى تونۇغان نازىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قولىنى سوزغىنىچە ئالدىغا باردى.

— ئاداش روزاخۇن، قانداق ئەھۋالىڭ، داداڭ، ئاناڭ تېچلىقتىمۇ؟ كەل، سۇپىغا ئۆت.

نازىم ئۇنىڭ قولىنى سىققىنىچە سۇپىغا تارتتى.

— بەللى، كونا ئاغىنە، كەپسەن-دە، — روزى نىمىشقىدۇر نازىمنىڭ ئالقىنىدىن قولىنى تارتىپ سۇغۇرىۋالدى، — ھە، كادىر بولدۇڭمۇ؟ ئۆزەڭمىتىغۇ پەملىك بىر نېمە، شۇنىڭ كويىدىلا ھەربىيلىككە كېتىۋىدىڭ، نېمە جىم تۇرۇسەن؟ كادىر بولمىساڭ ئىشچىمۇ بولغانسەن؟ بولسا ئامتىڭنىڭ بارىدا ياغ چاينا، ھاي شۇ چاغدا دەيمەنا، ئاپام دېگەن قېرى دەللە كۆزىنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىپ تۇرۇۋالمىغان بولسا، مەندىمۇ ساڭا ئوخشاش تۆت يىل ھەربىينىڭ ئاق جىڭمومىسىنى يەپ كېلەتتىما، مانا، بىزمۇ قەدىر ئەھۋال، دۇينىڭ خىزمىتى دەپ مۇشۇنداق پالاقلاپ يۈرۈمىز، ئاپاڭمۇ قېرىغاندا ئۈششۈك تەككەن پىيازدەك شۈمشىيىپلا قېلىۋىدى، ئەمدى سەن كېلىپ، تىرىلىپ قالىدىغان بولدى-دە، قانداق دىدىم، جەننەتخاچا؟ ئېيتماقچى، ئاچا، ھىلىقى...ئاپىلا، سەت بولدى-دە، ھىلىقى پۇلنى ئەتىگىچە نەقلەپ قويارسىز، ھە، نازىم ئويۇنغا مىجەزىڭ قانداق؟ شەھەردىن دوست-يارانلار چىققان، داخىل بولمامسە، بارمىساڭ بوپتۇ، ئەمسە، مەن كەتتىم....

روزىنىڭ چالا مەس ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ يەنە نىمىلەرنىدۇر دىگىنىچە موتۇتسكىلىتنى غاقىرىتىپ مىنىپ يۇرۇپ كەتتى.

نازىم ھۇشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ شۇ تۇرغىنىچە بىر پەس تاشتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ، ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى ئاياپ جىم تۇرۇۋالغىنى بىلەن روزىنىڭ بايىقى زەھەردەك سۆزلىرىنى ئىچىگە سىڭدۇرەلمەيۋاتقىنىنى سەزدى، قاچا-قۇمۇشلارنى يۇغاندەك قىلسىمۇ قوللىرىنىڭ قولاشماي، لەۋلىرىنىڭ تىترەپ، ئۆمەللىشىپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆردى.

«راستىنلا بۇ ئاپام ئۈششۈك تەككەن پىيازدەك شۇمشىيىپ يۈرگەنىمدۇ، ھەرقانچە بولغاندىمۇ گەپىنى مۇنداق ئېيىتقۇلۇق ئەمەستۇ؟» روزىنىڭ قەستەن قىلغان سۆزلىرى ۋە بايىقى «ھە، كادىر بولدۇڭمۇ؟» دىگەندىكى مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرى نازىمنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تەگدى.

روزى نازىمدىن ئىككى - ئۈچ ياش چوڭ بولسىمۇ ئۇلار كىچىگىدىن بىللە ئويناپ ئۆسكەن، بىر مەكتەپتە ئوقۇغان يېقىن ئاغىنىلەردىن ئىدى. ئۇلار بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن يەنى 1979 - يىلى ھەربى سەپكە قاتنىشىش ئۈچۈن گۇڭشېغا بىرلىكتە بېرىپ ئۆزىنى تىزىملاتقان، لېكىن شۇ ئىشتىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ھايات تەقدىرى بىر - بىرىگە ئوخشىماي قالدى. روزى بەدەن تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىدى، بۇنىڭغا ئۇنىڭ قوناق شېخىدەك ئورۇق ۋە ئىگىز بولغانلىغى سەۋەپ بولدىمۇ ياكى باشقا سەۋەپلەر بارمۇ، بۇنىسى ھەر ھالدا نازىمغا مەلۇم ئەمەس ئىدى.

نازىم ھەربى سەپكە ماڭغان شۇ كۈنى ئۇنى ھەممە يېقىنلىرى ئۇزىتىپ چىققاندا پەقەت روزىلا كەلمىگەن. مانا شۇنىڭدىن كېيىن تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ تۆت يىل ئىچىدە ئانىسىنى، راھىلەنى سېغىنغان نازىم دوست - ئاغىنىلىرى قاتارىدا روزىنىمۇ كۆپ سېغىنىۋىدى، شۇڭا بۇگۈن ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشى كېرەك ئىدىغۇ، ئەمما روزى نازىمنى كۆرەر-كۆرمەيلا زەھىرىنى سانچىپ كەتكىنى، نازىمنىڭ چىك قىسقان ئالقىنىدىن قولىنى كۈچەپ تارتىۋالغىنى نىمىسى؟ ياق - ياق، ئەل - ئاغىنىلەردىن ئايرىلىپ رەنجىگۈلۈك ئەمەس، ھاراق ئىچكەندە ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن قايسى گەپ چىقمايدۇ؟ ياكى موماي قەرزىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەي، روزىنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قويدىمىكىن؟

ئارىدىكى ئېغىر جىمجىتلىقنى يەنە نازىم بۇزدى، ئۇ، ئىنەكنى ئېغىلغا سولاپ، شاخشىنى ئېتىۋاتقان ئانىسىدىن:

— ئاپا، سىز روزىدىن پۇل قەرز ئالغانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

موماي خۇددى ئوغلىنىڭ مۇشۇنداق دىيىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي جېنىم بالام، مېنى شۇ ھازازۇل تۆگىدىن پۇل قەرز ئالدۇ دەمسىز، ئىگەكىم ئاچلىقتىن ئۆلسەممۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ساغىرىپ بارماسمىنا، قايسى كۈنى ... ھە، ئۆتكەن جۈمە كەچتە «ئاق ئوغۇت لازىممۇ؟» دەپ كەپتىكەن، مەن تېخى دۈيدىن تەقسىم قىلغان چېغى دەپ ئالاي دەپتىمەن، ئەتىسى ئالغىنىم ئىككى خالتا ئوغۇت، نەرقى يۈز كوي دەمدۇ، ئىش قىلىپ، جىقلا پۇل.

— يۈز كوي؟ ئاپا، نىمانچە قىممەت؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى نازىم.

— جېنىم بالام، قىممەت بولسىمۇ نىمە ئامال دەيسىز؟ مارجان بۇلاقلىقلار ھازىر ئوغۇت دىگەننى كۆزىگە سۈرتكۈدەك بولدىغۇ! كىۋەز بىلەن قوناق ساغىرىپ، يىگىلەپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ئوغۇت كېرەك.

كۆزلۈككە توختامدا بەلگىلەنگەننى تاپشۇرال-
ماي قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىگىنىم بول-
مىسا، ئۇ هاراقكەشنىڭ قولى تەككەن هارام
نەرسىنى تۇتارمىدىم.
— بىز ئۇ ئوغۇتنى قايتۇرۇۋېتەيلى
ئاپا، — دېدى نازىم نۇرى ئاجىزلاپ قېلىۋات-
قان كىرسىن لامپىسىنىڭ پىلىگىنى چىقىرىۋې-
تىپ. شۇ چاغدا نازىمنىڭ يۇقۇرقى مەهەللى-
دىكى ئاچىسى رابىخان ۋە ئۇنىڭ بالا-
چاقىلىرى، ئاندىن ئەتراپتىكى خۇلۇم - خوش-
نىلار بىلەن نازىمنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى هوي-
لىغا بىر - بىرلەپ كىرىپ كېلىشتى. بىردىنلا
كۆتىرىلگەن شاتلىق ساداسى تۆت يىلدىن
بېرى تىم - تاسلىق هۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ
هويلا ئىچىنى بىر ئالدى.

3

تاڭ سەهەر ....
شەرقتىن كۆتىرىلىپ كېلىۋاتقان شەپەق
نۇرى كۆكۈش ئاسماندا لەيلىشىپ يۈرگەن
پارچە بۇلۇتلارنى چوغدەك قىزارتىماقتا. تال
بارىڭى ئاستىدا ساڭگىلىشىپ تۇرغان سانجاق-
سانجاق ئۈزۈملەردىكى شەبنەم تامچىلىرى
سىماپتەك يالتىرايتتى.
نازىمنىڭ ئەمدى تاغ باغرىنى
لەرزىگە كەلتۈرۈپ سوزۇپ چېلىنىدىغان هەربى
كارنايىنىڭ جۇشقۇن ئاۋازى ئەمەس،
بەس - بەس بىلەن سايراۋاتقان قالىغاچلار-
نىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن يىراق - يېقىن-
دىكى خورازلارنىڭ ئۈنلۈك قىچقىرىشلىرى ئوي-
غىتىۋەتتى. ئۇ هەربى قىسىمدىكى ئۆگىنىپ كەت-
كەن ئادىتى بويىچە ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ،
ئورۇن - كۆرپىلەرنى رەتلىك يىغدى. ئەتىگەنكى
ساپ هاۋادىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس
ئالغاندا، ئۇنىڭ دىمىغىغا ئەنجۈر بىلەن شاپ-
تۇلنىڭ ئەجەپ شېرىن پۇراقلىرى ئۇرۇلدى.
يېزىنىڭ سەهەرى نېمە دېگەن چىراي-
لىق - هە؟ مانا، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا بۇن-
دىن تۆت يىل بۇرۇن ئايرىلغان چاغدىكى
سولغۇن چىراي يېزىسى ئەمەس، چېھرىدىن
بەخت كۈلكىسى يېغىپ تۇرغان يېزىسى.
ئۇنىڭ مۇهەببىتى يېزىغا — ئۆز ئانى-
سىدەك سۆيۈملۈك ۋە مېهرىۋان بىپايان زې-
مىنغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى.
نازىم ئۈزۈم بارىڭى ئارقىسىدىكى كى-
چىك بېغىنى كۆرگۈسى كەلدى.
— ۋاي - ۋۇي، نېمە دېگەن چىرايلىق
دۇنيا؟!
باغدىكى هادىسە بىر گۈزەللىك
ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى. ئاما بىلەن
شاپتۇللار شۇنچىلىك ئوخشىغانكى، شاخلار
ئۆز بەستىنى كۆتىرەلمەي يەرگە تېگىپ قال-
غان، موماي قايسىبىر شاخلارنى تىرەك بىلەن
يۆلەپ قويۇپتۇ، ئۇششاق كۆچەتلەر بولسا
مۇنگە كىرىپ ئۈلگۈرۈپتۇ. موماي ئەزەلدىنلا
گۈل ئۆستۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان، شۇڭى-
مىكىن، بىر پارچە كۆكتاتلىقنىڭ يېرىدى تاجى-
گۈل، رەيھانگۈل، سەبدەگۈل، ئاق لەيلە...
ۋە يەنە نامى نازىمغا مەلۇم بولمىغان ئاللى-
قانداق گۈللەر بىلەن تولغان.
نازىم گۈللىرى چوغدەك قىزىرىپ، تې-
خىچە شاخلاپ كەتكەن بۆك - باراخسان ئا-
نار دەرىخىگە چوڭقۇر مۇهەببەت ۋە سېغىنىش
تۇيغۇسى بىلەن ئۇزاقىچە تىكىلىپ قالدى.
نازىم قايسىبىر يىلى كۈزدە مۇشۇنىڭ شېخى-
دىن تازا پىشقان، يوغان ئىككى دانە ئانار-
نى ئۈزۈۋېلىپ، ئېتىزدا ئىشلەۋات-
قان راهىلەنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغان، راهى-
لە ئانارنىڭ قىپ - قىزىل سۈيىنى شوراۋېتىپ:

«ئۇھ، نىمە دېگەن تاتلىق، خۇددى شەربەتنىڭ ئۆزىلا» دېگەن ئىدى.

نازىم باغدا تۇرۇپ، راھىلەنىڭ ھويلىسىغا، بېغىغا بويۇنداپ قارىدى، ھويلا بۇرۇنقىدەك جىمجىت، كۆكتاتلىقتا ئاق لەيلىلەر ئېچىلىپ كەتكەن. راھىلە باشقا گۈللەرنى قويۇپ، مۇشۇنىلا تېرىغانمىكىنە، قىزىق، نە راھىلەنىڭ، نە ئاقىۋىللىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. نازىم ئاخشامدىن بېرى راھىلەنىڭ ھويلىسىغا تەلمۈرۈپ كۆزلىرى تېشىلەي دېدى، كاشكى، راھىلە ئۆيىدىن چىقىپ بىر قاراپ قويسا! ئاخشام نازىم «مەشە سالقىن، راھەت» دەپ، ھويلىدا — تال بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىدا بىكارلا ياتقىنى يوق. ھېچ بولمىسا، كەچتە راھىلەنىڭ تاغ شامىلىدەك يېقىملىق، ئوماق ئاۋازىنى ئاڭلارمەن، دېگەن ئىدى ئۇ.

ئانىسىنىڭ شۇنچە زورلىشىغا يارىشا نازىم بىر پارچە نان بىلەنلا ناشتا قىلدى. چايدىن كېيىن، ئۇزۇن يىل ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا توپا بېسىپ داتلىشىپ ياتقان كەتمىنىنىڭ دەستىسىنى چىڭىتىپ، دولىسىغا سالدى - دە، ئۇدۇل مارجان بۇلاق تەرەپكە قاراپ كەتتى.

ئىككى تەرىپى ئىگىز تىك قىيالىق قاقاس ئېدىر بىلەن قاپسالغان ئاتمىش نەچچە ئۆيلۈك بۇ كىچىك چەت يېزا، يازدا دەھشەتلىك كەلكۈنگە ئايلىنىپ، قىشتا يوقاپ كېتىدىغان قىيالىق تاغ سۈيى بىلەن ئەمەس، مەھەللىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى يالغۇز دۇمبەل تېگىدىن قىش - ياز توختىماي ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان مارجان بۇلاقنىڭ بىر تاشلىق سۈزۈك سۈيى بىلەن كۆكلەيدۇ. بۇ يەردىكى 260 نەچچە نوپۇسنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە بۈك - باراخسان باغلار بىلەن ياپ - يېشىل ئېتىزلارنىڭ ھاياتلىق تومۇرى ئەنە شۇ بۇلاق بىلەن تۇتاش.

شۇنىڭ ئۈچۈن قاقاس بۇ ئېدىرلىق ئارىسىدىكى ئىسىل گۆھەرگە ئوخشايدىغان مۇشۇ يەر باشقا ھېچقانداق ئۇلۇغ بىر نەرسە بىلەن ئەمەس، پەقەت ئاشۇ بۇلاقنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

نازىم بۇ بۇلاقنىڭ نىمە ئۈچۈن «مارجان بۇلاق» دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا دادىسىنىڭ بىر چاغلاردا ئېيتىپ بەرگەن چۆچىكىنى ئەسلىدى:

— رىۋايەت قىلىنىشىچە، — دەپ باشلىغان ئىدى ئۇ ھېكايىسىنى، — قەدىمقى زاماندا تارىم دەرياسى بويىدىكى بىر شەھەردە كاتتا بىر باي ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئاي يۈزلۈك ساھىپجامال بىر قىزى بولۇپ، ئۇ شۇ ئۆيدىكى بىر چاكارغا ئاشىق ئىكەن، كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ ئىش باينىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ چاكىرىنى ھاشاغا تۇتۇپ بېرىپتۇ ۋە تېخىمۇ زور يۈز - ئابرويغا ئېرىشىش مەقسىدىدە قىزىنى پادىشاغا سوغا قىلماقچى بوپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قىز شۇ كېچىسى ئۆيىدىن قېچىپ چىققانچە مۇشۇ قاقاس ئېدىرلىققا كېلىپ يوشۇرۇنۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، قىز كەينىسى يېنىدىكى دۈمبەل تۈۋىنى قازغان ئىكەن، بىر بۇلاق چىقىپتۇ، ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيى بىلەن ئەتراپنى كۆكەرتىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى يىراقتىكى ئازاپ چېكىۋاتقان يارىنى سېغىنىپ يىغلايدىكەن ۋە ئېدىرلىقنىڭ ئەڭ ئىگىز يېرىگە چىقىۋېلىپ: «يارىم كېلەرمىكىن» دەپ قارايدىكەن.

بىر كۈنى قىزنى ئىزلەپ چىققان پادىشا لەشكەرلىرى يىراقتىن قىزنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇتتۇر قىز تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپتۇ. قىز ئۆلۈشكە رازى ئىكەنكى، پادىشاغا كېنىزەك بولۇشنى راۋا كۆرمەيدىكەن. شۇڭا ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ قېچىپتۇ، پادىشا لەشكەرلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ تۇ-

تۇۋىلىشقا ئاز قالغاندا، ئۆزىنى بولاققا ئېتىپتۇ، لەشكەرلەر يۈگۈرۈپ كېلىشىپ بولاققا قارىسا قىز يوق، پەقەت ئۇنىڭ بويىنىدىكى بىر تىزىق مارجىنىلا سۇ ئىچىدە كۆرۈنۈپ تۇرغىدەك، لەشكەرلەر مارجاننى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئالالماپتۇ ۋە ئىلاجىسىز ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان يىگىت ھاشاردىن قېچىپ كېلىپ، مۇشۇ بولاقنى ئىزلەپ تېپىپتۇ، ئۇ بولاق تۆۋىدە قان-قان يىغلاپ، ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇنىڭ بەدىنىدىن گۈل-گىيا، مەجنۇنتاللار كۆكلەپتۇ. بولاق سۈيى بولسا بىردىنلا كۆپىيىپتۇ، گۈل-گىيا، دەل-دەرەخلەر بارغانچە ئاينىپتۇ. ئاخىرى، بولاقنىڭ ئەتراپى مۇشۇنداق ياپ-يېشىل چىمەنزارلىققا ئايلىنىپتۇ. بولاق بويىغا كەلگەن كىشىلەر ھەمىشە ئۇنىڭ ئىچىدە مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان مارجانلارنى كۆرىدىكەن. شۇڭا ئۇلار بۇ بولاقنى «مارجان بولاق» دەپ ئاتاشقان ئىكەن....

تالىپ بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بىر گۈزەل رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن بۇ بولاق بويىغا كەلگەن ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ ئەينەكتەك سۈزۈك تامچىلىرىنىڭ خۇددى ئاشۇ رىۋايەتتىكى ساھىبجامال قىزنىڭ مارجىنىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. مارجان بولاقنىڭ ئابىھايات سۈيى ئەسىرلەردىن بېرى گويا ئاشۇ مەسۇم قىزنىڭ كۆز يېشىدەك توختىماي ئېقىپ كەلمەكتە. قاقاسلىق بۇ تاغ ئېدىرى ئىچىدە گويا تىلسىماتلىق بىر دۇنيادەك ياشىرىپ تۇرغان بۇ بىر پارچە جەننەتتەك ماكان ئەنە شۇ بولاق بەخش ئەتكەن ھېممەتنىڭ شاھىدى.

نازىم ئۆيدىن چىقىپ يېزىنىڭ بۇ ئۆزگىچە گۈزەللىكىگە گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك ئەتراپقا خېلىغىچە قاراپ تۇردى.

ئىيۇل ئېيىنىڭ بۇ يەردىكى ئەتىگىنى تولىمۇ ئوچۇق ۋە جەزىبىلىك، باغلاردىكى ئالما ھەم شاپتۇللار يوللارغىچە ساڭگىلىشىپ كېتىپتۇ. شۇنداق، گويا مارجان بولاقنىڭ تىنىمسىز ئېقىشلىرىدەك بىر ھاياتىي كۈچكە تولغان بۇ كۆجۈم يېزا ياز پەسلىنىڭ مول نېمەتلىرىگە تولغان. بۇ يەر ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق گۈزەلمىدىكىن؟ نازىم ئەجەپ بۇرۇن يۈرگىنىدە بۈگۈنكىدەك ئالەمچە سۆيۈنۈشنى سەزمىگەن ئىكەن.

يىراقتىن بىر قىزنىڭ سوزۇپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى. ئەجەپ بەلەن ناخشا! مانا بۇ مارجان بولاقلىقلارنىڭ ئوما ناخشىسى. راھىلەنىڭ خۇش ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېقىملىق بىر ناخشا! ھېلىغىچە ئومىسىنى ئوروپ بولالمىغان بۇ يالغۇز قىز بۇ ناخشىنى قاچانغىچە ئېيتىدىكىن-ھە؟

نازىم كېتىۋېتىپ تۇشمۇ-تۇشتا قىزىپ ئەۋجىگە يەتكەن ئەمگەك مەنزىرىسىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان ئېتىزلاردا ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ ئالتۇندەك قىزىرىپ پىشقان قاتار جىگدىلىكتىن ئېگىشىپ ئۆتۈپ، بىر پارچە بوش كۆپ-كۆك چىمەنزارلىققا چىقتى. ئەنە! ئۇنىڭ ئالدىدىلا مارجان بولاق، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەلكىن شامالدا لەرزان تەۋرىنىپ تۇرغان كۆپ-كۆك مەجنۇنتال!

نازىم بولاق بويىغا كەلگەندە يۈرىكىنىڭ بۆلەكچە بىر سېزىم بىلەن گۇپۇلدەپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. مارجان بولاق گويا مۇشۇ يۇرتنىڭ مەڭگۈ توختىماي سوقۇدىغان يۈرىكىدەك بۇرۇنقىدەكلا يەر تېگىدىن ئوخچۇپ، سۈپ-سۈزۈك سۇلىرى مەۋج ئۇرماقتا. پەقەت ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ قېرىپ قۇرۇپ قالغان شاخلىرىنىڭ ئورنىغا يەنە يېڭى ياش نوتىلار ئۈسۈپتۇ.

ئۇ، يەر تېگىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان

سۇ ئىچىدە رىۋايەتتىكى ئاشۇ ساھىپجامال قىزنىڭ ئۈنچە-مارجانلىرىنى كۆرگەندەك بولدى، ئۇنىڭ بۇ بۇلاقتا مۇنچىلىك مېھىر باغلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، بۇلاقنىڭ ھەر بىر دولقۇنلىرىغا نازىم بىلەن راھىلەنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىمۇ قېتىلغان. بىر-بىرى ئۈچۈن توختىماي سوققان ئاشۇ ئىككى يۈرەكنىڭ نازۇك رىتىملىرىنى بىرلەشتۈرگەنمۇ مۇشۇ بۇلاق.

شۇ تاپتا نازىمنىڭ ئېسىگە يۈرىكىدە تۈنجى قېتىم مۇھەببەت سېزىمىنى ئويغاتقان تاتلىق خاتىرىلەر بىر-بىرلەپ تىزىلىپ كەلدى: ... ئاقىۋللا بىلەن تالىپ ئاكا بىر تام خوشنىلارلا ئەمەس، ئۇرۇق-تۇققاندىن زىيادە ئەل-ئاغىنىلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بېغىدىكى ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت، شاپتۇللار بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتسىمۇ، ئۇلار ھېچقاچان سېنىڭ-مېنىڭ دېيىشىپ باققان ئەمەس.

1975-يىلى قىشتا نازىملارنىڭ ئۆيىدە چوڭ بەختسىزلىك بولدى. جەننەتخان بىلەن جاپا-راھەتنى ئوخشاش كۆرۈپ، تەڭ قېرىغان تالىپ بوۋاي قورۇلۇش ئورنىدىن قايتىپ كېلىپلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. سەۋەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمەي بىر كېچىدىلا قازا قىلدى. ئاقىۋللا تالىپ بوۋاينىڭ نامىزىدا بېلىگە ئاق باغلاپ، يېقىن قېرىندىشىدىن ئايرىلغاندەك چوڭقۇر مۇسىبەتتە ھازا ئاچتى. نازىم ئۇ چاغدا تېخى 16 ياشلاردىكى گۆدەك بالا بولۇپ، ئاقىۋللىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ ھۆر-ھۆر يىغلىغان چاغدا، ئاقىۋللا ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ: «يىغلىما، بالام، سەۋرى قىل، داداڭ ئورنىدا مانا مەن بار» دېگەن ئىدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاقىۋللىنىڭ نازىمنى كۆرسە چاچلىرىنىڭ تىك تۇرىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟

بۇنىڭغا نازىمنىڭ ناخشىلىرى سەۋەپ بولدى.

ئۇ، كىچىكىدىنلا قوي قوزىسىدەك يۇۋاش، مۇلايىم ھەم ئىشچان بولۇپ ئۆستى. دادىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈندۇر مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى. ناخشىسىغا جۆر قىلىش ئۈچۈن ئەتىسى-ئاخشاملىرى ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، قورۇق ئۈژمە ياغىچىدىن ئەپچىلگىنە بىر راۋابمۇ ياسىۋالدى. تالىپ بوۋاينىڭ ئاۋازى ئۆچكەن باغ-ھويلا شۇنىڭدىن كېيىنلا راۋابنىڭ دىلنى ئەزگۈچى مۇڭلىرى بىلەن تولدى.

نازىم ھەمىشە ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، يازنىڭ قىسقا تۈنلىرىدە پىغانى ئۆرلىگەن مەس تورغايدەك ناخشا ئېيتىپ چىقاتتى. ئۇھ، قانداق يېقىملىق ناخشىلار ئۇ؟! بۇ يۈرەكنىڭ دەرتلىك، پىغانلىق ساداسىمىكىن، ياكى جۇدالىق زارىمىكىن؟...

شۇنىڭدىن باشلاپ راھىلەنىڭ تىنىق كۆل سۈيىدەك تېچ كۆڭلى ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى. قاچانكى كائىناتنى تۈن پەردىسى قاپلاپ، ئۆگزىدە ئاشۇ بىر سادا ياڭرار ئىكەن، راھىلەنىڭ پىكىر-خىيالى ۋە ئەقلى ئاشۇ راۋاپ مۇڭى بىلەن يىراقلارغا قاچاتتى.

بىر كۈنى كەچتە ئاقىۋللا ئوچاق بېشىدا ئوت قالاپ ئولتۇراتتى. راھىلە ياغ قاپىقىنى ئېلىپ، قىزىغان قازانغا ياغ قۇيىۋاتقانچى بولۇپ تۇرۇشىغىلا ئۆگزىدىن يەنە شۇ سېھىرلىك ناخشا ياڭراپ قالدى. قىز ئىختىيارسىز ئۆگزىگە قارىدى-يۇ، قولىدىكى ياغ ئاقىۋللىنىڭ دوپپىسىغا، قۇلاق-گەدەنلىرىگە شۇقۇراپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. مۆگدەپ قالغان ئاقىۋللا چۆچۈپ، قاتتىق ۋاقىرىغاندىن كېيىنلا راھىلە ئېسىگە كەلگەن ئىدى. تۇۋا، ئەجەپ ئىش بولدى-ھە، ياكى تۈنجى مۇھەببەت دېگەن شۇنداق بولامدىكىن؟ شۇنىڭدىن كېيىنلا

نازىم ئاقىۋالىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ راۋاپنى ئېلىپ سازلا - سازلىمايلا ئاقىۋالا قاپاقلىرىنى ئۇچۇرۇپ: «ناخشا - ساز دىگەن شەيتاننىڭ پىرىسى، ھۇقۇش ھۇۋلىغان يەر چۆل بولماي قالمايدۇ، ناخشا - ساز بىلەن ھەپىلەشكەن ئادەمنىڭ كېيىنى تىزىدىن ئاشمايدۇ» دەپ غۇدۇڭشىشقا باشلايتتى.

كۈنلەر ئېغىر بولسىمۇ ئۆتەر ئىكەن، ئۇلار نامرات بولسىمۇ كۆڭلى ئۈمىت نۇرى بىلەن يانغان. بىر كۈنى ئاخشىمى كۆز باغلانغان چاغدا نازىم بۇلاققا سۇغا كېتىۋاتقان راھىلەنىڭ ئارقىسىدىن مارىلاپ باردى. ئۇلار مەجنۇنتال تۈۋىدە ئۇزۇنغىچە مۇڭداشتى.

— بىز قاچانغىچە مۇشۇكتەك مارىشىپلا يۈرىمىز، مەن ئاپامغا ئېيتىپ، ئۆيۈڭگە ئەلچى كىرگۈزۈمەن، — دىدى نازىم.

راھىلە ئۇنىڭ گېپىنى قاقتى:

— قۇرۇق قول كىرگەن ئەلچىگە دادام ئۇنامدۇ؟ ئۇچيۈزئاتمىش كۈن كالىدەك ئىشلىسەكمۇ دۈيدىن دارامەت تەگمىگىنى كاشكى.

راھىلەنىڭ كۆزلىرى ئەلەمدىن چاقناپ كەتتى. ئۇ تىت-تىت بولغىنىدىن ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان چېچىنى ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن چۇۋۇيتتى. يەنە ئۆرۈيتتى. نازىم ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە بىر ھازا جىمىپ كەتتى.

— ئاپامغا ئېيتسام تەخەيلىك ئېشەكنى ساتساقمىكىن - يا.

— ئېشەكنى سېتىپ نىمە قىلىسەن؟ ئۇنىڭدىن ئايرىلساڭ جەننەتخاچامۇ يىراق-يېقىنغا بارالمايدۇ.... نازىم مۇنداق قىلامسەنكىن - يا،قارا، بېغىڭدا ئۆرۈك، ئالمىلار سېسىپ يېتىپتۇ، ئۇنى قېقىپ شەھەرگە ئاپىرىپ ساتساڭ....

نازىم گەدىنىنى قاشلىغىنىچە ئارسالدى بولۇپ ئويلىنىپ قالدى.

— راھىلە بۇ ئىش قاملىشارمۇ؟ مەن ئۆمرۈمدە ئوقۇش بىلەن كەتمەن چېپىشتىن باشقىسىنى قىلىپ كۆرمىگەنغۇ؟

— نىمە، نومۇس قىلىۋاتامسەن؟ ئۆز بېغىڭنىڭ ھالال مېۋىسىنى ئېلىشىغا ساتساڭ خېرىدارى چىقماي قالامدۇ؟ ئاڭلىسام، روزى تۆگىنىڭ ئۆيىدىكىلەر شەھەرگە بىر ھارۋا ئۆرۈك ئاپىرىپتىكەن، خېلى پۇل قىلىپ يانغانمىش.

نازىم ئەتىسى ئىككى سوكەن ۋە بىر سېۋەتكە ئۆرۈك بىلەن ئالمىنىڭ ئوبدىنىدىن قاچىلاپ، ئۈمىت ۋە ئىشەنچ بىلەن سەھەرلەپ شەھەرگە جۆنەپ كەتتى.

«كەمبەغەلنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ» دىگەن سۆزنى نازىمغا ئوخشاش بېشىغا كۈن چۈشكەن دەرتمەن ئادەملەر ئېيتقان ئىكەن. شەھەرگە كەتكەن نازىمدىن نەچچە كۈنگىچە خەۋەر بولمىدى. تەھەر يولغا تەلمۈرۈپ راھىلەنىڭ تاقىتى - تاق بولدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈمىت تۇماندەك ئاستا-ئاستا يوقاپ، ئۇنى قانداقتۇر بىر تەشۋىش، ئەنسىزلىك چىرمىدى. دەل 18 كۈن ئۆتكەن بىر چۈشلىگى قوراللىق ئىككى ئادەم قولىغا قارا كويزا سېلىنغان نازىمنى ئېتىز بېشىغىلا ھەيدەپ كەلدى.

— نازىم كىچىگىدىنلا لۈكچەكلىككە ئادەتلەنگەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئېتىز بېشىدىلا ئېچىلغان كۈرەش - تەنقىت يىغىنىدا،— ئۇ دادۇينىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىگىدىن قېچىپ شەھەرگە ئېقىپ بارغان. بازاردا ئالما، ئۆرۈك ئېلىپ-سېتىپ قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلغان. بازار باشقۇرۇش خادىملىرى بىلەن قارشىلىشىپ، ئۇلارنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغان. يۇقۇرقى جىنايىتى ئۈچۈن نازىم تۈرمىدە 15 كۈن توختىتىپ قويۇلدى. ئېشىگى بىلەن ئالما، ئۆرۈك ساتقان پۇللىرى مۇسادىرە قىلىندى، لېكىن ئۇنىڭ كەمبەغەل دىخان تەركىۋىدىن كېلىپ

چىققانلىقى ئاساس قىلىنىپ، كەڭچىلىك بىلەن چارە كۆرۈلۈپ، دۈيىدىكى ئاممىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇلدى.

توۋا، سۆزلىسىلا گەپ ئىكەن، قوي ئادەم چىشلەپتۇ، دىگەندەك گەپ بولدى-دە: «نازىم باشقىلارنى ئۇردى» دىگەن بۇ گەپكە كىممۇ ئىشىنەر؟ دۇنيادا شۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدىكەن، ياكى ئۇلارنىڭ باغرى تاشتىن يارالغانمىكىن؟ دىشۋارچىلىق بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن نازىم بىر مەھەل دۈينىڭ ئۇرۇپ-چاپىدىغان دۈمبىغا ئايلىنىپ قالدى. دۈيدە ھوسۇل كەملەپ كەتسىمۇ، كەلكۈن كېلىپ، ئۆستەڭنىڭ سۈيى يار ئېلىپ كەتسىمۇ ھەتتا دۈينىڭ قوتىنىدا بىرەر قوي بالا تاشلىۋەتسىمۇ بۇنىڭ ئۈچۈن نازىم جاۋاپكار بولاتتى. ئۇ كۈنلەردە جەننەتخان ئانىنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇمىدى. ھەممىدىن راھىلە بەك ئازاپلاندى. «ئىسىت، نىمىشقىمۇ ئالما، ئۆرۈكلەرنى شەھەرگە ئاپىرىپ ساتقىن دىگەن بولغىيدىم» دەپ كېچە-كېچىلەپ يىغلاپ چىققان ئىدى ئۇ بىچارە.

1979 - يىلى كىرىش بىلەن نازىمغا سېلىنغان قورۇما نوختا ئۈزۈلگەندىن بوشاپ كەتتى، ھىلقى دىكتاتورا گورۇپپىسىدىكىلەرمۇ باش تىرىخۇ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئىشىگىنى قېقىپ ئىشقا ھەيدىمەيدىغان بولدى. ئۇ تەلىيىگە شۇ يىلى ھەربىلىككە تىزىملاندى.

نازىمنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئېسىدىن چىقمايدىغىنى ئەنە شۇ ئايرىلىش كېچىسى. ئىككىيلەن بۇلاق تۈۋىدە ئۈن-تىنسىز ئۇزاققىچە ئولتۇرۇشتى. ھىلال ئاي نېپىز بۇلۇتلار ئارىسىدا ئاستا ئۈزمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ جاھانغا ئۈمىت ۋە ھايات زوقىنى بەخش ئەتكۈچى بىغۇبار كۈمۈش نۇرلىرى نازىلىق شىۋىرلاۋاتقان بۇلاقنىڭ سۈزۈك ئەكسىدە جىمىرلايتتى. قىزنىڭ بوستان چاچلىرىدەك يۇمران مەجنۇنتال لەرزان سوقۇۋاتقان تاغ شامىلىدا ئىپەكتەك تولغىنىپ، سۇ يۈزىدە يەلپۈنەتتى. نازىم راھىلەنى كۆكسىگە چىڭ تېڭىپ، جىنەستەدەك لەۋلىرىگە يېنىپ-يېنىپ سۆيگەندە قىز نەپەس ئالالماي قالدى، يىگىتلىكتىن ئەمدىلا بەلگە بېرىۋاتقان يۇمران ساقال-بۇرۇتلىرى قىزنىڭ مەڭزىنى غىدىغلاپ ئۆتتى. ئۇنىڭ قان تېمىپ تۇرغان قىپ-قىزىل مەڭزى دەسلەپتە ئېچىشقاندەك قىلدى، كېيىن بولسا ئوت ئالغاندەك كۆيۈشكە باشلىدى، ئاھ قانداق لەززەتلىك سۆيۈشلەر ئىدى ئۇ!

— سەن راستىنلا كېتەمسەن، مېنى ئۆز كۆزۈڭچە تاشلاپ-ھە؟! — راھىلە قېپىيدىغاندەك، ناز بىلەن قاشلىرىنى ھىمىردى.

— ھەممىنى ئۆزەڭ كۆردۈڭغۇ، — ئەلەملىك ئۇھ تارتتى نازىم قىزنىڭ تىزدىغان چاچلىرىنى تۈزەۋېتىپ، — ئالتە ئاي ياز قول تېشىلگىچە كەتمەن چېپىپ، ئۈچىمىز ئىللىقۇدەك كىيىم كېيەلمىسەك كاشكى، قانداق قىلاي، ياپ-ياش تۇرۇپ ئۆلگۈلۈك ئەمەس راھىلە، گېپىمگە قۇلاق سال. دۇنيامۇ مۇشۇ يېزىدەكلا تار ئەمەستۇ، ھەربىلىكتە كىيىم-كېچەك، يىمەك-ئىچمەكتىن باشقا يەنە ھەر ئايدا تۇرمۇش پۇلى بىرىدۇ، دىيىشىدۇ. ياخشى گەپقۇ، پۇلنى ئالساملا ھەر ئايدا ئاپام بىلەن ساڭا ئەۋەتىپ تۇرۇمەن. بۇلا ئەمەس راھىلە ھەربىيدىن قايتقانلارنى شەھەرگە-زاۋۇت-كانلارغا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن، ئامىتى كېلىپ قالغانلارنى كادىر قىلىدىكەن، بىزمۇ ئوقۇغانغۇ، كادىر بىلەن ئىشچىدىن بىزنىڭ نەرىمىز كام؟ شۇنداقلا بولۇپ قالسا، يېزىنىڭ مۇشۇ جاپاسىدىن سىلەرنىمۇ قۇتۇلدۇرىمەن، ئاپام بىلەن سېنى شەھەرگە

ئېلىپ كېتىمەن.

— ياق، مەن ھېچيەرگە بارمايمەن.

نازىم راھىلەنىڭ لىققىدە ياش بىلەن تولغان كۆزلىرىگە قاراپ غەمكىن كۈلۈمسىرىدى.

— توغرا ئېيتىسەن، راھىلە. كىمۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىشنى خالايدۇ، قېرى ئاپام بىلەن سېنى تاشلاپ كېتىش ماڭا شۇنچە ئاسانمۇ؟ بىلىسەنغۇ، بۇنىڭ ھەممىسى تىرىكچىلىك ئۈچۈن بولىۋاتىدۇ، — نازىم نېمىندۇر ئويلىغاندەك بىردىنلا جىمىپ كەتتى، ئاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — دۇنيادا كىشىگە ئۆز يۇرتىدا خارلىنىپ قالغاندىنمۇ زىيادە خورلۇق يوق ئىكەن، يولۇمنى توسما، جېنىم، مۇبادا ... مۇبادا ... مېنى ساقلىيالمىساڭ، باشقا بىر كىم بىلەن ... تويۇڭنى قىلىۋال... مەن سېنىڭ ماڭا باغلىغان پاك ئەقىدەڭدىن ئۆلگىچە رازى ....

نازىمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىگە لىققىدە تولغان ئەلەملىك ياشلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، راھىلەگە تەتۈر قارىۋالدى.

— نېمە دېدىڭ؟ سەن تاش يۈرەك، سەن! ...

راھىلەنىڭ كۆز ياشلىرى مۆلدۈرلەپ تۆكۈلدى. ئۇ نازىمنىڭ قوللىرىنى سىلىكىۋېتىپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. گويا دەرمانىدىن كەتكەندەك سەنتۈرۈلۈپ بولاق بويىدىكى قېرى مەجنۇنتالغا يۆلىنىپ قالدى.

نازىم قىزنىڭ يەلكىسىنىڭ ياپراقتەك تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىدىيالمىدى. ئۇ، راھىلەنى باغرىغا تارتىپ، ياشلانغان كۆزلىرىگە، مەڭزىگە قانىماي سۆيدى، قاپ - قارا قۇندۇز چاچلىرىنى پۇرىدى.

— كۈتەمسەن؟

— كۈتىمەن، مەڭگۈ كۈتىمەن، — شىۋىرلىدى قىز نازىمغا ئەگىلەپ.

ئەتىسى نازىم ناھىيىدىن چىققان قوراللىق بۆلۈم كادىرى بىلەن بىللە بۇ يۇرتتىن ئايرىلدى. راھىلە گويا يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلغان يېتىم بىچارىدەك نازىم كەتكەن تەرەپكە تەلمۈرگەن پېتى، مۇشۇ بولاق تۈۋىدە يىغلاپ قالدى ....

بۇ ئىشلارنىڭ ئۆتكىنىگە خېلى يىللار بولسىمۇ نازىمنىڭ ئېسىدە تېخى تۈنۈگۈنكى ئىشتەكلا ساقلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ كەچمىشلەرنى راھىلە ئويلامدىكىن؟ نازىم ئۇنىڭ بىلەن تېخىچە كۆرۈشكىنى يوق. «ئۇ مېنىڭ قايتىپ كەلگىنىمنى تېخىچە ئاڭلىمىدىمىكىنە، بولمىسا ئۇ نەدىلا بولسا كېلىپ كۆرۈشەتتى. راھىلە ھازىر سەمىرىپ قالدىمىكىن ياكى ئورۇقلاپ قالدىمىكىن؟ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، گەپنى نەدىن باشلىسامكىن؟» ئۇ يەنە شۇلارنىمۇ ئويلىدى. شۇ ئەسنادا، نازىم پاكار جىگدىلىك ئېرىدىكى ئېرىق بويلاپ بۇياققا كېلىۋاتقان قاسىم خورازنىڭ تەمبەل گەۋدىسىنى كۆردى.



— شۇنداق، ئۇ دەل مانا مۇشۇ يەردە ...، — قاسىم ئاۋازى بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى.

— ئۇ ھېكايىنى مەندىن سورىغىنا، — دېدى نازىم شوخلۇق بىلەن كۆزىنى ئويىنىتىپ، — ئۇ يىگىت دەل مۇشۇ يەردە

گۈل - گىيا، دەل - دەرەخكە ئايلىنىپ كەتكەن. بىزنىڭ مارجان بۇلاق دەل شۇنىڭ جىسمىدىن پۈتكەن دېگىنە.

— ھەي، سەن نېمىلەرنى سۆزلەپ يۈرۈسەن؟ — قاسىمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — ئېزىپ قالمىغانسەن، خۇشالغۇسەن؟

— خۇشال بولمايچۇ، قارا، دۇنيانىڭ نەرىدە مۇشۇنداق گۈزەل جاي بار؟ مەن مۇنداق جەننەتتەك يەرنى كۆرمىگىنىمگە تۆت يىل بولدى دېگىنە، تۆت يىل.

قاسىم قاشلىرىنى ئۈچۈردى ۋە نا - زىمنىڭ كۆلكە ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە زەردە بىلەن تىكىلىپ:

— سەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىدار بولۇشۇڭ كېرەك، — دېدى.

— ھە، سەن كىمنى دەۋاتىسەن؟! — نازىمنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— راھىلەچۇ، ھەي ... سەن تېخىچە بۇ ئىشنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— راھىلە، ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟

قاسىم نازىمنىڭ بىردىنلا تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ جىم بولۇپ قالدى.

— سۆزلىگىنە، راھىلەگە نېمە بولدى؟ — جىددىيلىشىپ تەكرارلىدى نازىم.

— ئۆزەڭنى تۇت ئاغىنە، بىز دەل مۇشۇ يەردىن ئۇنىڭ جەسىدىنى تاپتۇق. بۇ ئۆتكەن يىل يازدىكى ئىش.

— يالغان سۆزلىمە، بولمىسا چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن، شۇم ئېغىز!

— ئىختىيار ئۆزەڭدە، كەل، تاماكا چېكەمسەن؟ — قاسىم بىردىنلا تېشىلگەن يەل تۇلۇپتەك بوششىپ كەتكەن نازىمنى قولتۇقلاپ قېرى مەجنۇنتال تۈۋىگە ئېلىپ باردى. نازىم گويا ھالسىزلانغاندەك قېرى مەجنۇنتالغا يۆلەندى.

— بۇ قانداق ئىش قاسىم، مېنىڭ ھېچ ئەقلىم يەتمەيدىغۇ؟ — پىچىرلىغاندەك سۆزلىدى نازىم.

— بۇ ئىشقا سەنلا ئەمەس، پۈتۈن يۇرتنىڭ ئەقلى ھەيران. ھەر قاچان بىرەر قوساق كۆپسىگى بىلەن ئۆزىنى بۇلاقتا تاشلىغانغۇ، دېيىشىشتۇق. ھەي ... قانداق گۈزەل، سۈمباتلىق قىز ئىدى ئۇ!؟ سەن كېتەرىڭدە ماڭا ئېيتمىساڭمۇ ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى كېيىنرەك ئاڭلىغان، شۇڭا ئۇ، كۆزۈمگە ئەجەپ ئىسسىق كۆرۈنەتتى. بىز جەسىدىنى بۇلاقتىن سۈزۈپ چىققان شۇ كۈنى راھىلەنىڭ بېشىدا يىغلىمىغان، ئاھ ئۇرمىغان ئادەم قالمىدى. ئاپاڭ بىچارە، تولا يىغلاپ شۇ كۈنىلا ئۇن ياش قېرىپ كەتتى. كۆرمىدىڭمۇ ئاقىرىۋاللىنى، ھەممىدىن شۇ قېرىغا ئۇۋال بولدى ....

نازىمنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا قان قالمىغان ئىدى، ئۇنىڭ تېخى يېرىم سائەت ئىلگىرىكى ئويناق، قاپ - قارا كۆز - لىرى بىردىنلا ئۆچكەن چوغدەك چانىغىدا ئۇيۇپ قالغان ئىدى. چىرايى شۇنچىلىك سۇر - لۇك ۋە دەھشەتلىك...ئۇ گويا يۈرىكىدىكى ئېغىر دەرت - ئەلەمنى ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتقاندەك، گويا جان ئاچچىقىدا نەپەسلىرى يېتىشمەيۋاتقاندەك ئېغىر - ئېغىر تىناتتى، بىر چاغدا ئۇ ھالسىزغىنە:

— تاماكاڭ بارمۇ، قاسىم؟ ئاغىنە، ماڭا بىر چەكتۈرگىنە، — دېدى، قاسىم ئالدىراپ تاماكا ئوراپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. نازىم تاماكىنى ئېلىپ قاتتىق - قاتتىق شورىدى، زەھەردەك ئاچچىق كۆك تاماكا ئۇنى قاقىلدۇرۇۋەتتى. يوتەل بىلەن تەڭ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش ئېتىلىپ چىقتى ... باشلىرى قېيىپ، جىمى جاھان پىقىراپ ئايلانغاندەك بولۇپ، ئېغىر گەۋ -

دىسىنىڭ قاسىمغا قانداق يۆلىنىپ قالغانلىقىنى سەزمىدى.

×

نازىم بايا ماڭغان يولدا گويا مەس ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپ كېلەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسە، ھەتتا ئۆز ھاياتىمۇ كۆڭۈلسىز ۋە مەنىسىز، ئاسمان قەھرىگە تىك كۆتىرىلگەن ھارارەتلىك قۇياشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك سوغاق، ئۇ گويا زىمىستان قىشىنىڭ شىۋىرغانىدا قالغان كىيىمى يېلىڭ يولۇچىدەك غالىلداپ تىترەيتتى، نازىم قېرى سېدە تىۋۋىگە يېقىنلىغاندا ئۇنىڭ يەردىن ئىككى غېرىچ كۆتىرىلىپ تۇرغان يوغان يىلتىزى ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان ئاقىۋولىنى كۆرۈپ، بىر ئاز سەگەكلەشكەندەك بولدى.

ھەي دەرىخ، ئادەم شۇنچە تېز قېرىپ كېتىدىكەن - ھە؟! ئاقىۋولىنىڭ بۇرۇنقى ئۆزىگە يارىشىملىق قويۇق ساقاللىرى شالاڭلاپ ئۈچتەك ئاقارغان ئىدى، چۆرىلىرى ياغاقلىشىپ كەتكەن كونا سەرپۇش تۇمىغى ئىچىدىكى كىچىككىنە بېشى ئىككى يەلكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۆكۈپ كەتكەندەكلا كۆرۈنەتتى. بوۋاي نازىمنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ چانىغىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئارىنىڭ ئىلگۈسىدەك ئىنچىكە، گۆشسىز بارماقلىرى بىلەن ھاسىسىنى چىڭ قامالىغىنىچە، گويا بەدىنىنىڭ ھەممە سالمىغىنى شۇ ھاسىسىغا تاشلىغاندەك چوقچىيىپ ئولتۇراتتى. نازىم بىر قاراشتىلا ئاقىۋوللىنىڭ مۆگدەۋاتقان ياكى چوڭقۇر خىيال سۈرۈۋاتقانلىغىنى بىلەلمىدى. يەكىسىدىن كەتمىنىنى ئېلىپ، بوۋايغا ئېگىلىپ تۇرۇپ:

— ئەسسالام، ئاقىۋوللىكا، — دېدى.

بوۋايدىن سادا چىقمىدى. ئۇ خىرەلىشىپ، نۇرلىرى ئۆچكەن كۆزلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يېرىم ئېچىپ، بېشىنى قىمىرلاتقاندەك قىلدى - يۇ، كۆزلىرىنى يەنە يۇمدى.

نازىم بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئاقىۋوللىكا، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — دېدى نازىم ئۈنلۈك قىلىپ، بوۋاي شۇ چاغدىلا ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ، كۆزلىرىنى چىم - چىم قىلىپ، نازىمغا سىنچىلاپ قارىدى.

— ھە، ئۆزەڭ كىمسەن؟

— مەن نازىم، ئاقىۋوللىكا، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— نازىم؟ — بوۋاينىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — تالىپنىڭ ئوغلىمۇسەن - ھە؟ ... بالام ....

بوۋاي ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ ھاسىسىغا تاياندى.

— بالام ...، — دېدى ئۇ ئۆمىچىيىپ، نازىمنى كۆرگەن بوۋاينىڭ كۆڭلى ئېزىلدى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇشقا ئاجىز كەلدى - دە، بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە نازىمنىڭ باش - كۆزىنى ۋە قوللىرىنى سىلىدى.

— ئىنشائاللا، ئەر يېتىپ، پۈتۈن بىر ئادەم بوپسەن، — بوۋاي ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ، ھەر بىر سۆز ئارىلىغىدا بىر تىنىپ سۆزلەيتتى، — ئەتىگەندە ... جەننەتخان سېنىڭ كەلگىنىڭنى ئېيتىۋىدى ... مەشەدە ... مەشەدە سېنىڭ يولۇڭغا قاراپ ئولتۇردۇم ... ھە ... مارجان بۇلاققا بېرىپ كەلدىڭمۇ؟ ... ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم مەندىن ئۆز ئامانىتىنى ئالغىچە ... سېنى بىر كۆرەرمەنمۇ دېگەن ئىدىم. يېقىن كەلگىنە ... ئاڭلىغانسەن، قىزىم راھىلە ... ئۆتكەن يىلى قازا قىلىپ... مەندىن بۇرۇن ئانىسىنىڭ يېنىدا ياتتى.

Altun0q

مېنىڭ شۇ قىزنى قانچىلىك پەپىلەپ... مىڭ بىر جاپادا قاتارغا قوشقىنىمنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ھەي... شۇمۇ ئەجەل بولدىمۇ؟ ... ياپ - ياش غۇنچىدەك قىزىمغا كەلگەن ئەجەل ماڭا كەلسىچۇ؟ كاشكى، ئۇ كۈننىڭ سىرىغىنى مېنىڭ تەڭ يېشىمغىچە كۆرسە...، — بوۋاي قاقىلىپ، يۆتىلىپ بىر ھازاغىچە دېمىنى ئالالماي قالدى، — خۇدايىم، ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن، بەختىڭنى زىيادە قىلسۇن بالام، ئۇھ! شۇ تاپتا سېنى كۆرۈۋىدىم... قىزىم تىرىلگەندەك بولدى...، — ئاقموللا ئۆزىنىڭ شۇنچە قىيىنلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئۇزۇنغىچە سۆزلىدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىدە خېلىدىن بېرى يىغىلىپ قالغان ئېغىر دەرت - ھەسرەت ۋە مۇڭلىرىنى بىراقلا تۆكۈپ، ئۇنىڭ ئازاپلاشلىرىدىن خالاس بولماقچىدەك قىلاتتى.

نازىم ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە ئاللىقاچان تاماق تەييارلاپ، ئىڭەك قېتىقىپ ئولتۇرغان جەننەتخان ئوغلىنىڭ سولغۇن چىراي، كەيپىياتىدىنلا ئۇنىڭ ئاشۇ ئېغىر مۇسىبەتتىن خەۋەر تاپقانلىقىنى جەزىملىدى. ئۇ، ئاخشامدىن بېرى بۇ ئىشنى ئوغلىغا قانچە ئېيتاي دېسىمۇ تىلى كۆيۈپ، چىش يېرىپ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى.

جەننەتخان ياشانغان ئۆمرىدە يۈرىكىنى ھەرە كۈنەگىسىدەك پارە - پارە قىلغان ئۇ ئىشنى قانداقمۇ ئۇنتالىسۇن؟ باشقىلارنىڭ ئۆلۈم - يىتىمىغا كۆپ بارسىمۇ «ئەمدى قانداق قىلىمىز تۇققان، سەۋرى قىلىڭ، خۇدادىن كەلگەن ئەجەلگە تەن بەرمەكلىك كېرەك» دەپ ھازىدارلارغا تەسەللى بېرىپ قايتىدىغان موماي راھىلەنىڭ ئۆلۈم مەرىكىسىدە گويا ئۆز قىزىدىن ئايرىلغاندەك مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ، ھازا ئېيتىپ يىغلىدى. چۈنكى ئۇ، نازىم بىلەن راھىلەنىڭ خېلىدىن بۇيانقى ئاشىق - مەشۇقلار ئىكەنلىكىنى پەقەت نازىم ھەربىلىككە كەتكەندىن كېيىنلا خۇلۇم - خوشنىلاردىن بىلىۋالغان ئىدى.

ئوغلى ھەربىلىككە كەتكەندىن كېيىن، يالغۇز ئۆيدە غېرىپچىلىق بېسىپ، ھۇقۇشتەك يىگانە قالغان موماي راھىلە بىلەن ئۇچرىشىپلا قالسا ئۇزۇنغىچە قويۇۋەتكۈسى كەلمەي، ئىچىدىكى گەپلىرىنى تۆكەتتى. ئوغلىدىن قايسىبىر ئايلاردا كەلگەن خەتنى جىلىتكىسىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن ئاۋايلاپ ئېلىپ، قىزغا ئۇزىتاتتى.

— چوڭنا، بۇ خەتنى تېخى ئۆتكەن جۈمەدە بىر ئوقۇپ بېرىشۋېدىمغۇ سىڭلىگە، — دەپ مومايىنىڭ ئېسىگە سالاتتى قىز.

— ھېچقىسى يوق، قىزىم، — دەيتتى موماي خەتتىن كۆزىنى ئۈزمەي، — ئوغلۇمنىڭ يازغانلىرىنى يەنە بىر ئاڭلىسام، خۇددى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەكلا بولىمەن. ئۆزىنى كۆرەلمىسەممۇ خېتىنى بولسىمۇ ئاڭلاي، قېنى، بىر ئوقۇڭا، ئاپپىغىم. خەت دېگەن يېرىم دىدار دەپتىكەن.

جەننەتخان بىر كۈنى راھىلە بىلەن بۇلاق بويىدا ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ راھىلەنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ:

— راھىلە، جېنىم قىزىم، قېنى، راست گېپىڭىزنى بىر ئېيتىڭا، ئاڭلىسام، نازىرجاندىن سىزگىمۇ سالام خەت كېلىپ تۇرارمىش، سىزمۇ شەھەرگە كىرىپ، ئۇنىڭغا خەت - خالتا سالغانمىشسىز، بۇ ئىشلار يالغان ئەمەستۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ۋىيەي، چوڭنا، يالغان گەپ، — راھىلە قانچە قىلغان بىلەنمۇ چاندۇرۇپ

قويدى، يۈزى ۋىلىلدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. شۇ چاغدا جەننەتخانغا راھىلەنىڭ بۇ تۇرقى تولىمۇ ئوماق كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىدى.

— مەندىن يوشۇرۇپ نىمە قىلىسىز؟ — دىدى موماي راھىلەنىڭ كۆزلىرىگە چۈشۈپ تۇرغان سېكىلەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، — ماڭا كېلىن بولسىڭىز سىزدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كېتىمەن. رەھمەتلىك ئاپىڭىزنىڭ روھىمۇ خۇش بولۇپ كېتەر، قېنى، ئوغلۇم ھەربىلىكتىن بىر كەلسۇن، ئۇ بۈگۈنى كەلسە، ئەتىسىلا ئاق يولىنىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ ئۆزەم كىرىمەن.

جەننەتخان كىچىكىدىلا ئانا مېھرىگە قانماي ئۆسكەن ياخشى قىزنى باغرىغا بېسىپ، يۈزلىرىگە سۆيگەندە، راھىلە ئۇنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرىدىن تولىمۇ لەززەتلىك بىر سېزىمنى ھىس قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىنلا موماي ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە ئىسسىق كۆرۈنۈدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ راھىلەمۇ جەننەتخاندىن سىر يوشۇرۇپ يۈرمەيدىغان، بەزىدە نازىنىڭ ئۆزىگە يازغان قايناق سۆيگۈ خەتلىرىنىمۇ مومايغا تارتىنماي ئوقۇپ بېرىدىغان بولدى. بۇنداق چاغدا راھىلەنىڭ كۆكسى - قارنى ئېچىلىپ قالغاندەك، مومايىنىڭ خۇشاللىقتىن كۆلىكىسى بېسىلماي بېشى ئاسمانغا يەتكۈدەك بولاتتى ... موماي مۇشۇنداق ئالتۇندەك بىباھا قىزنىڭ قاندىقىمۇ ئارمىنىنى يىمىسۇن؟ ئۇ ھەر نامىزىدا راھىلەنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى ۋە شۇ ئىككى ياشنى مۇراتمەقسىدىگە يەتكۈزمىگەن تەقدىرگە خورسىناتتى. ئۇ بۈگۈن ئوغلىنىڭ غەمناك ھالىنى كۆرگەندە، تەسەللى ئۈچۈن بىر ئېغىز سۆزقىلار - قىلمايلا ئۆزىنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلاپ سېلىشىدىن قورقۇپ، ھەممە دەردىنى ئىچىگە يۇتتى.

×

نازىم نەچچە كۈنگىچە بۇ كۆڭۈل ئازاۋىنى باسالماي، خىيالغا پېتىپ يۈردى، ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدى، نازىم ھەربىي سەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى باسىدىغان قەدىمى ۋە ھاياتى توغرىسىدا باش قاتۇرغان ۋە ئاخىرىدا كۆڭلىنى ئۆز يېزىسىغا توختىتىپ، بۇ يۇرت توغرىلىق تالاي ئارزۇ - ئۈمىتلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. ئۇ، راھىلە بىلەن بەختلىك بىر ئائىلە قۇرۇپ، بىرلىكتە مارجان بولاقنى تېخىمۇ گۈللەتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە ئەقىل - ئىدرىكىنى ۋە كۈچىنى بېغىشلاشنى نىيەت قىلغان ئىدى. ئەمدىچۇ؟ ئۇنىڭ گۈزەل ئىستەكلىرى تاشقا ئۇرۇلغان كېمىدەك بىراقلا گۇمران بولدى، قانداق قىلىش كېرەك، ئۇ ناھىيىگە كېلىپ ئۆزىنى تىزىملاتقان ئاشۇ كۈنى خەلق ئىشلار بۆلۈمى باشلىقى نازىمغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى ھەيدەشنى تەكلىپ قىلغاندا ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇنىمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى «ياكى ھازىرمۇ شەھەرگە قايتىپ كەتسەممىكىن، ئەمدى بۇ يەردە نىمەم قالدى، ئانامنى ئۆزەم بىلەن بىللا ئېلىپ كەتسەم بولمامدىمۇ؟» دەپمۇ ئويلىدى ئۇ. نازىم بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۆز ئائىلىسىگە تەقسىم قىلىنغان يەردىكى قوناقلىقتا سۇ باشلىدى، كېۋەزلەرنىڭ ئۈچىنى ئۈزدى، ۋە تۈۋىنى يۇمشاتتى، ھارغاندا قىرغىقلا يانپاشلاپ، قوسىقى ئاچقاندا بولاقنىڭ سۈزۈك ۋە مۇزدەك سوغاق سۈيىگە نان چىلاپ يىدى. ئۇ مۇنداق ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان چاغلىرىدا، باشقىلارنى ھەسرەت

ئۆتى ئىچىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈ خوشلاشقان راھىلە بىلەن يەنە يىراق كۆئىنلۈن باغرىدىكى سۆيۈملۈك ھەربى قىسمىنى، پىشقەدەم پولك كوماندىرى بىلەن جەڭچى سەپداشلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. مانا، نازىمنىڭ ئۇلاردىن ئايرىلغىنىغىمۇ خېلى كۈنلەر بولدى، تېخى ئۇلارغا بىرەر پارچىمۇ خەت يازغىنى يوق. بولۇپمۇ پولك كوماندىرى ئالدىدا بەك سەت بولدى، «توغرا، ئۇلارغا خەت يېزىش كېرەك، چوقۇم يېزىش كېرەك، — نازىم تەردە ئاق شور ئۆرلەپ كەتكەن ھەربى شەپكىسىنى مىجىغلىغىنىچە جىددى ئويغا چۆكتى، — پولك كوماندىرىغا خەت يازغاندا ئۆزەمنىڭ كېيىنكى يېڭى ھاياتىم ۋە قىلىۋاتقان ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىم توغرىلىق دوكلات قىلىشىم كېرەك ئىدى، ئەمدى نىمىلەرنى يېزىش كېرەك؟ مارجان بۇلاقتىكى ئامراق يارىمدىن جۇدا بولغانلىغىمنى ۋە ئۇنىڭ تۆپەيلىدىن شەھەرگە قايتىپ يېڭىۋاشتىن ئىش ئىزلىمەكچى بولغانلىغىمنى يېزىش كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا ...» نازىم ئويلانغانسېرى ئازاپلىناتتى. بۈگۈن يەنە شۇنداق ئويلىنىۋاتقاندا كۆز ئالدىغا بىردىنلا پولك كوماندىرىنىڭ ھىلىقى مۇسىبەت كۈنلىرى كەلدى... پولك كوماندىرى 55 ياش ئەتراپىدىكى ئاق چاچلىق، لېكىن ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىغىغا قارىماي، ئېيىقتەك كۈچى بار جاسارەتلىك ئادەم. كونا جەڭچىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ ئازاتلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە قىسىمدىكى ئەڭ كىچىك بالا جەڭچى بولۇپ، مەشھۇر خۇەيخەي ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىكەن. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قۇرۇلۇش قىسمى كۆئىنلۈن، ھىمالايا تاغ ئىگىزلىگىدە ھەربى تاشيول ياساش بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پولك كوماندىرى قىسمىنى باشلاپ قۇرۇلۇش ئورنىغا كەلگەن، جەڭچىلەر ئۇنى پولك كوماندىرى «گاۋ»، «قوماندان گاۋ» دەپلا ئاتايتتى، شۇڭا نازىممۇ پولك كوماندىرىنىڭ تولۇق ئىسمىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاجايىپ ئادەم ئىدى. جەڭچىلەر بىلەن بىللە يېتىپ قوپۇپ، بىللە ئەمگەك قىلاتتى. مۇزدەك قېتىپ كەتكەن سوغاق جىگدىمنى جەڭچىلەر بىلەن بىللە غاجىلايتتى. بىر كۈنى جەڭچىلەرنىڭ ئارىسىدا توساتتىنلا «قوماندان گاۋنىڭ ئايالى كېسەلدە ۋاپات بوپتىمىش» دىگەن كۆڭۈلسىز خەۋەر تارقالدى. جەڭچىلەر شۇ چاغدا كوماندىرغا نىمە دەپ تەسەللى ئېيتىشنى بىلمەي قالغان، بەكمۇ ئىچ ئاغرىتىشقان ئىدى. شۇ كۈنلەردە جەڭچىلەر كوماندىرنىڭ تامىغىنىڭ ئازىيىپ، چىرايىنىڭ جۇدەپ - ئورۇقلاپ كەتكەنلىگىنى، ھەتتا گەپسۆزمۇ ئاز قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىغىنى كۆرگەن. لېكىن ئۇ جەڭچىلەر بىلەن ئوخشاشلا جۆتۈ چېپىپ تاش يارغان. شالاڭ ھاۋادا نەپەس يېتىشمەي ھۇشسىزلىنىپ يىقىلغان جەڭچىلەرنى جۇۋىسىغا ئوراپ، ئۆز بەدىنىنىڭ ئوتلۇق ھارارىتى بىلەن ئىسسىتقان ئىدى. جەڭچىلەر ئاخىرى چىداپ تۇرالمىدى، بىر كۈنى ئىش ئورنىدىكى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇلار تۇشمۇ - تۇشتىن چۇقۇرۇشۇپ، پولك كوماندىرىنىڭ ئۇرۇمچىگە قايتىپ، ئۆيىنى ۋە ئانىسىنى، ئانىسىز قالغان باللىرىنى كۆرۈپ كېلىشىنى ئىلتىماس قىلىشقان، لېكىن، كوماندىر قايتمىغان. گەرچە جىغۇر بولۇپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك باش چۆككۈرۈپ ئىشلەۋەرگەن ئىدى. بۇ ئىش جەڭچىلەر ئارىسىدا خېلىغىچە سۆز - چۆچەك بولۇپ يۈردى، قاتىنىرلىرى: «ھەي، مۇنداقمۇ تاش

يــۈرەك ئادەم بولامدۇ؟» دەپ ئارقىدىن
تىللىدى. كوماندىر كېيىن ئۆزىنىڭ جەڭ -
چىلەرگە قىلغان بىر قېتىملىق سىياسى
دوكلادىدا بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بەردى.
ئۇ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە بۇ شانلىق
كۆرەشتىكى ئارمىيىنىڭ بۇرچى توغرىسىدا
سۆزلىگىنىدە «ئارمىيە ئۇچۇن ئېيتقاندا،
بۇ كۈرەش خۇددى ئازاتلىق ئۇرۇش
مەزگىلىدىكى قانلىق جەڭگە ئوخشاش ئۇلۇغ
ۋە مۇقەددەس تۇر ... مانا مۇشۇنداق جەڭ
مەيدانىدا قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق
بېرەلمىگەن ۋە ئۆز ئىرادىسىنى يوقىتىپ،
قورالىنى تاشلاپ كەتكەن جەڭچى ئاخىرقى
ھېساپتا نومۇسسىز قاچقۇن، ئۇنى خەلق
مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ!» دېگەن ئىدى.

— قاچقۇن ... قاچقۇن ...، — ئىچىدە
ئاستا تەكرارلىدى نازىم، شۇ چاغدا ئۇنىڭ
يۈزى كۆيۈپ شەلپەردەك قىزاردى ....

## 5

نازىم ئەترەت باشلىقى مىجىت
ئاكىسىنى ئۇنىڭ گۈللىرى قار لەيلىسىدەك
بوككىدە ئېچىلىپ كەتكەن سورتلۇق
كىۋەزلىكىدىن تاپتى. مىجىت ئاكا بوك -
باراخسان شاخلىرى بەلگە كەلگۈدەك
ئۆسكەن كىۋەزنىڭ ئۇچىنى قايچىلاپ
كېسىۋاتاتتى. ئۇ نازىمنى كۆرۈپلا ئالدىراپ
قىرغا چىقتى.

— كەل، كەل نازىم، قانداق ھار -
دۇغىڭ چىقىپ قالغاندەكمۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ
قولىنى چىڭ سىقىپ.

مىجىت ئاكا ئەللىكلەرنىڭ قارىسىنى
ئالغان، چاشقاننىڭكىدەك ئىنچىككە ساغۇچ
بۇرۇتى بار ۋىجىككىنە، ئەمما، يېزىنىڭ
جاپالىق ئەمگەكىدە چويۈندەك پىشىپ
كەتكەن تەجرىبىلىك دىخان ئىدى.

نازىمنىڭ ئېيتىشىدە، تالىپ بوۋاي
ھەمىشە ئۇنى «مىجىت دېگەن ئازاتلىقتىن
كېيىن يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، زومى -
گەرلەرگە قارشى تۇرۇش چاغلىرىدا چاقا -
ماقتەك ئىشلىگەن يىگىت ئىدى» دەپ
كۆپ ماختايدىغان. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ
جاپاكەش دىخانلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ
ئىشلەيدىغان يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرى
بولۇپ قالغان ئۇ ھەقىقەتەن يۇرتىنىڭ
كۆڭلىدىكى ئادەم ئىدى، ئېغىر كەت -
مەننى مۇرىسىگە سېلىۋېلىپ ئېتىز - مۇ -
ئېتىز، قىرمۇ - قىر ئارىلاپ يۈرۈشنى ياخشى
كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل مارجان
بۇلاق يېزىسىنىڭ قىر - داللىرى ئۇنىڭغا
بەش قولىدەك تونۇش بولۇپ كەتكەن.
قايسى ئېتىزغا نېمە تېرىش كېرەك، سۇنى
قانچىلىك قويۇپ، ئوغۇتنى قانداق بېرىش
كېرەك؟ دېگەن ئىنچىكە ھېساپنىمۇ ئەستىن
چىقارمايتتى. ئۇنىڭ «مىجىت كەتمەن»
دېگەن يارىشىملىق لەقىمىمۇ ئەنە شۇ
ئىشلاردىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك.
لېكىن يېقىندىن بۇيان مارجان بۇلاقنىڭ
ياشلىرى ئۇنىڭغا «9 - دۈيجاڭ» دېگەن
غەلىتە لەقەمنىمۇ قويۇشقا ئۈلگۈرگەن
ئىدى. بۇ مىجىت ئاكىنىڭ خەلق كۇڭشېسى
قۇرۇلغاندىن تاكى ھازىرغىچە ئەترەت
باشلىقلىقىدىن 8 قېتىم ئېلىپ تاشلىنىپ،
بۇ يىل 9 - قېتىم سايلانغانلىقىنى چۈشەن -
دۈرەتتى.

ئىككىيلەن قېلىن جىگدىلىك يېنىدىكى
تاسمىدەك سوزۇلغان هارۋا يولىنى بويلاپ
كېتىۋېتىپ پاراڭغا چۈشتى.

ــ ھەي، مەن بىر ياخشى گەپ ئاڭلايمىنا، ــ دېدى مىجىت ئاكا تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋېلىپ، ــ سەن راستىنلا مەھەللىگە قايتىپ كەلدىڭمۇ، يا بۇ يالغان گەپمۇ؟

نازىم ئۇنىڭ ئۈمىت جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاپ بەردى:

ــ مىجىتكا، قېنى سىز دەپ بېقىڭا، قانداق قىلسام بولار؟

ــ مېنىڭچە بولسىمۇ سېنى ئەترەتكە گۈل قىلىپ قىسقۇم بار، ئاخشام قاسىم خورازدىن شۇنداقراق ئاڭلىدىم، لېكىن بىر تۇرۇپ، تۆت يىل ھەربى بولغان ئادەم ھۆكۈمەتكە مۇئاشقا ئىشلىمەي دېخان بولامدۇ دەيمەن.

نازىم قىزىقسىنىپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

ــ كۈلۈسەنتۇ، خاتا دېدىمۇ-يا، ھە، شۇ گەپ، دېخان بولمايسەن.

ــ بولسامچۇ؟

ــ تالپىنىڭ بالىسكەن دەيمەن، ئەترەتكە باش قىلىپ، سايەڭدە كۆكلەيمەن!

ــ ياق، مېنىڭ سىزگە ئەزا بولغۇم بار، ــ دېدى نازىم.

ــ يوق گەپنى قىلما، ــ مىجىت ئاكا نازىمغا چەكچەيدى، ــ سەنسىز مارجان بۇلاقنىڭ كەتمىنى چېپىلماي قالىدۇ دەمسەن؟ بىلىمەن، ئەسكەر بولۇپ چېنىقتىڭ، پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى ئالدىڭ، بۈگۈن مارجان بۇلاقتا دەل سېنىڭدەك ئادەم كېرەك. مەن نىمە ئىدىم شۇنچە؟ 8 قېتىم ئۆرۈلۈپ 9-قېتىم ئۆرە قوپتۇم. بۇ نىمە ئۈچۈن؟ قىسقىسى، ئاكاڭ ئاجىز كەلدى، قەلەم، بىلىم ۋە سىياسەت بىلەن بولىدىغان نازۇك ئىشلاردا ئاكاڭ كۆۋۈكتەك لەيلەپ قالدى....

نازىم مىجىت ئاكىنىڭ ئۆزىنى ياش دېمەي، ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋاتقانلىرىغا خوشال بولدى، مىجىت ئاكا ئۆمرىدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ساۋاتسىز دېخان، ئەترەتنىڭ ئېتىز-ئېرىق ۋە تېرىلغۇ ئىشلىرىغا شۇنچىلىك پۇختا ئىدىتلىق بولغىنى بىلەن، تېخنىكا، ھىساۋات ئىشلىرىدا، قىسقىسى، قەلەم بىلەن بولىدىغان ئىشلاردا بېشىنى قاشلاپ قالغىنى راست. لېكىن، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى مارجان بۇلاقلىقلارنىڭ بەختسائادىتى ئۈچۈن بېغىشلىۋەتكەن سادىق بىر قەلب بار. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن باسقان نەچچە ئون يىللىق جاپالىق قەدىمىدە قانچە قېتىم مىققا ئۇسۇۋالغان بولسىمۇ، پېشانىسىدىن قان داغلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، بۇ يولدا ھامان ئىلگىرىلەۋەرگەن. مارجان بۇلاقتا ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا مۇشۇنداق سەمىمى ھەم باتۇر ئادەملەر كېرەك. نازىم شۇڭا ئۆزىنىڭ خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئويلىرىنى يوشۇرمىدى:

ــ ياق، مىجىتكا، بىزگە يەنىلا سىزنىڭ باش بولغىنىڭىز تۈزۈك. بۇ مېنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن مارجان بۇلاقلىقلارنىڭ ئۈمىدى. ئەگەر خالىسىڭىز، مەن، سىزگە ياندىشىپ بىر ئات بولاي، ــ دېدى.

ــ ئۇنداقتا، سەن نىمە قىلاي دەيسەن؟ ــ تەئەججۈپلىنىپ سورىدى مىجىت ئاكا.

ــ مەن سىزنىڭ تىراكتۇرچىڭىز بولاي دەيمەن. بىز بۇنىڭدا مارجان بۇلاقتا نۇرغۇن ئىش قىلىپ بېرەلەيمىز، مەسىلەن....

ــ بەللى، شۇنداقمۇ ھۈنىرىڭ بار دېگىنە!

ــ ھەربى قىسىمدا مېنىڭ تۆت يىل ماشىنا، تىراكتۇر ھەيدىگەنلىكىمنى ئاڭلىماپتىكەنسىز-دە، مىجىتكا، كۆرۈپ قويۇڭ، مانا بۇ شوپۇرلۇق كىنىشكام، ــ نازىم يانچۇقىدىن قىزىل سولياۋ تاشلىق كىنىشكىنى چىقىرىپ مىجىت ئاكىغا ئۇزاتتى.

AltunOq

— ۋاي ئىست،— مىجىت ئاكا قولىدىكى كىنىشكىنى ۋاراغىداۋىتىپ بىر ئىشقا ئۆكۈنگەندەك ھەسرەت چەكتى،— شۇ تاپتا بىزنىڭ بىر تىراكتۇرىمىز بولسىچۇ! سەن بىلمەيسەن، ھازىر ئەزالارنىڭ ئارىسىدا نىمىنىڭ جىدىلى؟ قوش، سوقا بىلەن ئات - كالا، ئەتىيازدا نەچچىسى كالا تالىشىپ قاش - قاپىقىنى يىرىشتى. دىخانچىلىق ئۇچۇن ئەلۋەتتە ئات - كالا كىرەك، بىزدە بارى تولا ئىشلىتىلىپ كاردىن چىقتى، پات - ئارىدا كۆزلۈك تىردىلىۋ باشلىنىدۇ. نىمە بىلەن تىرىدىمىز، قوش - سوقىنى ئۆزىمىز تارتىمىزمۇ ياكى يەرنى بۇرنىمىز بىلەن سىجايمىزمۇ، خىلىدىن بىرى بىشىمنى قاتۇرغىنى مۇشۇ ئىش.

— ئەترەتنىڭ ھىلقى تىراكتۇرىچۇ، ئاپام ئىزاقى يىلى ماڭا يازغان خىتىدە بىر تىراكتۇر سىتىۋالدۇق، دەپتىكەن، مەن بۇنى ئۇقۇپ، مارجان بۇلاق ئەمدى ماشىنىلىشىشنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان بولدى دەپ ئويلىغان ئىدىم.

— ھە،... ھىلقى تىراكتۇرنى دەمسەن؟— ئىغىر «ئۇھ» تارتتى مىجىت ئاكا،— بىر يىلچە بولدى، ماخودا توپا بىسىپ ياتىدۇ. ھەي، شۇ تىراكتۇرنىڭ گىپىنى قىلمىغىنا، ئۇنى ھەربىر ئويلىسام، ئۆپكەم ئۆرلۈپ كىتىدىغۇ مىنىڭ.

— بۇزۇلسا رىمونت قىلىش كىرەكتە،— دىدى نازىم پەرۋاسىزلا. مىجىت ئاكا چىچىلدى:

— رىمونت قىلدۇرمىدۇق دەمسەن، ئۇنى سىتىۋالغىچە ھاكىمغا دىدۇق، تىراكتۇر ساتىدىغان ھىلقى ئىدارىنىڭ باشلىقىغا دىدۇق، تالۇن كەسكۈچىگە دىدۇق، نەچچە تاغار ئاشلىق بىلەن نەچچە تۇلۇم سۇ يىغىمىز خۇشامەتكە كەتتى، مىڭ بىر جاپادا تىراكتۇرنى ئىلىپ كىلىپ، يەتتە - سەككىز مو يەر ھەيدەمەيلا ئۇنىڭغا چاڭگال سالىدىغانلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكىنىنى دىمەمسەن بىرسى گۇڭشىدىكى پالانچى شۇجىنىڭ ئوغلى، بىرسى پۈكۈنچى شەنجاڭنىڭ ئىنىسى. تىراكتۇر بىر كۈنى تاقتا كۆمۈرگە چاپسا، بىر كۈنى تويتۆكۈنگە، بىر كۈنى ئۆي سالىدىغان ياغاچ، كىسەككە چاپتى. ئاخىرى بىزنىڭ روزى بوغالتىر تاغ يولىدا جەرەن قوغلاپ، ئازگالغا ئۆرۈپ ئارام تاپتۇردىغۇ. «تاغار بايىنىڭ، ئىشەك بايىنىڭ، يىقىلسا يۆلىمەيمەن، ئۆلسە تۆلىمەيمەن» دىگەن شۇ - دە،— مىجىت ئاكا سۆزلىگەنسىرى قىزىشىپ ئاۋازىنى كۆتىرىشكە باشلىدى،— مەن ئەترەت باشلىقلىقىغا بەلگىلەنگەندىن كىيىن، بىر قىتىم رىمونت قىلدۇردۇق. تۆزۈك ئىككى كۈن ماڭمايلا يەنە زۇۋانى تۇتۇلدى. شۇمۇ رىمونتچى بولدىمۇ؟ قوينۇم ئوغرى، قونجۇم ئوغرى قىلىدىغان ئۇ هازازۇللار پۇلنى ئالدى - دە، قۇيرۇغىنى خادا قىلىشتى. ئۇلار مىنىڭ بۇ تىراكتۇر دىگەننىڭ كىچىك تىلىنى بىلمىگەنلىگىمدىن پايدىلىنىپ كۆزۈمگە توپا چاچقان - دە، ئىست، بىزدە ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان بىر ئىنسانىنىڭ يوقلىقى. بىچارە دىخانىنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن نەچچە مىڭ كوي پۇلنى ئىس قىلىپ ئاسمانغا ئىتىپ تۆكەتتى ئۇ نىجىس!

مىجىت ئاكىنىڭ شۇنچىلىك قايناپ، چىچىلىپ كىتىشى ئەلۋەتتە بىكار ئەمەس ئىدى. بەرھەق، بەزى ئىدارە باشلىقلىرى ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش يولىدا، دۇنيادىكى ھەرقانداق پەسكەشلىك ۋە رەزىللىكلەرنى قىلىشتىن باش تارتىمىدى. ئۇلار خەلق تاپشۇرغان ھوقۇق ۋە ئىمتىيازنى ئۆزىنى سەمىرىتىشنىڭ دەسمايىسى قىلدى. ئۇنداق ئادەملەر دىخانلارنىڭ غىمىنى يىسۇنمۇ؟ ئەنە، بىر تىراكتۇر ئۇچۇن ئۇلار مارجان

بۇلاقلىقلارنى قانچىلىك قاقتى - سوقتى قىلى-غان - ھە؟ ھەلىقى ئۆزىنى رىسونتچى دەپ ئاتىۋالغان بەزى ئالدامچىلار دىخانلارنىڭ پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى چوڭقۇر بىلمەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى خالىغانچە بوزەك قىلىدۇ، مىجىت ئاكىغا ئوخشاش ھەقىقى ساپ نىيەتلىك كومپارتىيە ئەزالىرىمۇ بار، ئۇلار ئۆزىنىڭ پاك سەمىمى نىيىتى، ئالماستەك قاتتىق ئىرادىسى بىلەن ئۆز يېزىسىنى گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلىغان. لېكىن ئۇلار ھېلىقىدەك پارىخور ئەمەلدارلار بىلەن ئالدامچى رىسونتچىلار ئالدىدا چارە - تەدبىرسىز، بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟ ئىككىيلەن خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭ قىلىشماي مېڭىشتى، نازىمنىڭ قەلبى ئاشۇ سوئال ئىسكەنجىسىدە قورغۇشۇندەك ئېغىر خىياللار بىلەن ئازاپلىناتتى.

— يۈرۈڭ، مىجىتكا، بىر ئاشۇ تىراكتورنى بىر كۆرۈپ كېلەيلى، — دىدى نازىم ئارىدىكى ئېغىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

ئىككىيلەن ئەترەتنىڭ ئالمىلىق بېغىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئەترەتنىڭ ئەتراپى چۆلدەرەپ ئۇستى ئېچىلىپ قالغان ماخوسىغا يېتىپ كېلىشتى. تاملىرى ئۆرۈلۈپ، كاۋاكلى-رىغا سېرىق ھەرە ئۇۋا سالغان كونا ئېغىلدا بىر دۆۋە شاخ - شۇمبا چوقچىيىپ تۇراتتى.

— مانا، تىراكتورنى كۆرسەڭ، — دىدى مىجىت ئاكا ئاشۇ شاخ دۆۋىسىنى كۆرسىتىپ. ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى غەيرى تىترەشتىن دىلىنىڭ ئېغىر ئەلەم بىلەن ئۆرتىنىپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى نازىم پەم قىلدى. نازىم ئالدىراپ شاخ - شۇمبىلارنى قايرىپ چۇۋۇشۇردى. مارجان بۇلاق خەلقىنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەل-گەن بىر پارچە ئىسسىل گۆھەر — 36 ئات كۈچىگە ئىگە «مول - ھوسۇل» ماركىلىق بۇ تىراكتور ئۇنۇمسىز يەرنىڭ شورلۇق چالمى-سىدەك چۆرۈپ تاشلىۋېتىلگەن ئىدى، نازىم ئاپتاپتا قاغجىراپ، يامغۇردا داتلىشىپ، توپا - توزاڭغا مىلىنىپ ياتقان تىراكتورغا ئىچى سېرىلگەن ھالدا بىر ھازاغىچە قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېغىر تاش كېلىپ باسقاندەك، نەپەسلىرى قىسىلدى.

— شۇ، ئىككى يىل بۇرۇنقى يىپ-يېڭى تىراكتوردىن ئەمدى بىرگە قالغىنى مۇشۇ كېرەكسىز تۆمۈر - تەسەك، — دىدى مىجىت ئاكا نازىم بىلەن ئېغىلدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ. ئۇ جىگدىلىكتىكى بىر پارچە يەرگە سۇ باغلاپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.



كەچكى ئۇپۇقتىن ھىلال ئاي كۆتىرى-لىپ، قېرى سېدە يېنىدىكى مېچىتتىن خۇپتەن ئەزىنى ئاڭلاندى. جەننەتخان قاچا - قومۇش-لارنى يىغىشتۇرۇپ، نامازغا تەرەددۇت قىلى-ۋاتقاندا شەپكىسىنى كىيىپ تاشقىرىغا مېڭى-ۋاتقان نازىم:

— ئازراقلا ئىش ئاپا، مىجىت ئاكاھ-نىڭكىگە بېرىپ ھازىرلا كېلىمەن، — دىدى. نازىم يولغا چىقىپ كەچكى سالقىن ھاۋادىن كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. نىمە دىگەن ئاراملىق كېچە؟ كۈندۈزدە ئاڭلىنىدىغان شاۋقۇن - سۈرەنلەر بېسىقىپ، ئەمدىكى تەبى-ئەت كۆكاتلار ئارىسىدا بەس - بەس بىلەن چىرىلداۋاتقان چېكەتكىلەرنىڭ نەغمىسى بىلەن تولغان ئىدى.

نازىم ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە تەكى-

يىگە يانپاشلىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەن مەجىت ئاكىنى گۈڭگا لامپا يورۇقىدا يىڭنە ئىشى قىلىۋاتقان زەينەپخان نوقۇپ ئويغاتتى.

— ئوھۇ، نازىم، كەل-كەل، يۇقۇرى ئۆت، — مەجىت ئاكا بېشىنى كۆتىرىپ ئەسنەپ قويدى، — تازا ھارغان ئىكەنمەن، مانا بىرگىمۇ قېرىلىق يەتتى، ئارمانغا چۇشلۇق دەرمان يوق، ھە، تىراكتور ئەيۋەشكە كېلىدىغاندەكمۇ؟

— ئەگەرى ئوق ئېگىلگەن، بىر قىسىم سايمانلار داتلىشىپ كاردىن چىقىپتۇ. يەنە بىر قىسىم مۇھىم سايمانلىرىنى كىملەردۇر ئېلىپ كېتىپتۇ. مەن بۇلارنى بىر بىرلەپ تىزىملاپ چىقتىم، — نازىم كۆينىگىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئۇزاتتى. مەجىت ئاكا قەغەزنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، نازىمغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ دېدى:

— ھەي، مېنى بۇ جانۋارنىڭ ئۇچەي-باغرىنى بىلىدۇ دەمسەن؟ تىلىنى بىلگەن بولسام ئۇنى ئاشۇنداق بىكار تاشلىۋېتەرمىدۇق؟ شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭدىن يەنە ئۇمىت يوق بولۇپ چىقتى، دىگىنە.

مەجىت ئاكا خام تاماكا تولدۇرۇلغان تۇچ غاڭزىسىغا لامپىنىڭ ئۇچىدىن ئوت تۇتاشتۇرۇلغان گېزىت قەغىزىنى بېسىپ، غاڭزىنى تېز-تېز شورايتتى.

— ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس، — نازىم بۇ گەپنى بىر خىل ئىشەنچ ئاھاڭى بىلەن سۆزلىدى، — كەم سايمانلىرىنى مۇشۇ قەغەزدىكى تىزىملىك بويىچە ناھىيىلىك دېخانچىلىق سايمانلىرى ئىدارىسىدىن سېتىۋالساقلا ئىش پۈتىدۇ.

— قايسى پۇلغا؟ — گەپنى ئۈزۈپلا سورىدى مەجىت ئاكا.

— شۇ، سىز ئەترەتتىن بىر ئاز پۇل ئاجرىتىپ بەرسىڭىز؟...

مەجىت ئاكا تاماكىنى قاتتىق بىر شورىغاندىن كېيىن، ئىسىنى يېنىغا پۈلەۋېتىپ، غاڭزىسىنى توغرا تامغا تاكىلدىتىپ قاقتى.

— ھەممە نەرسىنىڭ بېرىپ تاقىلىدىغان يېرى يەنە شۇ پۇل، ئۇكا. مېنىڭ ئەترەتكە باشلىق بولغىنىمغا 6 ئايدىن 17 كۈن ئاشتى، سەن بىلەمسەن، مارجان بۇلاقتىن ئاخىرى ماڭا قالغىنى نېمە؟ غەللىسى يوق قۇرۇق تەنزە! ھەممىنى نەپسى بالالار سېرىپ-سۈپۈرۈپ قۇرۇغداپ قويۇشقان. شۇمۇ خەقنىڭ كادىرى بولدىمۇ؟ كاللامنى ئېلىۋەتسىمۇ دەيمەن. ئۇلار كادىرلىقتىن قۇرۇتمىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنلەر. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش تىراكتورغا جان كىرگۈزۈشنىڭ ئامال-چارىسىنى ئويلاپ تېخى ھېلىراقتا ئېتىزدىن كېلىۋېتىپ روزى كۆەيجىدىن پۇل سورۇشتۇردۇم. «نەدىكى پۇل؟ قولۇمدا بارى قۇرۇق دەپتەر بىلەن ئەزالارنىڭ قەرز ھۆججىتى» دەيدۇ، ھىم، قەرز ھۆججىتىمىش، خەپ، ئاجىزلىغىم بار-دە، كاشكى ئازراق ھىساپ بىلگەن بولسامچۇ، گېلىدىنلا ئالاتتىمغۇ ئۇ تۆگىنىڭ.

نازىمغا ئەترەتنىڭ قۇربىتى ئايان بولدى، ئەمدى مەجىت ئاكىغىمۇ نېمە ئامال، ھەممە ئىشنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۇنى يەنە قىستاۋېرىشنىڭ ئۆزىمۇ سەت. نازىم گويا بىسى يانغان پىچاقتەك بولۇپ قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

— ياكى بانكىدىن پۇل قەرز ئالساقمىكىن... خاتىرجەم بول، مەن يەنە پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ باقاي، ھەي دەردىما، ھازىر ئۆزىمىزنىڭ بىر تىراكتورى بولغانغا نېمە يەتسۇن؟ مانا، پات-ئارىدا كۆزلۈك تېرىلغۇ باشلىنىدۇ دىگىنە. بىر تىراكتورىمىز بولىدىغان بولسا، ئەزالارنىڭ ئات، كالا تالىشىپ

ياقا سىقىشلىرىدىنمۇ خالاس بولاتتىم. ئاق ئوغۇت يېتىشىۋاتقاندا تاغدىن بىرمۇنچە قىغىمۇ يۆتكىۋالاتتۇق، — دېگىنىچە نازىمنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى مىجىت ئاكا.

نازىم مىجىت ئاكىنىڭ ئۆيىدىن ئىككى يەلكىسىگە ئېغىر غەم ۋە ئۈمىتسىزلىك تېشىنى يۈكلەپ چىقسىمۇ، ئەمما مىجىت ئاكىنىڭ ئەل غېمى ئۈچۈن ئېچىنىپ قاينىغانلىرى ۋە ئۇنىڭ سەممىي كۆڭلىدىن خۇشال بولدى. نېمە دېگەن ياخشى ئادەم - ھە؟ نازىمغا شۇ تاپتا مىجىت ئاكىنىڭ بايا ئېچىگە يۇتقانلىرى تاماكىنىڭ زەھەرلىك ئاچچىق ئىسى ئەمەس، مارجان بۇلاقلىقلارنىڭ غەم - قايغۇسى بولۇپ تۇيۇلدى.

ئاسمانغا تىك كۆتىرىلگەن ھىلال ئاي يولدا خىيال سۈرۈپ ئاستا كېلىۋاتقان نازىمغا ئەگىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ نازىمغا ئېيتىدىغان سۆزى بارمىكىن، ياكى ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ، دەردىگە ھەمدەرت بولماقچىمىكىن؟ ئۇ نېمە دېگەن ئاق، بىغۇبار؟ ئۇ گويا مىجىت ئاكىنىڭ يۈرىگىنىڭ بىر پارچىسى!...

نازىم كېتىۋېتىپ كۆڭلىدىكى ئوي - خىياللىرىنىڭ خۇددى بايىقى تاماكا ئىسىدەك مانانلىشىۋاتقانلىغىنى ھېس قىلدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ پۇل بولماي تۇرۇپ تىراكتورنى رىمونت قىلىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟

نازىم كېتىۋېتىپ روزىنىڭ بېغىنىڭ پاسىلىغا كەلگەندە، ئالدىدىكى غەيرى ئەھۋالنى كۆرۈپ جايىدا شىپپىدە توختاپ قالدى. ئىشىك ئالدىدىن كىملەرنىڭدۇ گۆڭگۈر - مۆڭگۈر پاراڭلىرى كېلەتتى. كىملەردۇر يولدىكى قارا بىر نەرسە ئۈستىدىن تېز - تېز يۈگۈرۈپ بىر نەرسىلەرنى تۇشۇماقتا. ئەل ياتقۇ بولغاندا مۇنچىۋالا تىپىرلاپ كەتكەن كىملەركىنە ئۇ!؟ شۇ چاغدا «جالاق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. «بۇ ماشىنا كەپىنكىسىنىڭ ئىشىگىنىڭ ئاۋازىغۇ، — تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلدى نازىم، — ھېچ خاتاسى يوق، ماشىنا!»

— ئىنشائاللا، خەيرلىك كېچە، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

«بارات مەزىن! — چۆچۈپ كەتتى نازىم، — كېچىسى بولار نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىنە؟» ئۇ سەگەكلىشىپ ئۆزىنى پاكار جىگدىلىكنىڭ ئارىسىغا ئالدى، ئاي نۇرى ئاجىز بولسىمۇ ھەممە نەرسىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن ئىدى. بىر نەچچەيلەن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ماشىنا ئۈستىدىن ئاق خالتىلارنى ھويلا ئىچىگە توشۇماقتا. ماشىنا ئۈستىدە تۇرۇپ ئاق خالتىلارنى پەسكە سۇنۇۋاتقان بارات مەزىننىڭ ئېغىر پۇشۇلداشلىرى ئالا - ھىدە ئاڭلىناتتى.

— ۋاي... ۋاي... ۋاي...دوك بولۇپ كەتتىمغۇ مەن، يەنە نەچچە خالتا قالدى، دادا؟ — روزىنىڭ ئاۋازىنى ئېنىقلا پەرق ئەتتى، نازىم.

— ئاۋازىڭنى بوش قىل! — خىقىرىدى بارات مەزىن ئاگاھلاندۇرۇپ، — كۈندۈزى گەپ قىلساڭ، ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاققا ياق، مانا بۇ ئىشنىڭ يولى، غەيرەت قىل.

روزى ئىنجىقلىغىنىچە ئىككى خالتىنى كۆتىرىپ كىرىپ كەتتى. چىشى گەز - گەز ئۈزىراپ، غەزىۋى ئۆرلەۋاتقان نازىم جىگدە تۈۋىدە ئۆزىنى ئارانلا بېسىپ ئولتۇراتتى. شۇ تەرىزدە خېلىلا ۋاقىت ئۆتتى. بارات مەزىن ئاھ - ۋاھلىغىنىچە ماشىنىدىن چۈشتى.

— ئىنشائاللا، خەيرلىك كېچە، — تەرلىرىنى يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ تەكرارلىدى بارات مەزىن. شۇ چاغدا روزى يەنە بىر كىشى بىلەن ھويلىدىن چىقىپ كەلدى.

ــ ھازىرلا كېتەمسىز، ئازراق ئۇلپەتلەشمەيلا؟ ــ سورىدى روزى.

ــ ئالدىرايمەن، ئۇكا، ئەتە ئەتىگەندە يۈك بېسىپ ئۈرۈمچىگە ماڭىمەن. ھە، سودىلىق بۇيرۇمسەن؟

نازىم ئۇنىڭ شوپۇر ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

ــ ھى ...ھى ...بىزنىڭ قەمبەخان جىقلا بىر نىمنى بۇيرۇتتۇدى، ھېلى ئۆزىدىن ئاڭلايسىز ــ دە، ئۇنى ھى...ھى... كېتەرىڭىزدە بىرنى چەكتۇرۇڭا.

ئىككىسى ماشىنىدىن يىراقلىشىپ پاكار جىگدە تۈۋىگە يېقىنلاپ كەلدى.

«ئاپلا، مېنى كۆرۈپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ» دەپ ۋەھىمىگە چۈشكەن نازىمنىڭ يۈرىكى كۆكرىكىگە تېز ــ تېز ئۇرۇلاتتى.

ــ ئەلدىن ــ ئەلگە نەپ دېيىشىدۇ، ئۇستام، ئازراق قويۇۋېتىڭ، بىزمۇ سايىڭىزدا كۆكلەپ قالايلى، ــ دېدى روزى ئېرىق بويىدىكى چەش قۇم ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ. ئۇنىڭ يېنىغىلا چۆككەن شوپۇر روزىنىڭ گېپىنى قاقتى.

ــ سەنمۇ بىر ئىنساپسىز نىمكەنسەن، خالتىسىنى 40 كويدىن بەرگىنىڭنىڭ ئۆزى چوڭ نەپ. مېنى بۇ بىر ماشىنا ئوغۇت ئۈچۈن ئاز چاپتى دەمسەن؟ ھامۇت جۇرىنىڭ ئۆزىگىلا 2 قوي سويدۇم... «ھە، خىمىيۋى ئوغۇتكەن ــ دە، بۇ. ھۇ، دىخاننىڭ قېنىنى شورايدىغان سېسىق چۇسلار» نازىمنىڭ غەزەپ ۋە ئەلەمدىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. شوپۇر نىمنىدۇر ئالقىنىدا ھىمىرىپ غاڭزىسىغا سالدى. روزى سەرەڭگە يېقىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتقاندا، جىگدە شاخلىرى ئارىسىدا ئولتۇرغان نازىم ئۇنىڭ بۆلەكچىلا سۆرۈنلىشىپ كەتكەن كۆرۈمسىز سەت تىلەتىدىن يىرگىنىپ كەتتى. شوپۇر غاڭزىسىنى گويا جاھاندىكى ھەممە نەرسىنى ئىچىگە سۈمۈرۈۋالماقچى بولغاندەك كۆچەپ شورىدى-دە، غاڭزىنى روزىغا ئۇزىتىۋېتىپ، ئاسمانغا پۈۋلىگەندىن كېيىن ئېغىر ھاسىراشقا باشلىدى، كەندىرنىڭ ئادەم چىدىغۇسىز، سېسىق، قاڭسىق پۇرىقى نازىمنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ نەپەسلىرى بوغۇلۇپ، باشلىرى پىقىراپ قايدى.

ــ شۇنداق، ھامۇت جۇرىنىڭ ئۆزىگە 2 قوي سويدۇم، ــ بىر ھازادىن كېيىن، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى داۋام قىلدى شوپۇر، ــ تۇققاندارچىلىقىمىزنىڭ يۈزىنى دىمىسە ماڭا تەستىقلاپ بېرىدىغان بىر ماشىنا ئوغۇت نەدە؟ مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن، پىشانەڭ تەرلىمەيلا ھېلىقى 15 پىرسەنتلىك ئوغۇتنىڭ خالتىسىنى 50 كويدىن سېتىپسەن. ھازىر شەھەر دىگەندە ئوغۇتنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ. نەدە ئوغۇت بارىكىن، دەپ كوچا ــ كوچىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن قەشتەرلىق بىلەن خوتەنلىكنىڭ سانى يوق. ئادەمگەرچىلىكىم بار ــ دە، مېنىڭ. ئارىمىزدىكى ئاغىنىدارچىلىقنىڭ ھۆرمىتىنى دىمىسەم بۇ بۇ ئوغۇتنى ئۆز ھويلامغىلا چۈشۈرۈپ ھايت ــ ھۇيت دىگىچە خالتىسىنى 60 كويدىن سۇ قىلاتتىم مەن.

ــ دىگىنىڭىزغۇ راست، ــ روزى ئوتى ئۆچكەن غاڭزىنى ئايىغىنىڭ چەمىگە قېقىۋېتىپ داۋام قىلدى، ــ ئەمما مۇنداقمۇ بىر ئىش بار، ئوغۇتنى تېزلا سېتىپ تۈگەتمىسەك، ئۇ يەنە ئۆيدە بەرىبىر پۇل تۇتۇپ ياتىدىغان گەپ. ئۆيدە قانچە ئۇزۇن بېسىلىپ ياتسا بىزگە شۇنچە زىيان، ھازىر ئوغۇت سېتىۋاتقانلار يالغۇز بىزلا ئەمەس، ئەزالارمۇ ئەرزىنىگە يۈگۈرەيدۇ.

شوپۇر بىر پەس شۈك بولۇپ قالدى.

ــ خەير بوپتۇ، خالتا بېشىدىن بەش

كوي قويۇۋەتكەن بولاي، لېكىن مەن ئۇ -
رۇمچىدىن كەلگىچە ئىككى مىڭ تىزا نەقلەپ
بېرەلەمسەن؟

— هەي، قانىداق بولاركىن، مىجىت
دۈيجاڭ بۈگۈن پۇلنىڭ سورىغىنى قىلىۋېدى،
يوق دىدىم. ھىساۋاتنى تەكشۈرۈپ قالىسىلا
چاتاق.

— نىمىدىن قورقاتتىڭ، ھىساۋاتىڭدىكى
پۇلنى بىر - ئىككى دومۇلىتىۋېلىپ جايىغا
نەقلەپ قويساق ئۇ نىمىنى بىلەتتى؟ مۇشۇ
ئاي يەنە بىر ماشىنا ئوغۇت يۆتكىيەلىسەك،
ئىككىمىز خېلى ئەتلىنىۋالىمىز دىگىنە.

— ماقۇل، لېكىن خالىتا بېشىدا 10
كوي قويۇۋېتىڭ.

— پۇلىنىچۇ؟

— ئامالىنى قىلىمەن.

— ئەكە قولۇڭنى.

ئىككىسى نەشىنىڭ كەيپىدە قاتتىق قول
سىلكىشكەندىن كېيىن، ئورنىدىن قوپۇشتى.
شۇ چاغدا ھويلىدىن قەمبەخان بىۆدۈنىدەك
يورغىلاپ چىقىپ كەلدى.

— ئۇستام، هازىر ماڭامدىلا؟ ئو... ش
قويىسىلا سىلىنى، — دىدى ئۇ، ناز بىلەن
تولغىنىپ.

— هى...هى...بۇدا شۇنىداق بولۇپ
قالدى...، — دىدى شوپۇر ھىجىيىپ، — رەن -
جىمەيسىز - دە، قەمبەخان، ھە، روزى بول
چاپسان، بېرىدىغان قويۇڭنى ماشىنىغا تاشلا،
ئاپلا، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە باردىغۇ.

روزى ئالدىراپ ھويلىغا قاراپ ماڭدى.

— شۇ تاپتا سېنى ماشىنامغا سېلىپلا
ئېلىپ قاچسامچۇ؟ — شوپۇر بىردىنلا «سەن -
لەپ» سۆزلىدى.

— ۋديەي، ساراڭلىغىنى...، — شوپۇرغا
ئەكىلەپ سۇۋاشتى قەمبەخان.

— كۆڭلۈمنى قاچان ئاچىسەن؟ سېنى
دەپلا كېلىۋاتىمەنغۇ بۇ سەھراغا.

— ئاچقانغۇ، ۋديەي، قولىنىڭ قاتتىقلىغى -
نى، ئاسقىدا گوش بولسا قاچانلا يىسە بولىدىغۇ؟

— نىمەڭ بۇ، ئەجەپ ئىسسىققۇ؟

— تۇخىۇم، پىشۇرۇلغان تۇخىۇم،
ۋديەي، روزى چىقىپ قالمىسۇن. بولۇڭا تېز.

شۇ ئارىدا ئارقا - ئارقىدىن مەرىگىلى
تۇرغان قوينى داقىرىتىپ سورىگىنىچە روزى
ھويلىدىن چىقىپ كەلدى، قەمبەخان شوپۇر -
نىڭ يېنىدىن ئىتتىك ئاجراپ، روزىنىڭ
يېنىغا ماڭدى.

نازىم ئۆيگە كېلىپ ھويلىدىكى ئانىسى
بۇرۇنلا سېلىپ قويغان كۆرپە ئۈستىگە ئۆزى -
نى تاشلىدى، ئۇ كۆزىنى قانچە يۇمسىمۇ ئۇيى -
قۇسى كەلمىدى، يىراق - يېقىندىن خورازلار -
نىڭ سوزۇپ چىللىغان ئاۋازى كەلدى. مانا
بۇ باش توخۇ ئىدى.

نازىم كېچىچە ئۇخلىماي نۇرغۇن ئىش -
لارنى ئويلىدى. مارجان بۇلاقىنىڭ بۇرۇنقى -
دىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان نامىرات
ھالىتى، بۇزۇلغان تىراكتور، روزىنىڭ ئىشى -
گىدە بايا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ۋە مىجىت
ئاكىنىڭ بۇ ئىشلار ئالدىدىكى ئامالسىزلىقى -
لىرى... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ
تىزىلىپ ئۆتتى.

...ئىست، روزىنى ئاخىرى مۇشۇنىداق
قىلىدۇ دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ بارات مەزىنى -
چۇ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى قىلىقلىرى كىمنىڭمۇ
ئەقلىگە سىغار؟ ئۆز پەرزەنتىنى ئەخلاق،
دىيانەتكە باشلىماي، ئۇنىڭ گۇنا - كېبىرىگە
يانتاياق بولغان ئادەمنى قانداقمۇ ئاتا دىگى -
لى بولسۇن؟ بەس! روزىنىڭ بۇ قۇۋلۇق -
شۇملۇقلىرىغا ئەمدى ھەرگىز يول قويماسلىق
كېرەك. قارىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان
ئېلىشىش كېرەك ئوخشايدۇ.

ئاشۇ خىياللار دولقۇنى بىلەن يۈرىگى

تېنچسىزلىنىپ، ئۇيقۇسى قاچقان نازىم ئۇيان ئۆرۈلۈپ-بۇيان ئۆرۈلۈپ تەستە تاڭنى ئاتقۇزدى. ئۇ ئەتىگەندە داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپمۇ كېچىدىن بېرى ئويلىغان ۋە كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى يەنە ئەسلەپ، ئەقىل تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆردى. ھېچبىر خاتا ئويلىماپتۇ. توغرا! تىراكتۇر رىمونتى ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلنى باشقا يەردىن ئەمەس، ئەلۋەتتە دەل روزىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىش كېرەك!

نازىم چايدىن كېيىن روزىنى ئىزلەپ دۆي ئىشخانىسىغا بارغاندا روزى ئالدىغا ھەرخىل، ھەررەڭ ھۆججەت-تالونلارنى يېيىۋېلىپ نىمىلەرنىدۇر ھىساپلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ، ئىشخانىغا بىمەھەل كىرىپ كەلگەن نازىمغا سۇسقىنە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئاغزىدىكى چېكىپ ئازلا قالغان تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورۇۋېلىپ ئايغى ئاستىغا تاشلىدى-دە، خۇددى نازىمنىڭ نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىگىنى ئاللىقاچان بىلىۋالغاندەك ئالدىدىكى ھۆججەت، تالون ۋە دەپتەرلەرنى ئىما قىلىپ:

— ھەي، قارىمامسەن، مۇشۇمۇ ئىش بولىدىمۇ؟ مانا، بۇلارنىڭ ھەممىسى قەرز ھۆججىتى. شۇتاپتا ئەترەتنىڭ بىر سىنىت پۇلى بولسا كاشكى، ھا... ھا... ھا... قۇرۇق قەغەزگە بوغالتىر دىگىنە مەن. شۇنداقتىمۇ مۇشۇ قەغەزلەرنى خۇددى توخۇ تۇخۇم باسقاندەك پوكىنىمغا تېڭىپلا يۈرۈمەن، ئالدىمادىس بىرەرسى يۈتۈپ كېتىدىغان بولسا چاتاقنىڭ چوڭى تېرىلىدۇ. كۆرگەنسەن، ھازىر ئەزالاي ھەدەپ ئۆزىنىڭ ئېشىنچى ئاشلىغىنى سېتىۋاتىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇلاردىن قەرزنى يىغىۋالمىساڭ، كېيىن بىر بېھىزىرىپ تۇرۇۋالدىمۇ، بولدى، جېنىنى بېرىشكە رازىكى، شىللىسىدىكى قەرزنى تۆلىمەيدۇ. شۇڭا ھىساپقا ئىشلەيمەن دەپ ئالدىراپ سېنىمۇ ئىزلىيەلمىدىم. مانا، ئەتىگەندىلا ئۆزەك كەپسەن. قانداق، كەچتە ئوخشىتىپ بىر بەزمە قىلامدۇق؟ — دىدى.

نازىم ئۇنىڭ گەپلىرىگە يارىشا لايىغىدا جاۋاپ بېرىشنىمۇ ئويلىدى، لېكىن بۈگۈن ئۇنىڭ ئارتۇقچە ئىككىلەنگىنى ھىس قىلدى-دە، شۇڭا قىسقىلا قىلىپ:

— رەھمەت، بەزمىڭىزمۇ قىلارمىز تېخى، مەن بۈگۈن قېشىڭىزغا باشقا بىر ئىش بىلەن كەلدىم، — دىدى.

— قېنى، قېنى؟...، — روزى سەگەكلەشكەندەك ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە يۆلەندى.

— پۇل سورىماقچىمەن....

— پۇل؟ ھا... ھا... ھا...، — قاقاقلاپ كۈلدى روزى، — چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن، بايا مەن نىمىگە قاخشىدىم، بىر سىنىت پۇلنىڭ يوقلىغىدىن ئەمەسمۇ؟ سەنمۇ قىزىق، ئەترەتنىڭ ھالىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆلۈمەن دىسە مىنىمەن، دىگەندەك سۆزلەيدىكەنسەن.

— شۇنداق، — روزىنىڭ ئاچچىق ئارىلاش قىسىلغان كۆزلىرىگە مەنىلىك تىكىلدى نازىم، — بىلمىسەم ئەلۋەتتە پۇل دەپ كەلمەيمەن-دە.

روزى ئەلەم بىلەن يېنىغا «چىرت» قىلىپ تۈكۈردى.

— ھەربىدىمۇ ئىككى قولۇڭنى بۇرنىڭغا تىقىپلا كەپتىكەنسەن-دە، ئازراق بولسا ئۆتنە-يېرىم قىلغىلىمۇ بولار. ھە، قانچىلىك لازىم ئىدى ساڭا؟

— ئالتە يۈز كويچە بولسا يېتەر دەيمەن.

— ئالتە يۈز كوي!؟ — روزىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — شۇنچىۋالا پۇل نىمىگە كېرەك بولۇپ قالدى ساڭا؟ ھە... قىز كۆچۈرمەكچىمەن، دىگىنە. ئەمما سېنىڭ،

راھىلەك....

راھىلەنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ نازىمنىڭ
يۈرىگى «جىغ» قىلىپ قالدى.

— مەن بۇزۇپ تاشلىۋەتكەن تىراكتۇر-
نى رىمونت قىلماقچىمەن. كوللېكتىپنىڭ
شۇنچىۋالا چوڭ مۈلكىنى نابۇت قىپسەن،
ئەمدى ئۇنى تۈزەپ، كۆڭلىدىن پايدىلىنىشىمىز
كېرەك.

روزى چاچراپ ئورنىدىن تۇردى:

— نىمە؟ تىراكتورنى تېخى مەن
بۇزۇپتىمەنما، مەن نابۇت قىپتىمەنما؟ قاي-
سى ئەۋلىيانىڭ سۆزىكەن ئۇ!؟ ھىم، دۇي-
نىڭ ئىشىنى دەپ جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاس
قالغىنىمچۇ، ئىسىت! ھەممە داۋالاش چىقىم-
لىرىمنى دۈيگە تۆلەتكۈزمىگىنىم بار-دە! ماڭا
بۇ قوساق كۆپىگى ئازدەك تىرناق تۈۋىدىن
كىر ئىزلىگىلى سەن كەلدىڭمۇ؟ كەتمەن چېپىش
ئېغىر كەلدى دىسەڭچۇ!؟

— نىمە سەكرەيسەن؟ ئولتۇرۇپ سۆز-



لە. ئۇرۇغى يوق سەنپەن بولمايدۇ، بۇرادەر،
ھەممە ئىشنىڭ ھىساۋى بولىدۇ. تىراكتۇردا
جەرەن قوغلاشنى ساڭا ئەزالار ئۆگەتمىگەن-
دۇ؟ بولدى، بۇ توغرىلىق تېخى كېيىن سۆز-
لىشىمىز، قانداق، پۇل بېرەمسەن-يوق؟

— ھىم، پۇلمىش تېخى! مەن بايا ئېيت-
تىم. ساڭا بېرىدىغان بىر سىنىت يوق، تېخى
مارجان بۇلاقتا كېلەر-كەلمەي مېنى چېكىپ
باقماقچى بولۇۋېتىپسەن-دە. نوچى بولساڭ،
ئۈستۈمدىن ئەرز قىل! — ئاچچىق ۋە غەزەپ-
تىن روزىنىڭ ئىڭەك گۆشلىرى لىپ-لىپ
تارتىشىپ، تاماكا ئوراۋاتقان قوللىرى تىت-
رەيتتى. نازىم ئۆزىنى يەنىلا سالماق تۇتۇشقا
تىرىشتى. ئۇ پەس لېكىن جىددى ۋە ئۆزگە
ئىشەنگۈچى ئاۋازدا ئېيتتى:

— ھەيۋەڭ بەك يامانغۇ سېنىڭ. قىزىش-
ما، تاماكاڭنى ئالدىرىماي چەك، لېكىن ساڭا
شۇنى ئوچۇق دونۇللۇك بىلەن ئېيتاي، ۋاق-
تى كەلگەندە، مۇنداق ۋاقىرىيالماي قالىسەن.
ساڭا ھەيرانمەن، ئەجەپ، قانۇنسىز ھايانكەش-
لىككە دەسمايە سالساڭ پۇل بار ئىكەنۇ،
كوللېكتىپنىڭ ئىشى ئۈچۈن پۇل يوقمىكەن.

روزى ئەمدىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى
يەرگە ئاتتى.

— جۆيلىمە! سەن زادى نىمە دىمەكچى-
چى، ماڭا تۆھمەت قىلماقچىمۇ؟

نازىمنىڭ قەھرىلىك كۆزلىرى روزىغا
مىقتەك قادالدى.

— بىلىپ قوي، مەن ئەزەلدىن كىشى-
لەرگە تۆھمەت قىلىشنى بىلمەيمەن. ئېيتە،
ئاخشام نىمە ئىش قىلدىڭ؟ مۆكچىيىپ
كەتكەن بەللىرىڭنىڭ ئاغرىقى تېخى بېسىق-
مىدىمۇ دەيمەن. شوپۇر بىلەن قىلىشقان
خۇپىيانە سودىلىرىڭچۇ؟ روزى ماڭا بىر قارى-
غىنا!

— ھە؟... بۇ... بۇ...، — روزى بىر-

دىنلا بوشىشىپ يەرگە قاردى. خۇددى تىراكتور چاقىنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەندەك لاسسىدە بولۇپ ئورۇندۇققا چاپلىشىپ قالدى.

— بۇ يەنىلا شۇ ئەزالارنىڭ غىمىسى ئۈچۈن قىلىنغان ئىشقۇ، — ئۆزىنى ئاقلىغاندەك تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا سۆزلىدى روزى.

— بولىدى، يەنە گەپ يورغىلىتىمەن دىسەڭ بەربىر ئۆزەڭگە سەت. قانداق، پۇل بېرەمسەن؟

— هازىر ئالامسەن؟

— شۇڭا كەلدىمغۇ قېشىڭغا.

روزى خۇددى هۇشىنى يوقاتقان ئادەمدەك بىر پەس ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ قالدى. ئاندىن يېلىنغان قىياپەتتە:

— بولىدۇ، تېپىپ بېرەي، ئالتە يۈزكوي دىدىڭما؟ — دىدى ۋە بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — ئاخشامقى ئىشنى مىجىت ئاكام بىلدىمۇ؟

— تېخىغۇ بىلمىدى، بىلسە نىمە بوپتۇ؟ ئەلۋەتتە بىلىش كېرەك.

— نازىم، توختىغىنا، — روزىنىڭ يېلىنىغۇچى ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — ئىنساۋىڭغا سېغىنىمەن، ئاداش، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، دىيىشىدۇ. ئۇنتۇمىغانسەن، دوست-ئاغىنە ئىدۇققۇ بىز.

— شۇنداق، بىز دوست ئىدۇق. بىلەمسەن، مۇشۇ مارجان بۇلاقنىڭ باللىرى، بۇ يۇرتنىڭ بىزگە ئاتا قىلغىنى نىمە؟ هاياتلىق ۋە بەخت. لېكىن سەن ئۆز يۇرتۇڭغا نىمىلەرنى قىلدىڭ؟ بۇ ئۆزەڭگە ئايانغۇ، ۋاپاسىزلىق ساڭا راۋا كەلمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى، گۇنالىق ئىشتىن قول ئۈزۈپ، يۇرت ئالدىدا تۆۋە قىل.

نازىم شۇنى دەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. روزى ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى قاققان قوزۇقتەك ئۇرە تۇرغىنىچە قېتىپ قالدى. نازىم ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە هويلىدا جەننەتخان موماي بىلەن هاللىشىپ ئولتۇرغان مىجىت ئاكا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.

— يائاللا، ئەتىگەندىلا نەگە يوقاپ كەتتىڭىز، جېنىم بالام؟ مىجىت ئاكىڭىز سىزنى ساقلاپ ئولتۇرغىلى نەۋاخ، — دىدى موماي.

مىجىت ئاكا نازىمنىڭ ئوچۇق چىرايىدىن ئۇنىڭ قانداقتۇر ئىچكى خوشاللىقىنى هىس قىلدى.

— خۇشالغۇ سەن، ئەتىگەندە نەنى چۆگىلەپ كەلدىڭ؟

— هى... هى... پۇل هەل قىلىپ كەلدىم، پۇل.

— نەدىن؟ — مىجىت ئاكا نازىمغا يېقىن سىلجىپ كەلدى.

— ئەترەتنىڭ كاسسىسىدىن بولمامدۇ.

— خۇپسەنلىك قىلما، ئاشۇ روزىدىن سەن-زە،...

— شۇنداق بولمايچۇ، بۇقا هەر قانچە هۆكۈرىگىنى بىلەن ئۇنىڭ جېنى كىچىككىنە يەردە، — نازىم روزىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا ئاخشامقى كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى ۋە ئىشخانىدىكى بايا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ هەممىسىنى سۆزلەپ بەردى.

— يائاللا خۇدايىم، — هەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ياقىسىنى تۇتتى موماي، — مۇنداقمۇ ئىش باردەك، بالام. هۇ هارامدىن سەمرىگەن نەپسى يېرىلغۇر ئاپەت. مارجان بۇلاقلىقلارنىڭ هەققىنى يىگىچە ئىت تىزىگى يىسىچۇ شۇ نىجىس تۆگە.

نازىمنىڭ بۇ ئىشلىرىغا مىجىت ئاكا ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈندى.

— بارىكاللا، مانا، هەققى يىگىتتەك ئىش قىپسەن. جىگىرىڭ بار ئىكەن جومۇ

سىڭىلىڭ. مەنمۇ روزىنىڭ شۇنداق بىر خۇپىد-
يانە ئىشلىرىنى سېزىپ يۈرەتتىم. ئەمما
سەندەك كارىگەردىن «كاپ» قىلىپ تۇتۇشقا
ئاجىز كەلگەن. ئوبدان بولدى. ئەمدى مەن
بۇ ئىشنى دەرھال گۇڭشېغا ئىنكاس قىلى-
مەن. ھە، سەن شۇنداق قىلىپ شەھەرگە
قاچان ماڭىسەن؟ مەن ئېىخى شۇ پۇلدىن
بېشىم قېتىپ قوتاندىن ئىككى ئېرىكنى
ھەيدەپ كېلىۋىدىم.
— قويىڭىزنىڭ تەلىيى بار ئىكەن،
مىجىتكا. ئەمدى ئۇنى ئوبدان بېقىپ سەمى-
رىتىپ قىشلىققا قازناققا ئېسىۋالسىز - دە،
مەنمۇ بۈگۈن پۇلنى ئۇندۇرۇپ ئەتىگەچە
ماڭاي، — دىدى نازىم.

7

ناھىيە بازىرىغا كۈن بىلەن تەڭ يېتىپ
كەلگەن نازىم ھارۋا بىلەن ئېشەكنى دۆڭگە
قويغاندىن كېيىن، بازار مەركىزىدىكى قەۋەت-
لىك بىنانىڭ 3 - قەۋىتىدە ئولتۇرىدىغان
تاغىسى كېرەم قاسساپنىڭكىگە قاراپ كەتتى.
نازىم ئۆتكەندە، ھەربىلىكتىن قايتىپ كەل-
گەن كۈنى بىر كېچە قونۇپ كەتكىنى بول-
مىسا، ئۇلار بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىشمۇ
قىلىپ كەتمىگەن. ئۇ ئۆتكەندىلا نازىمغا
«تۇققان بولساڭ يېقىن بول، بولمىسا يىراق
بول، دېيىشىدۇ. قويۇڭلا سىلەرنى، ئاچامغا شۇ
يېزا بولسىلا بولىدۇ. قانداق ھالىڭلار، دەپ
بوسۇغىمىزغا دەسسەپ قويمىغىلى نەۋاخ. يېزى-
نىڭ ئىشى دىگەن ئۆلگەندە تۈگەيدۇ. ئىش
نەدە، تۇققان نەدە؟ زادى سىلەرگە تۇققان-
نىڭ لازىمى يوق» دەپ كۆپ كايىغان.
بۈگۈنمۇ نازىم ئۆيىگە كىرىپ كېلىۋىدى،
كېرەم قاسساپ بىلەن خوتۇنىنىڭ ھالى
قالمىدى.

نازىم ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن
كېيىن ئالدىراپ ناھىيىلىك دىخانچىلىق
ماشىنا سايمانلىرى ئىدارىسىگە قاراپ كەتتى.
«ماڭمىغان يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى كۆپ»
دىگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى نەچچە يەرگە دو-
قۇرۇپ، بېشى گاڭگىراپ كەتكەن نازىمغا
ئوخشاش كىشىلەر بىلمىسە باشقىلارنىڭ چۈ-
شىنىشى تەس. ئۇ نەچچە بۆلۈم - ئىشخاند-
لارغا بېشىنى تىقىپ، ئىدارە ئىچىدە خېي-
لى بىر چاغلارغىچە تەمتىرەپ يۈردى. نەچ-
چە ئىشىكلەرگە دوقۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى
كەسپى - تەمىنات بۆلۈم ئىشخانىسىنى تاپقاندا
گويا قاقاس چۆلدە ئۇزۇن يول بېسىپ
ھالىدىن كەتكەن يولۇچى ئاخىرى مەنزىلگە
يەتكەندەك، ئۆزىمۇ باشقىچە يېنىكلەپ قالدى.
بىراق ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى. يۈرىگىمۇ
باشقىچە بىر تەشۋىش بىلەن سوقاتتى. نىمە
دىگەن ئېغىر تەڭقىسلىق؟ ئۇ پوالك كوماند-
دىرنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلگەندىمۇ مۇنچىلىك
يۈرەكزادە بولۇپ كەتمىگەن.
— تاك ... تاك ... تاك ...، — ئىشىكنى
ئاۋايلاپ، بوشقىنا چەكتى نازىم.
— كىرىڭ! — ئىچكىرىدىن ئەركىشىنىڭ
ئاۋازى ئاڭلاندى. نازىم ئىشىكنى ئېچىپ
كىرگەندە، چاچلىرىغا ئاق سانچىلغان بىر
كىشى قانداقتۇ بىر ھۆججەتلەرنى ئوقۇپ
ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ،
بۇ ناتونۇش ئادەمگە سوئال نەزىرى بىلەن
تىكىلدى.
— تىراكتور سايمانلىرى سېتىۋالماقچى
ئىدىم، — ئىشەنچسىزلىك بىلەن ئۆز مەقسى-
دىنى ئېيتتى نازىم.
— تونۇشتۇرۇشىڭىز بارمۇ؟
— بار، بار، — نازىم ئالدىراپ مەيدە
يانچۇغىدىن تونۇشتۇرۇش قەغىزىنى ئېلىپ
ئۇزاتتى. ئاق چاچلىق كىشى تونۇشتۇرۇشنى

AltunOq

ئېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىغاندىن كېيىن، نازىمغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ:

— بۇ تونۇشتۇرۇشىڭىز ئۆتمەيدۇ، — دېدى.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا؟ بۇ دادۇيىنىڭ ئىكەن. ئەڭ ياخشىسى، بىزگە گۇڭشېنىڭ تونۇشتۇرۇشى كېرەك. بىلەمسىز، سىزنىڭ سېتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىرىڭىز پىلانلىق تەمىنلەۋاتقان مۇھىم سايمانلار دەڭا، كىم بىلىدۇ، سىز بۇ سايمانلارنى بىزدىن ئېلىپ بىرەر جايغا پايدىسىغا ساتماقچى بولۇۋاتقانسىز، شۇ تاپتا سىزنى شۇنداق ئېيتىشقىمۇ مۇمكىنغۇ - هە؟

— ماقۇل، ئۇنداقتا مەن گۇڭشېدىن تونۇشتۇرۇش ئېلىپ كېلەي. شۇ چاغدا سىز مېنىڭ كېلىشىمنى بىلىپ قالارسىز، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن ۋە بۇرۇلۇپ ئىشخانىدىن چىقتى. نازىم تاغمىسىنىڭكىمۇ كىرمەي ئۇدۇل دەڭگە بېرىپ، چامبۇل ئېشەكنى مىنگىنىچە گۇڭشېغا قاراپ چاپتى. مۇشۇ كۈنلەردە نازىمنىڭ ئىشلىرى خۇددى قىرى سۇنغان كېسەكتەك زادىلا چەك باسماي كەتتى. ئۇ گۇڭشې كاتىۋىنى ئىزلەپ، دادۇيىمۇ - دادۇي قاتراشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمىگەن ئىدى. ئۇ 3 - كۈنى گۇڭشېدىن تونۇشتۇرۇش ئېلىپ شەھەرگە قايتقاندا، سومكىسىدىكى ئانىسى سېلىپ بەرگەن قاتلىمىنى ئانچە - مۇنچە يەپ يۈرگىنى بولمىسا، ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ، بىر چىنە ئىسسىق چاي ئىچىپ باققىنى يوق. ئۇ هاسىراپ - هۆمۈدەپ كەسپى - تەمىنات بۆلۈمىگە كىرگەندە ھېلىقى ئاق چاچلىق كىشى يەنىلا ھېلىقى 3 كۈن بۇرۇنقى هۆججەتنى ئوقۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ، تونۇشتۇرۇشنى كۆرۈپ، بىردىنلا تەكەللۇپ بىلەن نازىمنىڭ ئالدىغا يېنىدىكى بوش ئورۇندۇقنى سۈرۈپ قويدى:

— سىز مارجان بولاق دادۇيىدىن كەلدىڭىزمۇ؟ قېنى، ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ.

— هە، مەن مارجان بۇلاق دادۇيىدىن، — نازىم يېنىك بىر تىندى.

— مۇنداق دەڭ، ئاڭلىسام، بۇ يىل مارجان بۇلاقتا قىچا بەك ئوخشاپتۇ.

— ئۇنى بىر دېمەڭ. بۇ يىل ئەزالارنىڭ قازىنىمۇ - چۆمۈچىمۇ ماي بولىدىغان بولدى.

ئاق چاچلىق كىشى بىر پەس جىم بولدى ۋە كۆڭلىدە نېمىنىدۇر دەڭسەپ كۆرگەندەك بولۇپ داۋام قىلدى:

— مايدىن ئاز - پاز ئېلىپمۇ كەلگەنسىز؟

— ئەڭلىگىم بولمىغاندىن كېيىن، بۇنى ئويلاپ كۆرمەپتىمەن. بىراق قىچا خامىنىنى ئەمدى تېپىۋاتىمىز.

ئاق چاچلىق كىشى جىمىپ كەتتى. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇزاق ئەسنىگەندىن كېيىن، گويا يېنىدا ئولتۇرغان ئادەمنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك، ئالدىدىكى هۆججەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى.

— ئاكا، مېنى يولغا سېلىۋەتكەن بولسىڭىز، — دېدى تاقىتى - تاق بولغان نازىم بىر هازادىن كېيىن.

— سىزگە قانداق تىراكتورنىڭ سايمانلىرى كېرەك؟

— «مول ھوسۇل» ماركىلىق تىراكتورنىڭ ... ئەگرى ئوق، پورشىن، يۇقۇرى بېسىملىق ماي پۈركىگۈچ، ئاككىمىلياتور. ...

— توختاڭ، توختاڭ، — ئاق چاچلىق كىشى قولىنى كۆتەردى، — بىزدە نەدىمۇ ئۇنىڭ سايمانلىرى بولسۇن؟ ئۇ خىلدىكى تىراكتور ئىشلەپچىقىرىشتىن ئاللىقاچان توختىتىلغان.

— ئۇنداقتا بۇزۇلغان تىراكتۇرىمىز بۇزۇق پېتىچە قېلىۋېرەمۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ چاتىقىم يوق، — ئاق چاچلىق كىشى قولىغا چايدانىنى ئېلىپ سىرتقا مېڭىشقا تەمشەلدى. بۇنىڭدىن نازىم ئۇنىڭ «قېنى، چىقىپ كېتىڭ» دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. نازىم ئۇنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتسىز خىزمەت پوزىتسىيىسىگە چىدىالمىدى.

— سىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن چاتىقىڭلار بولمايدىكەن؟ چۈنكى بۇ تىراكتۇرنى بىز سىلەردىن سېتىۋالغان. دېھقاننىڭ سىلەرگە تاپشۇرغىنى تېرەكنىڭ غازىڭى ئەمەس، يۈرەك تومۇرىدىن ئاققان ساپ قان - تەر! — دېدى ئۇ قىزىشىپ.

نازىمنىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ بەرىبىر نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، «خەپ، ھوقۇقۇم بولسىچۇ، دېھقاننىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان بۇ تىرىكتاپلارنى بىر ئاي ئېتىزدا كەتمەنگە سالاتتىم» دېدى ئۇ ئىچىدە ئىدارىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ. ئۇ، ناھىيە بازىرى ئىچىدە ئاستا قەدەم بېسىپ كەلمەكتە. «تۈگىدى، ھەممە پىلان ... ئارزۇ - ئۈمىتلەر بەربات بولدى ... » نازىم روھى چۈشكەن ھالدا كېرەم قاسساپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى.

— بۇ شەھەردە بار ئىكەنسەن - دە، ئىنى، ئۆزەڭنى غىل - پال كۆرسىتىپ قويۇپ يوقاپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى كېرەم قاسساپ دېۋاندىن جاي بوشىتىپ، — قېنى، ئولتۇرە، شەھەرنىڭ تاماشىسى يامانكەن دېگىنە، بوپتۇ، ئۆيتىۋال ئۇكا، ئۈچ كۈن ئۇخلىمىغاندەك كۆرۈنىسەنغۇ ئۆزەڭ.

— ھەي، نەدىكى ئويۇننى دەيسىز، ئاۋارىچىلىق، — نازىم ئۆزىنى دېۋانغا تاشلاپ غۇدۇڭشۇپ قويدى.

— ئاۋارىچىلىق؟ ھە، سۆزلىگىنە.

نازىم تارتقان ئاۋارىچىلىقلىرىنىڭ بەزىلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھا ... ھا ... ھا ... ھەي ئەخمەق! — قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى قاسساپ، — بۇ ئىشنى نېمىشقىمۇ ماڭا بۇرۇنراق ئېيتمىغانسەن - ھە؟ ئەكە پۇلۇڭنى، ھىلىقى سايماننىڭ تىزىملىكىنىمۇ بەر.

ھېچ ئىشنى چۈشەنمىگەن نازىم ھاڭ - تاڭ بولۇپ، پۇل بىلەن تىزىملىكنى ياغلىشاڭغۇ شىمىنىڭ يانچۇقىغا كەپلەپ تىقىۋاتقان كېرەم قاسساپقا قاراپلا قالدى. كېرەم قاسساپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ:

— جۆر، سەنمۇ هارۋاڭنى قېتىپ، ئۇدۇل ئاشۇ يەرگە ھەيدە، — دېدى.

ئۇلار ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرى ئىدارىسىغا بارغاندا نازىم نەچچە كۈن پايپاسلاپ يول مېڭىپمۇ ھەل قىلالمىغان، ھەتتا گۈگۈشىنىڭ تونۇشتۇرۇشىمۇ دال بولالماي قالغان بۇ قىيىن ئىشنى كېرەم قاسساپنىڭ ھەش - پەش دېگىچە توغرىلاپ قويۇدىغانلىقىنى ئۇنىڭ زادىلا ئېسىگە كەلمىگەن ئىدى. ئىش ئۇڭغا تارتقاندا، دېۋاننىڭ ئوشۇقىمۇ ئالچە چۈشۈدۇ، دېيىشىدۇ. بازغان بىلەن چېقىلمىغان قارا قۇلۇپنىڭ جازاسى كىچىككىنە ئاچقۇچ! ئەتىدىن كەچكىچە قۇشخانىدا قوي سويۇپ، قان بىلەن ژىنىغا مىلىنىپ يۈرۈدىغان بۇ قاسساپنىڭ نېمە خىسلىتى باركىنا؟ يوقنى بار قىلغان، مۈشكۈلنى ئاسان قىلغان ئۇنىڭ قايسى كارامىتىكىنا؟ نازىم ھىلىقى تەرسا ئاق چاچلىق كىشىنىڭ بايا «يوق» دېگەن سايمانلارنى ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ كۆتىرىپ هارۋىغا بېسىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ خۇشامەت كۈلكىسىنى ۋە كېرەم قاسساپنىڭ ئالدىدا خۇددى قولغا ئۆگىتىلگەن ئۆي كۈچۈگىدەك قۇيرۇق

شىپاڭلىتىپ، پاي - پىتەك بولۇپ كېتىۋاتى-
قىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

نازىمنىڭ كۆڭلىدىكى ئالىلىقاچان ئۆچ-
كەن ئۈمىت ئۇچقۇنلىرى ئەمدى قايتىدىن
گۇرۇلدەپ ياندى. ئۇ گويا ئىسسىق ھامامغا
كىرىپ يۇيۇنۇپ چىققاندەك كەيپىنىڭ كۆتى-
رىلىپ، ئۆزىنىڭ پاختىدەك يېنىكلەپ قالغان-
لىقىنى ھىس قىلدى.

— توۋا، ھەيرانمەن، ئاجايىپلا ئىش
بولدى، — دىدى نازىم كېرەم قاسساپ بى-
لەن ئۆيگە قايتىپ، ئاش يەپ ئولتۇرۇپ.

— بۇ جاھانىنىڭ ھەيران بولىدىغان
ئىشلىرى كۆپ، قارىساڭ قىزىق تاماشا، ئۆم-
رۈڭ بولسا تېخى تالاي ئىشلارنى كۆرىسەن،
ئۇكا، — كېرەم قاساپ نەمدەلگەن بۇرۇتلى-
رىنى يۇقۇرىغا قايرىپ قويۇپ يەنە داۋام
قىلدى، — قانداق قىلىسەن؟ كىشلەر شۇنداق
قۇۋلىشىپ كەتتى. ھىلىقى گوجاڭ - كوجاڭ دى-
گەنلەر ئاغزىدا دۆلەت مەنپەئەتى دەپ جار
سالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز نەپسىنى كۆزلەيدۇ.
بايىقى گوجاڭنىڭ خۇشامەتكۇيلىقىنى كۆرگەن-
سەن؟! ئاغىنىسىمىكىن دەپ قالغانسەن - ھە،
يوق گەپ، ئۇ مەن بىلەن ئەمەس، پىچىقىم-
بىلەن دوست، گۆشنىڭ لوق يېرىدىن، ئار-
قا پۇت بىلەن پەشتىن كېسىپ بېرەمدىكىن،
دەيدۇ. قاراپ تۇر، مەن قاسساپلىقنى تاش-
لاپ، قاچان دەم ئېلىشقا چىققان كۈنى ئۇ-
لار يولدا ئۇسسۇۋالسىمۇ تونۇمايدۇ. لېكىن،
دۇنيادا يەنىلا ساپ نىيەتلىك ياخشى ئادەم-
لەر كۆپ. پەقەت شۇنداق كىشلەر بولغىنى
ئۈچۈنلا دۇنيا ئۆرۈلۈپ كەتمەي، تۆت پۇ-
تى دەسسەپ تۇرالىغان.

نازىم بۇ سۆزلەرنى جىمجىت ئاڭلاپ
ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ۋەزنىدىن تاغنىسىنىڭ قەل-
بىدىكى خېلىدىن بېرى يىغىلىپ قالغان قات-
مۇ - قات دەرت - ئەلەملەرنى ھىس قىلدى.

نازىم ئەتىسى سەھەرلەپلا يولغا چىقتى.
چامبۇل ئېشەك مارجان بۇلاقىنىڭ يۇمشاق
ئوتلىرى بىلەن، پات - پات ئېغىناپ تۇرىدى-
غان ئەت تۇپىلىرىنى سېغىنىدىمىكىن، باشقى-
چە تېتىكلىشىپ، بىر ئۇچى قاقاس تاغ ئى-
دىرلىرىغا تۇتىشىپ كېتىدىغان ئەگرى - بۈگرى
تاشلىق يولدا بىر خىل رېتىمدا يورغىلاپ
كەلمەكتە. نازىم خېلى يىللاردىن بېرى كۆر-
مىگەن ئۆزگىچە گۈزەل مەنزىرىگە — تەگرى
تاغ ئۈستىگە قىزىل جىيەك تارتىپ، بارغان-
سېرى قېنىقلىشىۋاتقان تاڭ سۈبھىسىنىڭ لا-
لىرەڭ نۇر زەررىچىلىرىگە زوقلىنىپ ئۇزاقىنى
قاراپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋاقتى چاغ.
كۆڭلى خىلمۇ - خىل خىيال ئىلكىدە. ئۇ
راھىلەنى، ئانىسىنى ۋە بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان
مارجان بۇلاقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.
ۋە ئۆزىدە بىرخىل يېنىكلىك ھىس قىلدى.
ئۇ، پولك كوماندىرىنىڭ بىر چاغلاردا ئېيت-
قان بىر جۈملە سۆزىنى ئەسلىدى:

«بىزنىڭ دۆلىتىمىز گويا تەڭداشسىز
كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە غايەت زور ماشىنا، لې-
كىن ئۇنىڭ بەزى ۋىنتە، چاقلىرى كونىرى-
غان ھەم داتلاشقان. ئاشۇ كېرەكسىز ۋىنتە،
چاقلار يەڭگۈشلەنمەي تۇرۇپ، بۇ ماشىنا
ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى شەرەپلىك
رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالىشى مۇمكىن
ئەمەس ....»

نازىم ئەجەپ شۇ چاغدا بۇ سۆزنىڭ
مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ئىكەن. دۇنيادا يا-
مانلىققۇ بىردەمچە، لېكىن ياخشى ئىش قىل-
ماق نىمە دىگەن مۈشكۈل - ھە؟

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# خەت

(نەسر)

## يۇسۇپ توختى

ئوقۇتقۇچى ئابدۇراخمان قولىدىكى خەتنى ئىككىنچى مەرتەم ئوقۇپ چىقتى. دەسلەپكى ئوقۇشىدا چىرايى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. ئەمدى ئۇ نىمىشقىدۇر ئالىقانداق ئويغا كەتتى:

«مېنىڭ ئەجرىمدىن، باللارغا قويغان مېھرىمدىن-ھە؟ ....— دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە.— ئۇ كۈنلەردە كىشىنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان بەت قىلىق، تاپتىن چىققان ئوقۇغۇچى ياشلارمۇ بارغۇ؟ ... ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەلىتى كىيىنىشى، ئەدەپ-ئەخلاققا زىت يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆز ھەركىتى بىلەن ئۇنىمۇ-بۇنىمۇ زېرىكتۈرۈپ قويۇشقان .... قىلغان ئەجرى-مېھنەتلىرىم بىكارغا كەتمەپتۇ ...»

ئابدۇراخمان ھاياجان بىلەن خەتنى يەنە ئوقۇشقا باشلىدى:

«ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز ئابدۇراخمان مۇئەللىمگە:

ساق-سالامەتمۇسىز؟ ئەلۋەتتە سالامەت تۇرغانسىز. سىزنىڭ سالامەتلىگىڭىز — بىزنىڭ بەختىمىز.

قىممەتلىك مۇئەللىم، بىز يېڭى مەكتىۋىمىزگە بىر ئايلىق ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قال-دۇق. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، سىزنىڭ قەدرى-قىممىتىڭىز بىزنى تېخىمۇ ياخشى ئوقۇشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ، بىزگە ئۆگەتكەن ئىلىم-ھىكمىتىڭىز دەرستە كۈچ-مادار بولىۋاتىدۇ.

ھە، راستلا، كەلگەندىن بېرى بىز سىزگە خەتمۇ يازالمىدۇق، كەچۈرۈسىز. بۇ يەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆز دەرسلىرى ئارقىلىق بىزنى ئۆزىگە باغلىۋالغان، بىر-بىرىمىز بىلەن خۇد-دى سىزگە ئوخشاش مېھرداش بولۇپ قېلىۋاتىمىز.

راست تېخى، يارمەت، پولات، خەيرۇللار دوختۇرلۇق سىنىپىغا ئايرىلغاچقىمۇ، ئىشقىلىپ،

كۆڭلىمىز بەكمۇ يايراپ تۇرۇپتۇ.

هازىرچە ئەھۋالىمىز ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك بىر خىلدا ئۆتۈپ بېرىۋاتىدۇ. لېكىن نىمە ئۈچۈندۇر بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىمۇ، يەرلىرىمۇ، ئادەملىرىمۇ بىزگە تېخىچە تولۇق تونۇش بولمىغاچقىمىكىن تاڭ، ئازراق تارتىنىش؛ ئۇزاقتا قالغان ئاتا-ئانا، ئەل-يۇرتىنى سېغىنىپ قېلىشتەك بىر خىيالمۇ بىزنى چىرماپ تۇرغاندەك ... (ئەمما زېرەك ئوقۇتقۇچىمىز سېزىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ) بىزگە ھەر جەھەتتىن يار-يۆلەكتە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەكتەپمۇ بىزگە ئالاھىدە كۆيۈنۈۋاتىدۇ. ئەمما يەنە بىر نەرسە يېتىشمىگەندەك، كۆڭلىمىز يېرىم بولۇپ سىزنى ئويلاپ قالىمىز.

مەكتەپ بۈك-باراخسان دەرەخلەر ئارىسىغا تولىمۇ ياراشقان؛ مانا، مەكتەپنىڭ زۇمەرەت سۇلۇق كۆلى (بىز ئۈچىمىز كۆل بويىغا كەلگەن ئىدۇق). كۆل سۈيىدە شولىمىز بىزگە قاراپ بىر ئوماق كۈلۈپ بېقىۋاتىدۇ.... كۆل بويىدىكى سۇۋادانلار ئاسمانغا باشلىرىنى يەتكۈزمەكچى بولغاندەك تىك كۆتىرىلىپ كەتكەن.

سۆگەت دەرىخىنىڭ ئۇزۇن-ئۇزۇن بىرچىرايلىق چوكانلىرى يېنىك شامالدا نازۇككىنە تولغىنىپ كۆل سۈيىنى سۆيۈۋالىدۇ....

ئاھ! كۆل سۈيىگە قاراپ تويمايدۇ كىشى!

مەكتەپنىڭ ئىچى شۇنداق چىرايلىق. ياپ-يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئاپپاق ۋە يېقىملىق كۆرۈنۈپ تۇرغان بىنالار، سىنىپلار....

قەدىرلىك مۇئەللىم، بىر كۈنى بۇ يەردە يامغۇر ياغدى (شەنبە كۈنى كەچكە يېقىن مەزگىل ئىدى). تارسىلداپ دەرىزىگە يامغۇر ئۇرۇپ تۇراتتى. كېيىن بارا-بارا شامال كۈچىيىپ، دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدىن تۇتۇپ تارتقاندەك ئېگىلىشكە باشلىدى. بىز يەنە شۇ كۈنى سىزنى سېغىنىپ قالدۇق. شۇنداق، يامغۇر ياققان كۈنلىرى ئادەم ئۇزاقتا قالغان يۇرتىنى ئەسلەپ قالىدىكەن، ئۇنداق چاغلاردا بىز سىزنى تېخىمۇ سېغىنىدىكەنمىز. بىزگە شۇنچە مېھرىۋان ئىدىڭىز....

قېنى ئەمدى يېنىمىزدا بولسىڭىز ... (ياق، بىز سىزنى رەنجىتكىنىمىز ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتىمىز. بىز سىزگە قانداقمۇ قارىيالايمىزكىن؟!).

مۇئەللىم، سىز بىلەن بىزنىڭ كۆڭلىمىز ھامان توق ئىدى. ئاچ قالساقمۇ، زېرىكسەكمۇ سىزنى كۆرگەندە نىمە ئۈچۈندۇر بىز ئۆزىمىزنى شۇنچە توق، شۇنچە يېنىك، خۇرسەن سېزەتتۇق (سىزدەك ۋاپالىق ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز پەرزەنتى بولۇپ قالساقچۇ، كاشكى! ...).

سىز دەرسكە كىرگىنىڭىزدە سىنىپ ئىچى يورۇپ كەتكەندەك، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدە بىر ئىسسىق، خۇش خۇي ئېقىم تارقىلاتتى.

يامغۇر.

كۈز يامغۇرى يېغىۋاتىدۇ. بىز ئەنە شۇنداق يامغۇرلۇق كېچىلەردە كېچىچە گېپىڭىزنى قىلىپ چىقىمىز. ھەر كېچە شۇنداق ... سىزنى ئويلىمىغان، خىيال قىلمىغان كۈنىمىزمۇ بارمىكىن؟!

ياق، بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

بىز سىزنى ھېچقاچان يادىمىزدىن چىقارمايمىز. ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، سىزنىڭ

AltunOq

بىزدىن كۈتكەن ئۈمىت - ئارزۇيىڭىز ئۈچۈن ئىختىساسلىق — يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇشقا، سىزنى مۇشۇ ئارقىلىق خۇش قىلىشقا بەل باغلىغان. مۇشۇ يولدا قىينىمىزنى، جىينىمىزنى سەرپ قىلساقمۇ مەيلى.

قەدىرلىك مۇئەللىم، بىر كۈنى كېچىسى يارمەت سىزنى چۈشىدە كۆرۈپتۇ: سىز كۈلۈپ - كۈلۈپ ئۇنىڭ يەلكىلىرىنى قېقىپ تۇرۇپ: ‹يارمەت، سەن دەۋرىمىزنىڭ مەرىپەت بېغىدىكى يېڭى پەرھاتلىرىدىن بولىشىڭ كېرەك، بىلىملىك كىشىلەردىن بولالامسەن - يوق؟ سەن شائىرىمىز لۇتپۇللانىڭ:

بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىگىنى،
ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىگىنى.

دىگەن ۋەسىيىتىنى ھەمىشە ئېسىڭدە تۇتۇشۇڭ كېرەك، مەن شۇ چاغدىلا سەندىن رازى بولالايمەن ....› دىگۈدەكمىشسىز.

يارمەت بىزگە چۈشىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، بىز خەيرۇل ھەر ئاخشىمى بالدۇرلا يېتىۋېلىپ، كۆزىمىزنى يۇمۇپ، جىم - جىت ئۇيقۇغا كەتسەكمۇ، بىزگە كېرەك بولمىغان نەرسىلەر چۈشىمىزگە كىرىپ چىقتى - يۇ، سىز چۈشىمىزگە كىرمىدىڭىز، پەقەت سىز چۈشىمىزگە كىرمىدىڭىز ....

سىزنى چۈشىمىزدە بولسىمۇ كۆرۈش نېسىپ بولمىدى بىزگە، ئەمما سىزنىڭ بىزنى دائىم ئويلايدىغانلىغىڭىزنى بىلىمىز.

بىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇگىنىش بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئاتا - ئانىمىزدۇر. بىز ئەقىللىق، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بولۇشقا چىن قەلبىمىزدىن ۋەدە بېرىمىز ....»

# مەريەم

(داستان)

بوغدا ئابدۇللا

— بۇ ۋەقە 1864 - يىلى خوتەندىكى «ئەلنامە» يېزىسىدا بولغان ....
(خاتىرە دەپتىرىمدىن)

## مۇقەددىمە

يازدىم مۇشۇ ياد نامىنى،
كۆرمىسەمۇ ئەلنامىنى،
ئەلنامە
زادى قەيەردە؟
ئۇ قانداق يېزا؟
باغلىرى جەننەتمۇ؟
يېرى مۇنبەتمۇ؟
بولغىنىم يوق تېخى بىلگۈدەك.
نامەلۇمدۇر ئويمان - چوڭقۇرى،
لېكىن ئايدىڭ خوتەن غۇرۇرى،

بىرنى - بىر دىگەن،
ناۋايى كۈيلىگەن،
خوتەن شۇ
نۆبىتى مەپتۇن قىبلىگاھ،
تۇپرىقى ئىپاردەك.
تۇپراق ئىپار،
ئىپارلىرى ئاھۇ كۆز،
بىلىسۇن ئۇچۇن بۈگۈنكىنى،
دەيدىغىنىم تۈنۈگۈنكىسى،
يۈز يىل بۇرۇنقىسى.

### 1

نىمە ئۈچۈن «ئەلنامە» دەيدۇ؟
قانداقلارچە قويۇلغان ئىسىم؟!
بىلمەيدۇ ھېچكىم،
ئۇزاق زامان ئۆتكەن،

خاتىرىلەر ئۆچكەن،
يۇلتۇز ئۆچكەندەك.
شۇندا تۇغۇلغان،
شۇندا ئۆسكەن

مەريەم بىلەن مەمەت
ۋە شۇندا باشلانغان
ئۇلار باغلىغان مۇھەببەت
ۋە ئۇنىڭ ھىكايىسى.
ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچكەن
ئۇچقۇر شامالدەك.
بىز سۆزلىمدۇق
بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ
كىچىكىدە ھۆكۈشمەك ئويناپ،
گايىدا ماي تارتىشقىنىنى؛
چوڭ بولغاندا
قانداق ئۇچراشقىنىنى،
قايسى باغدا،
قايسى دالىدا،
قايسى سۆگۈچ تۈۋىدە
تۇرغانلىغىنى.
لېكىن كۆيۈپ پىشقانلىغى راست،
پەرھات - شىرىندەك،
لەيلى - مەجنۇندەك،
غېرىپ - سەنەمدەك،
تاھىر - زوھرەدەك؛
ئەپسۇس،
ئۇلارنىڭ نام - شەرىپى
بۇنىڭ ئاخىرىسىغا تىزىلماي قالغان،
باغاق يېزىلغىچە
چۈشۈپ قالغاندەك،
ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك.
ئۆتتۈنەي مەدداھ،
ئۆتتۈنەي سازەندە،
ئۇلار ھەققىدە بايان قىلىڭلار
سىلەر قەسىدە.
ھىكمەت ئېيتقاندەك،
جەڭنامە سۆزلىگەندەك.

2

مەمەت قاۋۇل يىگىت ئىدى،
كۈچ - قۇدرىتى بازغاندەك؛
مەريەم زىبا —
ئاقپىچىم بىر قىز ئىدى،
ئونبەشكە كىرگەن
يېڭى ئۆرلىگەن ئاي
15 كۈنلۈك بولغاندەك.
ئۇلارنىڭ ئاتىسى
خالۋاپ،
ئىككى ھەقەمسايە
پەرزەنتلەرنى كۆرۈشتى باپ.
كېلىشىپ قالدى،
پۈتۈشۈپ قالدى،
بېشى باش بولسۇن، دەپ،
ئايىغى تاش بولسۇن، دەپ،
توينى ئوينار بولدى،
توي - مەشرەپ قاينار بولدى،
توي قازانلىرى قاينىغاندەك.

3

دەستۇرخان،
تۇز سۇيى،
بىر بۇردا نان،
تۆردە ئىشان
(قولاتقىچە قويغان ساقالنى!)
خوش - خوش،
قېنى، تەقسىر، دىيىشەر،
ھەممە ئىشانغا كۆز تىكىشەر.
ئىشان دەركى:
قىز جامالىنى كۆرەي،

نىكا يۇقامدۇ بىلەي ....
ياندىكىلەر
«خوش» دېيىشتى،
قىزنى كەلتۈرۈشتى ....
ئاچتى بىر كىم
قىزنىڭ پۈركەنجىسىنى
(كۆرسەتكەندە گۈل غۇنچىسىنى)،
بىر ساھىپجامال!
كىرپىكلىرى،
كۆزلىرى
ئاھۇ بىلەن كىرپىك تالاشقاندەك،
كىرپىكنى قويۇپ كۆز تالاشقاندەك.
ئىشان
تولغىنىپ قالدى،
چەكچىيىپ قالدى
مۈشۈك بەزگە چەكچەيگەندەك.
سورۇن جىمجىت،
سۈرلۈك،
ۋەھىملىك؛
ۋەھىمە خۇددى
ھەممىگە چاڭگال سالىدىغاندەك!
ئىشان دىماقىنى قىرىپ،
بۇرۇتىنى سىلاپ،
ساقىلىنى ئويناپ،
گەپ ئاچتى
كۈيقاپ ئاغزىنى ئاچقاندەك:

— ئاۋالقى ئاخشام
مەن كۆرگەن چۈشتە
ئەۋەتىلمەكچى بولغان
ئەمىردىمگە
بىر پەرىشتە.
بۇنىڭ ئىسمى
مەريەم ئەمەس،
ماھىن،
ماھىن،
ئۇ كۆرۈندى مانا ماڭا
ئادەم سۈرىتىدە،
سۈرەتكە جان بېرىپ قىرىغاندەك ....
بۇ گەپنى ئاڭلاپلا،
بىر چىقىراپلا
يىقىلدى قىز،
(ئاھ بەختسىز!)
يىقىلدى سەرۋە
چوڭ بوراندا ئۈشتۈلغاندەك.
ئۇمۇ جىم،
بۇمۇ جىم،
توي تارقىدى،
ھازا تارقىغاندەك.
ئاتا يىغلاپ قالدى،
ئانا يىغلاپ قالدى
كىيىك بالىسىدىن ئايرىلغاندەك.

4

بۇلاپ كەتتى قىزنى —
شۇ يۇلتۇزنى،
قارىسا كۆز يەتمەس،
قىچقارسا ئۈن يەتمەس يەرگە.
ئۇ، قاراڭغۇ قازناقتا،
قازناق ئەمەس، سولاقتا!
نىجاتلىق ـتىلەيدۇ،

قىينىلىپ دەيدۇ:
— پەرىشتە ئەمەس، ئەسلى مەن،
ئىنسان نەسلى مەن!
ئاتام بار،
ئانام بار،
بۇنىڭغا ئەل گۇۋا،
ئەل گۇۋا!

توۋا!
تېخى بولغىدەكمىشمەن
كىچىك خوتۇنى،
دەستارىغا گۈل بولمايمەن ھېچ،
بالدۇر غازاڭ قىلىسمۇ مېنى.
خام - خىياللار سۇرسىمۇ، لېكىن
تاپالمايدۇ ئاخىرى مېنى!
قىز قازناقتا تىترەيدۇ،
تام گويا جالاقلايدۇ،
ھازىر ئۆرۈلۈپ چۈشۈدىغاندەك.
تاملار كېلىپ باسىدىغاندەك.

بىسىم
مىلىك پاتمان ئۇمۇتتەك،
ۋەھىمە
بىر قاپقارا جۇتتەك،
زەھەرلىك كۆزلەر چەكچىيەر،
مۇز قاپاقلار ھومىيار:
«سەن جۇمۇ،
توختا جۇمۇ!» دىگەندەك،
ئۇستىخىنىنى ئۇن قىلىپ
شورپىسىنى ئىچىدىغاندەك.

5

ئۆگزىدىن توپا چۈشەر،
مەمەت
كېچىلەپ تۆكنۇككە كېلەر
(يېنىدا خەنجەر!)،
بوش - بوش سۆزلەر،
ئۇ پەسكە ئىنتىلەر،
قىز شىپقا تەلمۇرەر،
بىر سىنىك ئۆگزىگە،

بىر سىنىك يەرگە
يېشى تامار،
يامغۇر تامچىلىغاندەك.
بۇ — يۈرەكنىڭ كۆيۈشى
مۇزغا ياقسا سوۋۇماس،
يۈرەك
كۆيۈپ - كۆيۈپ تۈگەيدىغاندەك!

6

كېچىدە
خانىقا ئىچىدە،
«ھايت - ھۇيت» لار،
«تۇت - تۇت» لار،
بىرسى ئايەردە، دىسە،
بىرسى مايەردە، دەيدۇ،
بىرسى يوق، دىسە،
بىرسى بار، دەيدۇ،
بىرسى قوغلا! دىسە،
بىرسى باغلا! دەيدۇ.
ئاڭلىدى قىز
قازناقتا تۇرۇپ.

كۆڭلى مەمەتنى تۇيۇپ،
چىقىمەن دەيدۇ
ئىشىكنى ئۇرۇپ،
مۇشلاپ،
تېپىپ،
بوغۇلۇپ!
ئىشىكنى ئۇرار،
ئىشىكنى مۇشلار
يەنە بىر قېتىم
ئىككى قېتىم
بەش قېتىم
ئون قېتىم....

گۈپپىتلا ئۆرۈلدى ئىشىك
قىز ئۆرۈلگاندا يۈلقۇنۇپ.
قىز
تام ياقىلاپ،
ئۇيانى ئىزلەر،
بۇيانى ئىزلەر،
تاشقارقى ھويلىنى،
ئامبارنى،
ئېغىلنى....
توۋلىدى ئاستا
ئاتىباقار ئاتا،
ئۇ كەلدى يېقىنلاپ،
يىغلاپ - يىغلاپ.
بوۋاي دەر:
— بولدى قىل، قىزىم،
سەۋرى قىل، قىزىم،
(مەنمۇ يىغلىدىم!)
مەمەتنى تۇتتى،
ياڭاقتا ئاستى!
— ھە!
...ھا...ھا...ھا!
ھا...ھا...ھا!
كۆلدى مەريەم،
يىغلىدى مەريەم،
يۈگۈردى ئالغا،
كۆلنىڭ بويىغا.
بوۋاي كەينىدە
«ۋاي توختا!» دەيدۇ،
«ۋاي توختا!» دەيدۇ.

**7**

شۇ تۈرقىدا،
قېرى ياڭاق شېخىدا
ئېغىر بىر گەۋدە،
(مەمەتنى ئاسقان!)
ماتا كۆينەكتىن تەپچىرەيدۇ قان،
گەجگىدىن تامچىپ،
دۈمبىدىن تامچىپ،
يەر بويالغان
بۇلجۇرگەنلىك دەسسەلگەندەك.
ئۇ ھۇشىدىن كېتەر،
ھۇشىغا كېلەر.
تەر قانغا ئارىلاشقان،
قان تەرگە ئارىلاشقان،
قان ئىسسىق،
قان شىلىمشىق.
مەمەت چۈش كۆرمەكتە:
قاراڭغۇلۇق
نۇر ۋال - ۋۇل چاقناپ قالدۇ،
مەريەم كۈلۈپ چىقىپ قالدۇ.
ئۇمۇ غۇلاچ يايغان،
بۇمۇ غۇلاچ يايغان،
قۇچاقلاشقان،
بىر - بىرىنى پۇراشقان،
گۈل بىلەن رەيھاننى پۇرىغاندەك.
يەنە قاراڭغۇلۇق
خۇددى قارا باسقاندەك.
تۇراي دەيدۇ، تۇرالمايدۇ،
توۋلاي دەيدۇ، توۋلىيالمايدۇ،
جان ھازىرلا چىقىدىغاندەك.
دەم ھۇشىغا كېلەر،
قولى ئاغرىغاندەك بولار،
ئۇيۇشكەندەك بولار،
تومۇر كۆپكەندەك بولار،
پىچاق كەسكەندەك بولار.
كېيىن
ھېچنىمنى بىلمەس
ھارغان چەۋەنداز

ئۇخلاپ كەتكەندەك....
دەم ھۇشىغا كېلەر
قارا كېچە،
قارا ياغاق،
قۇيۇلار يېشى.
شىلدىرلىغان يوپۇرماقلار
جان قېرىندىشى.
...................

8

تاڭ قاراڭغۇسى
(ئوت - چۆپتە شەبنەم)
كۆلنىڭ ياقىسىدا،
تۇرىدۇ مەريەم،
پەرىشان سۇ پەرىسىدەك.
قايرىلىپ قارىدى كەينىگە،
ئاسمانغا،
دەرەخلەرگە،
ئۆيلەرگە!
ئۇ كۆلگە قارىدى،
چۈش كۆرگەندەك بولدى:
كۆلدىكى بىر ئاققۇ دىگۈدەك،
(ئاققۇ ئەمەس، مەمەت دىگۈدەك).
مەمەتنى
يۈگۈرۈپ كەلگۈدەك،
قۇچاقلىغۇدەك!
قىزنىڭ كۆزى يەنىلا كۆلدە
كېلەر ھازىر بېلىق بولغۇسى،
كېلەر ھازىر ئۈزۈپ يۈرگۈسى،
شوخ بېلىقتەك،
ئازات بېلىقتەك!
ئەنە!
كۆردى مەمەتنى، مۇھەببىتىنى!
يۇمدى كۆزىنى،
سۇغا ئاتتى ئۆزىنى!
سۇ بۇلدۇقلىدى،
بۇلدۇقلاپ، بۇلدۇقلاپ،
ئاخىر توختاپ قالدى....
ھۆكۈم سۈردى جىملىق،
ھېچنىمە بولمىغاندەك.

9

مەمەت چۈش كۆرمەكتە:
ئاھ، پەريات ئۇرۇپ،
مەريەمنى كۆتىرىپ،
ئۆزى ئالدىدا،
خالايىق كەينىدە،
ماڭار يەرلىككە،
بىر ئىگىز دۆڭگە!

**خاتىمە**

بوۋاي كۆل بويىدا
يىغلار بۇقۇلداپ،
بىر كۆلگە قاراپ،
بىر شاخقا قاراپ.
بوۋاي — شاھىت،
بوۋاي — تارىخ!

1979 - 1984 - يىللار. خوتەن — ئۈرۈمچى.

# چۆلدىكى بۇلاق

(سىكىل)

ئوبۇلهاشىم قاسىم

## سەپەر كۈنىدە

ئاپتوۋۇز قوزغالدى قاغىلىق تامان،
سىغمىدى سىنەمگە ئويناقلاپ يۈرەك.
خىيالىم ئۇچقۇر قۇش بولۇپ ئاسماندا،
ئەگىيدۇ ئەتراپنى قىلىپ چوڭ كۆرەك.
بارىدۇ ئاپتوۋۇز ھىمىت سېيى① دا،
چېكى يوق دەشتى-چۆل تۇرار ئالدىمدا.

ئەينەكنى چۈشۈرۈپ تىكتىم سايغا كۆز،
دەيدۇ ساي: «بىزنىمۇ قازسۇن ئىشچىلار»،
ئۈزۈلمەي بىزلەرنى چالار چاۋاكلار.

كورۋات②تا رەتمۇ-رەت تېرەك-توغراقلار،
بولدىغۇ بۇ ھالەت يول بويى داۋام،
بېغىشلاپ يۈرەككە ھوزۇر ۋە ئارام.

زىيارەت ئۆمىگى قايرىلغاندا كۈن
قاغىلىق بېكەتتە كۆردى ئۆزىنى.
ئەتىگە بارىمىز نېفىتلىككە دەپ،
يۇمىدى نەچچىسى شۇ كەچ كۆزىنى.
سەھەردە ئالدۇق بىز ئۇششار باشقا يول،
ئاغزىمىز ناخشىدا، قولىمىزدا گۈل.

## ئۇششارباشتا

يىراقتىن كۆرۈندى ئاۋات بىر شەھەر،
ماشىنا ئۈستىدە سوزۇشتۇق بويۇن.
يەتكەندە مەنزىلگە كۆردۇق بىز شۇنى،
جەڭ-چېلىش مەيدانى ھەممە يەر پۈتۈن.
ئىشچىلار قارشى ئېلىپ چىقىشتى بىزنى،
قۇتلىدۇق بىزمۇ مەرت ئىرغۇل ۋە قىزنى.

بىز ئۇندا، قۇدۇقنى قىلدۇق زىيارەت
ۋېشكىلار ئورمىنى ئۈستىگە چىقىپ.
گۈلدۈرلەر ماتورلار، ئايلىنار ئۈشكە،
پونتان بوپ چىقىدۇ مايلار ئېتىلىپ.
ئىشچىلار چېھرىدە تەبەسسۇم، كۈلكە،
جاسارەت، غەيرىتى يەتكەن پەلەككە.

---

① ھىمىت سېيى — يەكەن يولىدىكى ساي.
② كورۋات — يەكەننىڭ بىر يېزىسى.

يۇسۇپكام ئىسسىلىك پىشقەدەم ئىشچى،
سۆزلىدى ۋېشكىغا مەنىلىك قاراپ:
— بۇرغىنىڭ ئۇچىمۇ يەتتى تۆت مىڭگە،
چىقىدۇ «يەر يېغى» ئەتە بۇلۇقلاپ.
تۇرۇڭلار نەچچە كۈن، يەمەڭلار ئەندىش،
قىزىيدۇ بۇ يەردە كېچە - كۈندۈز ئىش.[1]

ۋەتەنىنىڭ، خەلقنىڭ مېھرى - ئالقىشى،
كۈچ بەرگەچ ئىشلىدۇق كېچە ۋە كۈندۈز.
نېفىتسىز سانائەت گۈللىمەس ياشناپ،
چاقناتتۇق شۇڭلاشقا چۆللەردە يۇلتۇز.
تۆھپىمىز ئارزۇدىن هازىرچە يىراق،
ئاقلايمىز ئۈمىتنى قالماستىن ئۇزاق.

كەلدۇق گاز، مايلارنى ئايرىش ئۆيىگە،
گازلارنىڭ يالقۇنى قىزدۇراتتى زەپ.
ئۆلچىگۈچ سائەتكە قارايتتى بىر قىز،
كېلەتتى قوللىرى تۇتقۇچلارغا ئەپ.
ئاقاتتى ماڭلايدىن تەرلەر تامچىلاپ،
تۆكۈلدى ئاشۇنداق ئاي، يىل قانچىلاپ.

يۇسۇپكام سۆز ئېلىپ:— بۇ قىزنىڭ ئىسمى،
هەر دىلدا چىمەن دەپ يادلىنار، — دىدى.
پۈتۈلگەچ ۋۇجۇدى جاسارەت بىلەن
پۈتۈن دۆي ئاغزىدا ماختىلار، — دىدى.
بەختلىك سەزدۇق بىز ئۆزىمىزنىمۇ،
يازساق گەر تۆكۈمەس سۆزىمىزنىمۇ.

## كۆكيياردا

باشلىدۇق ئەتىسى كۆكييارغا سەپەر،
قانچە تاغ، جىرانى، سايلارنى بېسىپ.
يەتكەندە مەنزىلگە دىيىشتۇق بىردەك:
«كۆرگىلى بۇ يەرنى بولدىغۇ نىسىپ.»
قاياقتا قارىماڭ كۆرىسىز تاغنى،
مەۋج ئۇرۇپ پېنتاندەك ئېتىلغان ياغنى.

بۇ يەردە يوق گىيا، ھەتتاكى قۇمۇش،
سۇ چاقىقان ئىوي - دۆڭ، تاش - شېغىل كۆرىسىز.
مەتقاسىم ئىسسىلىك ئاددى ئىشچىدىن،
سورۇدۇم: «بۇ جايغا قانداق كۆنىسىز؟»
سۆزلىدى مەتقاسىم سۆزلىرى چاقماق،
يىگەندەك بولدۇمەن تويغۇچە قايماق.

ئۇ دىدى: — نېفىتكە مۇھتاج سانائەت،
بولامدۇ بارىغا قىلىشاق قانائەت؟
تۆتلىشىش ئارزۇمىز ئاشامدۇ ئىشقا

كۆرسەتمەي سەپلەردە غەيرەت - شىجائەت؟
ئەجىرسىز بولامدۇ باغ، ئورمان بىنا،
ئاڭلىغىن، شائىر، بار گېپىمدە مەنا.

زېرىكىش يوق قىلچىمۇ بىزنىڭ بۇ دۆيىدە،
هەر مىللەت پەرزەنتى ياشايدۇ ئىناق.
بىر بولغاچ چوڭ نىشان، دىللارمۇ ئورتاق،
ۋە ئالدى «ئىتتىپاق دۆيى» دەپ ئاتاق.
دەم ئېلىش، ئىشلەشتە بولىدۇ بىللە،
غەلىبىدىن شاتلىققا تولىدۇ بىللە.

يىگىتنىڭ ئېيتقىنى چىقتى راست بولۇپ،
شۇ بىر كۈن بىلىنمەي كەتتىغۇ ئۆتۈپ.
ئىشچىلار شۇنچە خۇش، لېكىن ئالدىراش،
يېڭىدىن هەر جايغا جازىلار قۇرۇپ.
كۆرۈندى ماي يۇقى كىيىم، يۈز ئىللىق،
دىيىشتۇق: «ئىشچىلار شۇنداق مېھرلىك!»

# غەزەللەر

تۇردى سامساق

## مەنادۇر

نەسىھەت نۆلگە تەڭگى، بىر ئەمەل مىڭ سانغا مەنادۇر،
نەمىڭ سانكى، ساداقەت بابىدا ئىنسانغا مەنادۇر.
نە ئىنسانكى، مۇبادا لەۋزىگە تەركى ئەمەل بولسا،
ئۇ ئىنساننى خۇلقنى خورلىغان نۇقسانغا مەنادۇر.
نە نۇقساننى قىلىق قەلبىڭگە ھاكىم بولسا، ئەي ساقى،
بىتەھقىق بىل ئىشىڭنىڭ ئاخىرى يەكسانغا مەنادۇر.

## باھارىم بار

كۆرۈك، كۆڭلۈمدە كۆكلەم كۈنلىرىدەك خۇش باھارىم بار،
بېھىش، بەھرىنى بەرگەن باغ تولا ئامۇت، ئانارىم بار.
گۈلىستانلار ئارا ئازادە ئەمگەك سەھنىسى بويلاپ،
بويى بالقىپ، يۈرەكنى كۆيدۈرەر كۆزى خۇمارىم بار.
زامانە زوقىدىن ئىمزا قويۇپ ئۆچمەس مۇھەببەتكە،
يېتىشكە تۆتلىشىشنىڭ غەلىبىسىگە دىل قارارىم بار.
ۋۇجۇدۇمدا ھاياتقا ئۇرغىغان قايناق ھارارەت ھەم،
يۈرەكتە يالقۇنۇم، سۆزگە ئەمەلدە ئىپتىخارىم بار.
بويۇمغا بوي، ئۈنۈمگە ئۈنلىرى ھەردائىما ھەمدەم،
يۈكى كۆپ ناردەك ئىجات قوشۇنى چوڭ قاتارىم بار.
دەۋر سازىغا تەڭكەش خۇش مۇقام ناخشامنى ياڭراتسام،
ئەجەم شاھى يېنىمدا، تارى ئالتۇندىن ساتارىم بار.
كۆرۈپ كۈلمەك، ئايا دوست، ساقىنىڭ ئۆسكەن ساقالىغا،
ئۇ كۈلپەت سوغىسى، بىل تەندە جۇشقۇنلۇق مادارىم بار.

## سەيلانە

كېلۇر كۆزى خۇمارىم قول سېلىپ سەيلانە ـ سەيلانە،
قەدەمدە خۇلقى جانغا جان قوشۇپ مەردانە ـ مەردانە،
جاسارەت، جۇرئەتكە جۆر بولۇپ ناخشامنى ياڭراتسام،
سادالار سازى، كەتتى شوخلىنىپ ھەريانە ـ ھەريانە.

AltunOq

كۆزىدىن چاقنىغان نۇر چاقمىغى ئوت ياقتى ئۆچرەسكە،
بولۇپىەن ئىشقى شەمئى شامىغا پەرۋانە - پەرۋانە.
دىدىم ئول دىلرەباغا چىن مۇھەببەت لەۋزىدىن بىر سۆز،
دىدى: ئەل ئىشىغا دىل ئىشقى بىىل دۇردانە - دۇردانە.
دىدىم: ئەي دىلرەبا، گەر ئىستىسەڭ ئال ئىمتىھانىڭنى،
مۇھەببەتكە سىناق مەيدانى بۇ دەۋرانە - دەۋرانە.
ۋاپا ئەھدىگە سادىق ساقنى ئەمدى ئايا دىلبەر،
كى ئەمگەك قوينىدىن تاپ، بول ئاڭا غەمخانە - غەمخانە.

## ئاقىۋەت

ئاقىۋەت، ئاخشامدا بارسام، كەڭ، گۈزەل ھويلاسى بار،
يان ئىشىكلەر قوشمۇ - قوش ھەم ھەر يۇرۇش ھوجراسى بار.
چەپتە چوڭ بىر ئاشخانا يۇ، قوش قۇلۇپلۇق ئىسكىلات،
كەڭرى قۇلماقلىق باراڭ، تەشتەكتە گۈل سەيناسى بار.
جۇپ كېلىن ھەم ئۈچ قىزىنىڭ ھەممىسى باشلىق ئىكەن،
ھۆسنى ئەپلاكىدا يۇلتۇز، كۆزلىرى شەھلاسى بار.
ئۆي ۋە ھويلا، باغ، باراڭ ھەم ئالملار ئاستى قەدەر،
شىشىسى شەمئى چىراقنىڭ كۈن كەبى شولاسى بار.
ساھىبى سۆلەتكە تولغان كۆلكىسى كاككۇكچە ھەم،
تاملىرى رەڭدار گىلەم، ھەر نۇسخىنىڭ ئەلاسى بار.
ئولتۇرار راھەتلىنىپ، گوياكى جەمشىت تەختىدەك،
ئاستىدا لۆم - لۆم ئورۇندۇق، قاتمۇ - قات ساپاسى بار.
كۆز چاقار ئىشكاپتا ئەينەك، چىنە - چەينەك، چۆگۈنى،
ئاتمىش ئالتە ھەممە پۇت تەل، چوڭ - كىچىك ھەۋراسى بار.
ئۈنلىرى ئالەمنى ئالغۇر، سۆلتى شۇنچە پۇزۇر،
تېلېۋىزور، ئوۋ مىلتىغى، قوش ئاپارات لېنتاسى بار.
پۇرژىناسى پار يەنە ۋارشاۋا ياڭزا كارۋىتى،
قاتمۇ - قات كىمخاپ تۆشەك، مەخمەل، دۇردۇن كۆرپەسى بار.
گۆشنى يىمەي ئەركىلەر پۇچقاق مۇشۇكنىڭ ئاسلىنى
تەكچىدە ئالتۇن بېلىق، ئەينەكتە كۆل، دەرياسى بار.
بار يەنە، ئاجىز قەلەم يازماققا ھەممىنى تۈگەل،
بىر ئۆمۈر بەھرى بېھىشتەك توپ - تولۇق دۇنياسى بار.
بۇ سۈپەت تۇرمۇش پەزىلەت، تەردە پۇتسە خوپ ئىدى،
چۈنكى بىردە گۈل ھاياتقا تەلپۈنۈش ئارزۇسى بار.
ئەمما، بىزنىڭ بىر تونۇشنىڭ ئىشلىرى بەك ئۆزگىچە،
باي بولۇشتا غەيرى نورمال، ئۆزگىچە رەپتاسى بار.

بارغىنىمدا بىر بۇلۇڭ بولدى ئارانلا تاپقىنىم،
چۈنكى، مەندىن ئىلگىرى بارغان يەنە قانچەسى بار.
بەزى يانچۇقتا بوتۇلكا، بەزى قولتۇقتا تۇگۈن،
بەزىسىنىڭ ساڭگىلاتقان ھەر ئەجەپ سومكاسى بار.
مەن پىقىرىنىڭچۇ؟ ... پەقەت قات - قات يىتۇق، كىر ھەم تۆشۈك،
يۈزچە قەغەز ئەرزۇ ھالىنىڭ پۈتمىگەن دەۋاسى بار.
كۆز قاراپ قانچىكى باقسام، بىرمۇ سۆزنى بىلمىدىم،
چۈنكى، ئۆزگە بىلمىگۈر سىدام سوپى ئىملاسى بار.
نۆۋىتىمدە نىرىدىن ھۆرمەتكە قولنى قوش قىلىپ،
ئالقىنىمدا خەتنى تۇتتۇم، كۆزلىرىم ئىماسى بار.
ئالدى بەرسەم ئوڭ تۇتۇپ، كۆز سالدى چاينى بىر يۇتۇپ،
ئارقىدىن تەتۇر تۇتۇپ، قاش تۇردى سەل سەپراسى بار.
تىڭشىدى تاشقىرنى بىر، سىگنال چىلىندى: جىرۇ ... جىر ...
قانچە كۆپ ئاۋازدا سىر «كىنو بىلەت» غەۋغاسى بار.
«باشلىغىم» سائەتكە باقتى، كۆزنى چاقتى «نۆاىگە نۆل»
«ئەتە كېلىڭ» دىدى ئۇ، كەتتىم ئىشىم چالاسى بار.
ئەرتە كەلدىم ئالدىراپ، ئۆپكەم بىسىلماي ھاسىراپ،
ئىشىك باقار بەردى جاۋاپ: «مەجلىس»، ئۇنىڭ مەناسى بار.
كەچكىچە ئىشىك ساقلىدىم، توڭلاپ تاپان كۆپ تاقلىدىم،
غەمدە قوساقنى توقلىدىم، قايدى بىشىم سەۋداسى بار.
باشلىقنى ئاخىر تاشلىدىم، ئەمدى بۆلەك ئىش باشلىدىم،
ئەرزىمنى مەنمۇ ياشلىدىم، ياش كۆچىتە ئىش تەشناسى بار.
باردىم يىڭى باشلىقنى مەن، خۇش خۇي، قەلەمقاشلىقنى مەن،
ئىشخانىسى باغۇ - چىمەن، لايىق ئاڭا سىماسى بار.
شۇ كۈن ئىشىمۇ پۈتتى تىز، تامغىنى باستى تاجىقىز،
يىڭى يولدا يىڭى ئىز، ياندىم يۈرەك ۋاخشاسى بار.

# ئىككى شېئىر

## كاملجان ھاجى①

### كەلدىم

يىراقلاردىن سىنى، ئەي، ئانا يۇرتۇم، كۆرگىلى كەلدىم،
مۇبارەك تۇپرىغىڭغا يۈزلىرىمنى سۈرگىلى كەلدىم.

① كاملجان ھاجى (تاشقىن) — سەئۇدى ئەرەبىستانىدىن تۇققان يوقلاشقا كەلگەن ئۆزبېك شائىرى بولۇپ، بۇ-نىڭ قەشقەردە يازغان شېئىرلىرىدىن ئىككىنى تاللاپ باستۇق.

ۋىسالىڭ نىئمەتىدىن قانچە يىللار بوپتىمەن مەھرۇم،
قۇچاغىڭدا نېچە كۈن شادۇ-خۇررەم يۈرگىلى كەلدىم.
سېنى كۆرمەككە مۇشتاق چەتتە يۈرگەن قانچە ئەۋلادىڭ،
ئۇلارنىڭ قەلب سالامىنى ساڭا يەتكۈزگىلى كەلدىم.
ئۆپۈپ ۋە سۈرمە ئەيلەپ كۆزلىرىمگە خاك-پاكىڭنى،
ھىجرانىڭدا ئۆرتەنگەن كۆڭلۈمنى تىندۇرغىلى كەلدىم.
كۆزۈمدىن ئاققۇزۇپ دەريا كەبى ياشىمنى،
چىمەنزارىڭدا بىر گۈل، بىر گىيا ئۆستۈرگىلى كەلدىم.
ئۇچۇپ كەڭ ئاسمانىڭدا بەلەن پەرۋازى شۇڭقاردەك،
تاۋاپ ئەيلەپ ھۇدۇدىڭنى، ساڭا تەلپۈرگىلى كەلدىم.
ئوغۇز قانىن تومۇردا ئاققۇزۇپ مەھمۇت، يۇسۇپ روھىن،
يۈرەكتە ئاسرىغانلار بىرلە سۆھبەت قۇرغىلى كەلدىم.
ئۇلۇغ خەلقىمگە ئەرك ۋە بەختىيار دەۋران تىلەپ، تاشقىن،
تىيانشان ھەمدە پامىر باغرىدا شات كۈلگىلى كەلدىم.

## مۇۋەششەھ

راباپ چالغان قولۇڭ، ئەي ماھى تەلئەت، تالمىسۇن ھەرگىز.
پەلەك باشىڭغا غەم، قەلبىڭگە قايغۇ سالمىسۇن ھەرگىز.
يۇغۇرمىش تۇپراغىڭنى تەڭرىمىز سەنئەت سۈيى بىرلەن،
قازا ئىلگى بۇ سەنئەتنى دىلىڭدىن ئالمىسۇن ھەرگىز.
ھەقىقەت تارىنى ئەرك كۈيىگە سازلاپ تەرەننۇم قىل،
مۇھەببەت ئەھلى بۇ كۈيدىن بۆلەكنى چالمىسۇن ھەرگىز.
ئاۋازىڭدىن بولۇپ خۇشنۇد، گۈزەل ئىلھاملىرىڭ تىڭلاپ،
ئوزۇقلانسۇن، سۆيۈنسۇن روھى غەمكىن قالمىسۇن ھەرگىز.
ناۋا چەككەندە بۇلبۇللار ۋەتەن باغىدا تاشقىندەك
راۋابىڭ بىرلە قىل دەمسازلىغ، تارقالمىسۇن ھەرگىز.

# شېئىرلار

### ياسىنجان ئىبراھىم

## كۆڭلۈمگە...

گۈل ئۆزۈشكە قىستىما كۆڭۈل، ئۆزسەم ئەگەر مەيلىڭگە بېقىپ،
گۈل ئۆزۈشكە بارمايدۇ قولۇم. پاك ۋىجدانىغا بولمامدۇ زۇلۇم.

گۈل ئۈزۈشكە قىستىما كۆڭۈل،
چۈنكى ئەجرىم سىڭمىدى ئاڭا.
تۆكۈپ ساپ تەر ئۆز ئەجرىم بىلەن،
گۈل ئۈندۈرۈپ ئۈزۈش خاس ماڭا.

## تەشۋىشىم

ئۆلەر ئىنسان، ئۆلمەيدۇ يىللار،
ھەممىسىدىن قالىدۇ جاھان.
شۇ چاغدىمۇ ھايات كارۋىنى
توختىماستىن ماڭىدۇ راۋان.

بۇ ئالەمدە ياشىشىم چەكلىك،
تەشۋىشىم يوق ئاخىر ئۆلۈشتىن.
بار تەشۋىشىم ئەجرىمدىن ئەلگە
بىرەر تۆھپە بەرمەي كېتىشتىن.

## غورا ۋە شېئىر

غورا پېتى ئۈزۈلسە مېۋە،
بولمايدىكەن ھېچ بىر لەززىتى.
پۇل دەپ ئۇنى بازارغا سالسا،
باققانلىقىمۇ قالماس ئىززىتى.

يېزىلسا گەر ھەرقانداق شېئىر،
ئىلھامسىزلا قەلەم زورىدىن،
نە قىممىتى، نە پەرقى بولسۇن،
لەززەتسىز شۇ ئاچچىق غورىدىن؟

## قوغۇن يېگەندە

يىدىم تىلىپ ئىشتىھا بىلەن
ئاق ناۋاتتىن كەلتۈرۈپ بىرنى.
بارىكاللا، ئېيتتىم شۇ ھامان،
تاتلىقلىقى يارغاچقا تىلنى.

نە خىسلەت بۇ ئۇندىكى بال تەم،
قوغۇنچى، ساپ تۆككەن تەرمىدۇ؟
ياكى يىلتىز پىلەكلەر بىلەن
يەر باغرىدىن چەققان تەممىدۇ؟!...

## يوپۇرماق ۋە مېۋىگە...

يوپۇرماق ماختىنىپ دېدى: «مەن زىبا،
مەنسىز ھېچ كۆچەتنىڭ بولماس زىننىتى.»
مېۋىمۇ تالىشىپ دېدى: «مەن ھەسەل،—
مەنسىز ھېچ كۆچەتنىڭ بولماس قىممىتى،—
مەن دېدىم،— سىلەرگە — ياردۇر بۇ خىسلەت،
يىلتىز ۋە تۇپراقنىڭ بولغاچ ھىممىتى.»

# ئىككى شېئىر

قېيۇم سوپى

## ئۈمىت ۋە مۇھەببەت

ئىنساندا بولسا گەر ئۈمىت، مۇھەببەت،
پۈتۈلەر جىسمىغا مۇستەھكەم قانات.
قانچە غەم كەلسىمۇ سېزەر شاتلىقنى،
ئۇنىڭغا مەنىلىك تۇيۇلار ھايات.

ئەزەلدىن ئۈمىتۋار يىگىت ئىدىمەن،
ياناتتى شۇ ئۈمىت قەلبىم تۆرىدە.
ئۈمىت ۋە مۇھەببەت ئىككىسى بىر شاخ،
كۆلگۈنچەك غۇنچىلار تولغان بەرگىدە.

ئۈگەتتى ياشاشنى ئۈمىت، مۇھەببەت،
ئۈگەتتى كۈرەشنى، ئادەم بولۇشنى.

چىدام ۋە غەيرەتنىڭ بۇلىقى بولۇپ،
ئۈگەتتى گىگانت قەسىر قۇرۇشنى.

ئۈمىدىم، غايەمدۇر — نۇرلۇق كەلگۈسى،
ئۈندەيدۇ ئۇ مېنى هامان ئۆرلەشكە.
كېلىچەك گۈلگە تالىق مۇھەببەت،
بۇ ئىشق ئۈندەيدۇ مېنى كۈرەشكە.

## كەسمە، يىگىت

قولۇڭدا پالتا ئورمانچى يىگىت،
نىشانەڭ بولدى ياش بىر قارىغاي.
كەلدىڭ قېشىغا ئۇنىڭ غولىغا،
ئۇردۇڭ پالتىنى ئۆزەڭ پايلىماي.

كەتتى ئاشۇ تاپ يۇمران شاخلار
نالە قىلغاندەك تىترەپ ـ سىلكىنىپ.
مەنمۇ ئۆزەمنى قالدىم باسالماي،
بەدىنىم گوياكى كەتتى شۈركىنىپ.

بولدى بەس، دوستۇم!
هاي بەر ئۆزەڭگە.
شۇ ياش نوتىغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن.

ئۇمۇ هەم باشقا دەرەخ قاتارى
يىلتىزلار سۈرۈپ ئۆسسۇن ـ ئاينىسۇن!

ئۇمۇ سېنىڭدەك ياش بىر نوتىغۇ،
بارغۇ ئۇنىڭمۇ قانچىلاپ پەسلى....
ئون گۈلنىڭ بىرى كۆلمىگەن،
ئۇمۇ سېنىڭدەك هاياتلىق نەسلى.

سېنىڭ بىلەن تەڭ ئۆسۈپ قارغايمۇ،
باراخسان بولۇپ كۆكنى قۇچاغلار.
ئەنە شۇندا سېنىڭ پالتاڭنى
كۆلكە ئىچرە ئۇ كۈتۈپ ئالار....

# چېچەك

### ئىسلام سادىق

ئەپسۇس ئەيلەپ مۇڭلانما، دوستۇم،
هەر باھاردا تۆكۈلسە چېچەك.
بەرگىلەردە قالىدۇ مېۋە،
مېۋىلەرگە تولىدۇ ئېتەك.

تەبىئەتنىڭ قانۇنى شۇنداق
گۈل تۆكۈلسە قالىدۇ مېۋە.

گەر ھۆسنىدىن كەتسە يېشىللىق،
گۆھەر ئاشلىق بولىدۇ دۆۋە.

هاياتىممۇ ئوخشايدۇ شۇڭا،
قونسا قىرو بولىمەن بەردەم.
چېچەكلەرگە تۆكۈلگەن تەردىن
ئەلگە مېۋە بېرىمەن هەردەم.

AltunOq

# ئىككى شېئىر

### زۇنۇن رەھىم

## ھەسەل ۋە ھەرە

بىر كۈنى ماختىنىپ ھەسەل ئۆزىچە،
كۆرەڭلەپ سۆزلەپتۇ تەمەننا قىلىپ.
تۇتىيا ھىساپلاپ ئۆزىنى گويا،
تەڭ قىلماي باشقىغا، ئەتىۋا بىلىپ:
ــ تاتلىقلار ئىچىدە مەرتىۋەم مېنىڭ
ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، باھايىم قىممەت.
كىشىلەر شۇنچىلىك قەدىرلەر مېنى،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭسىز تويى ۋە زىياپەت.

بۇ سۆزدىن كۈلۈپتۇ ھەسەل ھەرىسى
ۋە دەپتۇ: ــ ماختانما، ئېيتىپ يالغاننى.
مەن بولغاچ، سەن بولدۇڭ ئاتالدىڭ ھەسەل،
سۇ ئىچسەڭ ئۇنۇتما قۇدۇق قازغاننى.
يىغمىسام مەن ئەگەر گۈللەردىن شىرنە،
ئېيتىپ باق، سەن قانداق بولاتتىڭ ھاسىل؟!
بىلىپ قوي، سەن ئەسلى ئەجرى ـ مېھنەتنىڭ
مېۋىسى بولغاچقا، سانالدىڭ ئېسىل.

## زىننەت

زىننەتنىڭ جۇلالىق خىللىرى تولا،
ئۆزگە ھەركىمنى قىلىدۇ مەپتۇن.
ھەممىدىن ئەلادۇر قەلب زىننىتى،
ئۇ گويا نۇر چېچىپ تۇرغان زەر ـ ئالتۇن.

شۇڭلاشقا يۈزۈڭگە بەرگەن پەدازدىن،
قەلبىڭگە ھەل بەرگەن زىننەت ياخشىراق.
قەلبىڭدە ئېچىلسا خىسلەت گۈللىرى،
چاچىدۇ زېمىنگە مەڭگۈ خۇش پۇراق.

# ئادىمىدىن، سىڭلىم

### كامىل رەھىم

(كىتاب ئوقۇش تەسىراتى سۆزلەش يىغىنىدا تالانتلىق شائىرىمىز تەۋپىق ① نىڭ ھايات پائالىيىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى جانلىق، ھېسسىياتلىق سۆزلەپ، ياخشى نەتىجە قازانغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى نۇرىيەگە بېغىشلايمەن.)

چىقتى بىر قىز سەھنىگە جۇشتۇن قىياپەت ئىلكىدە،
يالقىنار ئوتلۇق مۇھەببەت، ئىپتىخارلىق چېھرىدە.

① تەۋپىق ــ ئاتۇشتا ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر شائىر ــ مەمتىلى ئەپەندى توختاجىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ، پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقىنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ، ئۆز ئىقتىسادى بىلەن پەننى مەكتەپ ئېچىپ، بىر مۇنچە شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن؛ جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ، ۋەتەننى، خەلقنى كۈيلىگەن. 1936 - يىلى جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن.

باشلىدى ئۇ سۆزنى تەۋپىق ئوت يۈرەك شائىرىمىز
ئەل، ۋەتەن ئىشقىدا كۆيگەن زاتىمىزنىڭ ئۈستىدە.
بەردى ئۇ: «تەۋپىق ئۆزى كىم، نە ئۈچۈن پەن ئاشىقى؟
نە ئۈچۈن ماڭدى ۋەتەن دەپ جەڭ - كۈرەشنىڭ سېپىدە؟
نە ئۈچۈن مەكتەپنى ئاچتى، نە ئۈچۈن يازدى نەزىم؟
نە ئۈچۈن ئۆمرى سىرتتا ئۆتتى خورلۇق ئىچىدە؟
نە ئۈچۈن ئۆچمەيدۇ تەۋپىق چولپىنى بۈگۈن يەنە؟...»
دەپ سوئال قويدى خىتابەن، كۆز تىكىپ ئۇ ھەممىگە.
سۆزلىرى يالقۇن ئۇنىڭ گوياكى چاقماقنىڭ ئۆزى،
جۇت - بۇلۇت كۆكسىنى تىلغاپ يالتىرار نۇر كۆزىدە.
ھەر قېتىم ئالغاندا تىلغا شۇ ئۇلۇغ زات نامىنى
سۆيۈنۈپ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئاقىدۇ ياش سېپىدە.
دەيدۇ ئۇ: «تەۋپىق ئاتام، شان - شۆھرىتىم، تاجىم مېنىڭ.
تاپتى پەرۋىش قانچە كۆچەت ئۇنىڭ ئەمگەك - مېھرىدە»
نە دېگەن ئوتلۇق مۇھەببەت بۇ ئۆزى بىر قىز ئۈچۈن
بىر ۋەتەنپەرۋەرنى كۈتمەك قەلبىنىڭ ئەڭ تۆرىدە.
سۆرىساڭ، دوستۇم، بۇ قىز سۆيگۈنى نەدىن ئالدى، دەپ
مەن دېگەيمەن ئۇ ئۆزى ئەجدادىمىزنىڭ نەسلى - دە!
چۈنكى ئۇ، ئۈستى ئۇلۇغ جۇڭگوۋا ئىلمىدە پاك، تېمەن،
لىق ئىرۇر ۋىجدان، غورۇر، ھۆرمەت، مۇھەببەت قەلبىدە.
ئاپىرىن، سېڭلىم ساڭا مىليون يۈرەكتىن ئاپىرىن!
ئاپىرىن دېمەس ساڭا كىم بولسا ۋىجدان جىسمىدە.
سۆزلىگىن، سۆزلە ئەبەتكە نەسلىمىز تارىخىنى،
چاقنىسۇن نۇرلۇق قۇياشتەك يەتتە ئىقلىم كۆكىدە.
سۆزلىرىڭ قىلسۇن مۇجەسسەم پەن - ئىلىم، بىرلىكنى چىڭ،
قالمىسۇن خەلقىم نادانلىقنىڭ قاراڭغۇ چۆلىدە.

## كىتابخانلاردىن خەت

# «قارا ۋە ئاق» داستانىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان يولداش ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «قارا ۋە ئاق» داستانى ئەدەبىياتىمىزنىڭ سانائەت تېمىسى بويىچە بارلىققا كەلگەن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەندە خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. تۆۋەندە بۇ داستان ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىمنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

داستاننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى — كان ئىشچىسى تەلئەت ئوبرازى ئارقىلىق، سانائەت سېپىدە ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇۋاتقان ئىشچىلار سىنىپىغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇشتىن ئىبارەت. ئەسەرگە سىڭدۈرۈلگەن بۇ خىل چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئاكتۇئال ئىدىيىۋى مەزمۇن يالىڭاچ ۋە قۇرۇق-قۇرۇقلا بايان قىلىنماستىن، بەلكى ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ۋەقەلىك ۋە خېلى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە تىپىك بەدىئىي ئوبراز ھەم كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. يۇقۇرقىلار ئەدەبىي تۈرلەرنىڭ ئېپىك ژانىرلىرىدا، بولۇپمۇ، يىرىك ژانىر ھېسابلىنىدىغان داستاندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئامىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دىراماتىك توقۇنۇشنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە تۇتىدىغان ئورنىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. توقۇنۇش — زىددىيەت دېمەكتۇر. بۇ زىددىيەت جەمئىيەتتىكى ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، ئاڭلىقلىق بىلەن ئاڭسىزلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ زىددىيەت جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگانلىرىدىن تاكى ئەڭ چەت بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغىچە، ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەقەلەردىن تاكى ئەڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇغىچە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت چوقۇم بۇ زىددىيەتلەرنى ئۆزىدە كونكرېتلاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان دىراماتىك توقۇنۇش ھەرگىزمۇ چىنلىق قانۇنىيىتىگە مۇخالىپ ساختا، ئويدۇرما، ماھىيەتسىز توقۇنۇش بولماستىن، بەلكى تەپەككۇر مەنتىقىسىگە، چىنلىق قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن توقۇنۇشتۇر. ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇشۇنداق توقۇنۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن زىددىيەت ۋەقەلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن كەڭ بەدىئىي زېمىن ھازىرلايدۇ. بىز مۇشۇ نۇقتىدىن «قارا ۋە ئاق» داستانىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى دىراماتىك توقۇنۇشنىڭ ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ناھايىتى تەبىئىي شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاپتور پۈتۈن ئىشتىياقىنى كۆمۈرگە باغلاپ، كىيىملىرىگە، ھەتتا چىرايىغا قارا يۇقتۇرۇۋالغان خاكچى يىگىت تەلئەت بىلەن پۈتكۈل ئەزايى بەدىنى سۈتتەك ئاپپاق كەلگەن، قارىدىن ئۆلگۈدەك يىرگىنىدىغان قىز گۈلشەننىڭ

يەكشەنبە كۈنى تەلئەتنىڭ ئۆيىدە ئۇچراشقان چاغدىكى پىشخىلىك ھالەتلىرىنى چوڭقۇر سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ رېئاللىقىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ رېئاللىقنىڭ جەمئىيەتتىكى گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۈك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ «قارا ۋە ئاق» داستانىدىكى ئۇنۇملۇك بەدىئىي ئىپادىسى بولۇپ، بۇ خۇددى بىر تال قىزىل يىپتەك داستان ۋەقەلىكىنىڭ تۈگۈنىدىن باشلاپ، خاتىمىسىگىچە ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

بۇ زىددىيەتلىك تۈگۈن ئەسەردە كۈچلۈك ھېكايىچانلىققا ئىگە بولغان مۇكەممەل ۋەقەلىكنى شەكىللەندۈرگەن ۋە بۇ ۋەقەلىك تەلئەتنىڭ ئۆز كەسپىگە قىزغىن مۇھەببەت قويۇپ، خاڭنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش پائالىيىتى بىلەن ئۇنىڭ شەخسىي مۇھەببىتىگە ھەم تۇرمۇشىغا سىڭىشىپ كەتكەن. ئەسەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا بۇ ۋەقەلىك بىر پۈتۈن لىنىيە ھاسىل قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ دولقۇنسىمان، سەكرەتمە ھالەتتە بايان قىلىنىدۇ. بىز بۇ نۇقتىنى تەلئەتنىڭ بۇرغىلاش ماشىنىسىنى لايىھىلەپ، سىناقتا قويغانلىقى (1 - باپ)، تۇنجى قېتىملىق سىناقتا مەغلۇپ بولۇپ يارىلانغانلىقى (3 - باپ)، كېيىن تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققانلىقى (5 - باپ) دىن ئېنىق كۆرىۋالالايمىز. بۇنىڭدا ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ ئايرىملىقتىن ئالغاندا ئۆزگىرىشچانلىققا، ئومۇملۇقتىن ئالغاندا ئورگانىك ئىزچىللىققا ئىگە ئىكەنلىكى نامايەن بولىدۇ.

داستاننىڭ ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ئاساسەن، دىئالوگ ۋاستىسى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ، يەنى ئۇلار دىئالوگ ئارقىلىق بەزىدە ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئۆزى ياراتسا، بەزىدە باشقا پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن: بىز ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى تەلئەت ھەققىدە لەيلىنىڭ سادىققا:

«ئالايلۇق، تەلئەتنى دوست دەپ يۈرىسىز،
ئۇ نېچۈن خاڭغىلا تۆكۈلدۇ تەرنى؟
كۆمۈرنى ھىساپلاپ جاندىن ئەتىۋا،
خالايدۇ نىمىشقا قاپ - قارا يەرنى؟

ئۇ بىلەر ياشلىقنىڭ قەدرىنى ئوبدان،
ھەم بىلەر قەدرىنى تىلىغان ئىشنىڭ.
تونۇيالماي تەلئەتنى ئالىسىز ئۆلگە،
ئىزىدىن ماڭىسىز شۇنداق ئىشچىنىڭ.»

دېگەنلىكىدىن، سادىقنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا ئۆز قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى تەلئەتكە سېلىشتۇرۇپ ئېيتقان:

«قەدرىنى بىلگەچكە ھەر بىر مىنۇتنىڭ —
تەلئەتكە بىلىمىۇ بولدى يار - جانان.

ئالدىغا مۇھەببەت قويغاندا سىناق،
خاڭ ئۈچۈن بارنى ئەيلىدى قۇربان.»

دىگەن سۆزلىرىدىن تەلئەتنىڭ چەكسىز مۇھەببىتىنى ئۆز كەسپىگە بېغىشلىغان، ئۇ مېھنەتنى قەدىرلەيدىغان، چىداملىق، غايىلىك، يېڭى دەۋر ياشلىرى ئۈلگە قىلىشقا تېگىشلىك ئالىجاناپ خىسلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. ئۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن، ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، بارلىق زېھنىنى سەرپ قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، خاڭنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىر بۇرغىلاش ماشىنىسىنى ئۆزى لايىھىلەيدۇ، گەرچە دەسلەپكى سىناقتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇبىيەت ئالدىدا ئۈمىتسىزلىنىپ چېكىنمەستىن، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، قايتا - قايتا ئىزلىنىپ، ئاخىرى بۇرغىلاش ماشىنىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياساپ چىقىدۇ. لېكىن شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، تەلئەت تۇرمۇشقا قارىتا دەسلەپتە ناھايىتى يۈزەكى مۇئامىلە قىلغاچقا، نۇرغۇن قېتىم مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش ــ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈش يولى تۈپ - تۈز بولمايدۇ، بەلكى ئوڭۇشسىزلىقلار ئۇنىڭ ئالدىغا قىيىن بولغان تۇرمۇش سىنىقىنى قويىدۇ. ئۇ دەسلەپ گۈلشەننى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. لېكىن گۈلشەن ئۇنى خاڭ ئىشچىلىقىدىن يۆتكىلىپ، شەھەردە ئىشلەشكە دەۋەت قىلىدۇ، ھەتتا ئۆز ئاتىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ يۆتكىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولىدۇ. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا خاڭ ئىشچىسى بولۇپ كەلگەن تەلئەت بۇ مەسىلىدە ئىككىلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن رەنجىگەن گۈلشەن ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش قارارىغا كېلىدۇ. تەلئەت تۇنجى قېتىم بۇرغىلاش ماشىنىسى ئۈستىدە جىددى سىناق ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، گۈلشەننىڭ جۇدالىشىش ھەققىدە يازغان خېتىنىڭ يانچۇقىدىن قولىغا چىقىپ قېلىشى بىلەن ئۆز خۇدىنى يوقىتىپ، بىخەستەلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن خەتەرگە يولۇقىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ دەسلەپتە كىشىلىك ھاياتقا بەكمۇ ئۈزە قارىغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئىدى. لېكىن ئۇ ئالغا بېسىشقا، ئۆز سەۋەنلىكلىرىنى تۈزىتىشكە ھەركەت قىلىدۇ. ئەڭ خەۋپلىك ئەھۋال ئاستىدا ئۇ دوختۇر قىز لەيلىنىڭ ساداقىتىگە، مېھرىۋانلىقىغا ئېرىشىپ، لەيلى بىلەن گۈلشەننى ئوبدان تونۇپ يېتىپ، لەيلىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. تەلئەت تۇرمۇش سىنىقىنىڭ تاۋلىشى بىلەن تۇرمۇشقا شەكىلەن، ساددە قاراشتىن، ماھىيەتلىك قاراشقا ئۆتىدۇ. تەلئەتنىڭ بۇ خىل ھايات مۇساپىسى ئۇنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىدە پەلەمپەيلىك رول ئوينىغان. بىز داستاندىكى بۇ مەزمۇنلارنى كۆپىنچە تەلئەتنىڭ ئۆز خىيالىدىن، ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە يېزىلغان سۆزلەردىن ھەم سادىقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قايىللىق ھېسسىياتىدىن چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

مىشچان قىز گۈلشەننىڭ تىلىدىن بېرىلگەن:

«قاش دىگەن ھە، مانا مۇنداق بولىدۇ،
يىگىتنىڭ ھۆسنىگە لايىق قاپ - قارا.
چاچلىرى پاقىراق ھەمدە قويۇقكەن،
كۆزلىرى چوغ سۈپەت چاقناركەن گويا.

AltunOq

سېمىزمۇ، ئورۇقمۇ ئەمەسكەن قەددى،
ئۆڭمۇ، ھەي ئىست، بولسىچۇ ئاپپاق.
بۆز كىيىم كىيگىنى قامىلاشمىغان ئىش،
پۇتىغا كەيسىچۇ ئوبدانراق ئاياق...»

دىگەن مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا تەلئەتنىڭ قەددى - قامىتى، بەدەن قۇرۇلۇشى، چىراي شەكلى ۋە ئاددى - ساددا تۇرمۇش ئادىتى روشەن گەۋدىلىنىدۇ؛ بۇ مىسرالارنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يەنە كىشىلەرنىڭ سىرتىغا قاراپلا باھا بېرىدىغان ئۆزىمە كۆڭۈل، ياسانچۇق، تاشقى گۈزەللىك مەستانىسى گۈلشەن ئۆزىنىڭ خۇنۇك ئىچكى دۇنياسى، ھاياتقا بولغان ساددا قارىشى، گۈزەللىك ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچە ۋە ئۆلچەملىرى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. گۈلشەن پىسخىكىسىدىكى بۇ خىل ھالەت ئۇنىڭ تەلئەت بىلەن بولغان مۇھەببەت مەسىلىسىدە ئىختىلاپ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يەنى تەلئەت بىلەن گۈلشەن ئوتتۇرىسىدا كىشىلىك تۇرمۇش، غايە، مۇھەببەت... قاتارلىق كۆزقاراشلاردا تۈپتىن ئوخشاشمايدىغانلار مەۋجۇت بولغاچقا، شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرۈيدىغان بۇ قىز ئاخىرقى ھېساپتا گۈزەل غايىلىك، مۇستەھكەم ئىرادىلىك تەلئەتنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ بەدىئى سەھنىسىدە بىر - بىرىنى چەكلەيدىغان ھەم ئىلگىرى سۈرۈيدىغان 3 جۈپ ئوبرازنى ئەگەر قاتار قىلىپ تىزىدىغان بولساق: تەلئەت - سادىق، لەيلى - گۈلشەن، مۇزەپپەر كاۋجاڭ - ئالمىخان ئانىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ سەھنىگە چىقىشىمۇ بىرلا ۋاقىتتا بولمىغىنىدەك، ئاخىرىدا بىر تەرەپ قىلىنىشىمۇ بىرلا ۋاقىتتا بولمايدۇ، بۇلاردىن تەلئەت، لەيلى، مۇزەپپەر كاۋجاڭنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان قاراشلىرى، غايىلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، سادىق، گۈلشەن، ئالمىخان ئانىلار ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە سېلىشتۇرما قىلىنىدۇ، يەنى تەلئەتنىڭ ئۆز ئىشىغا بولغان كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقى، چىدامچانلىقى، مۇستەھكەم ئىرادىسى سادىقنىڭ ھورۇن، ئىرادىسىزلىكىگە؛ لەيلىنىڭ ساپ دىللىقى، كۆيۈمچانلىقى گۈلشەننىڭ ئۆزىمە كۆڭۈل، تۇرمۇشتا راھەت قوغلىشىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئالاھىدىلىكىگە؛ مۇزەپپەر كاۋجاڭنىڭ ئۆز ئوغلىغا قارىتا كۈچلۈك تەلەپچانلىقى، ئالمىخان ئانىنىڭ ئانىلارچە ساددا مېھرىۋانلىقىغا سېلىشتۇرۇلغان. بۇ ئوبرازلارنىڭ ئالدىنقىلىرى ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقىنى بەرپا قىلىشتا مۇقەررەر ھالدا كېيىنكىلىرىنى شەرت قىلىدۇ. كېيىنكىلەر بولسا ئالدىنقىلارنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈشتە بەلەي تاشلىق رول ئوينايدۇ. ئاپتور ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەرگىز زورلىمايدۇ ياكى نەزىرىدىن چەتتە قالدۇرمايدۇ. سادىق بىلەن ئالمىخان ئانا تەلئەت بىلەن مۇزەپپەر كاۋجاڭغا قايىل بولىدۇ (لەيلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇ ئارقىلىق ئىلغارلىقىقا ۋەكىللىك قىلغۇچى كۈچلەرنىڭ خاراكتېرى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىلىدۇ. تەلئەتنىڭ سىناقتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى بىلەن ئەسەر ئاخىرلىشىدۇ. ئاپتور ھەتتا پۈتۈن ئەسەردە كىتابخاننىڭ نەپرىتىنى قوزغايدىغان گۈلشەنگىمۇ ئاخىرىدا چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ كەلگۈسىگە ناھايىتى زور ئىشەنچ بىلەن قارايدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

داستاننىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا ئاپتورنىڭ قايناق

لېرىك ھىسسىياتلىرى سىڭدۇرۇلگەن، ئۇ لېرىكىنىڭ كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تەبىئەتتىكى بىر - بىرىگە تامامەن قارىمۇ - قارشى بولغان ئىككى خىل رەڭنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى كونكرېت ئوبرازلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە ئىچكى دۇنياسىغا تەدبىقلاپ ھەم ئۇلارنى ماھىرلىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ، كۆمۈر چاڭلىرىغا مىلىنىپ ئىشلەيدىغان مېھنەت ئىگىسىنىڭ قەلب پاكلىقى ۋە ئالىجاناپلىقىتا كىيىم - كېچەكلىرى ۋە زىننەت بويۇملىرىغىچە ھەممىسى ئاق بولغان سىرتقى گۈزەللىك مەستانىسى قەلبىدىن زور دەرىجىدە يۇقۇرى تۇرىدىغانلىقىنى جانلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن «قارا» نىڭ ماھىيىتى ئېچىلىپ، ئۇنىڭغىمۇ تېگىشلىك باھا بېرىلىدۇ. شۇنداقلا ھەقىقى «ئاق» نىڭ — پاكلىقنىڭ قەلب بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى داۋلى تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. مېنىڭچە، داستاننىڭ ئىستىتىك قىممىتى دەل مۇشۇ يەردە.

بۇ داستاندا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى خېلى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن. مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا، ئەدىبىي ئەسەردىكى گۈزەللىك پېرسوناژلار ئىچكى دۇنياسىنىڭ مۇمكىن قەدەر روشەن ئېچىپ بېرىلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. چۈنكى ئەدىبى ئەسەرلەرنىڭ مەركىزى — ئادەم. ئادەم بولغان ئىكەن، ئۇ چوقۇم تەجرىبىخانىدىكى، ئىسكىلىتلار، ساپال ھەيكەللەر ياكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان ماشىنا ئادەملەر بولماستىن، بەلكى جانلىق، ھەركەتچان ئادەملەر بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغان ئىكەن، مەلۇم زىددىيەتلەر تۇقۇنۇشىغا دۇچ كەلگەن ئادەم ھامان ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئىجابى ياكى سەلبى ئىپادىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىپادە ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئۇنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ پەرق ئارقىلىق ئۇنىڭ خاراكتېرى، ئىندىۋىدۇئاللىقى ئاشكارىلىنىدۇ. بىز مۇشۇ ئۆلچەم بىلەن «قارا ۋە ئاق» داستانىغا قارىساق، داستاندا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ياكى باشقا پېرسوناژلار بىلەن بولغان مۇئامىلە - مۇناسىۋەتلىرىدە، ياكى ئۆزىنىڭ ئوي - خىيال مونولوگلىرىدا ئىپادىلەنگەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن، گۈلشەننىڭ نامرات ئىچكى دۇنياسى تەلئەتنىڭ سىرتقى تەققى - تۇرقىغا قاراپ بەرگەن باھالىرىدا، قايناق شەھەر تۇرمۇشىنى كوز - كوز قىلىپ تەلئەتكە يازغان خەتلىرىدە ئىپادىلەنسە، سادىقنىڭ ھورۇنلۇقى، ئېغىر مېھنەتتىن قاچىدىغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى يارىماس قىلىقلىرى لەيلىدىن يالغان كېسەللىك ئىسپراپكىسى ئېلىش ۋاقتىدا ئېيتقان:

«بۇنچىلىك تاش چىشلەپ تۇرمىڭا لەيلى،
گەر ئېيتسام، راست گېپىم سىزنى ئۆز بىلىپ،
يۈرەيمۇ يەتتە قات يەرنىڭ تەكتىدە،
ھەر كۈنى قاپ - قارا چاڭغا مىلىنىپ.»

دىگەن سۆزلىرىدە ئىپادىلەنسە، لەيلىنىڭ تارتىنچاق ھەم جۈرئەتسىزلىكى:

«ئۇنداقتا تەلئەتكە بولمامدۇ ئۇۋال؟
زېھنىمۇ چېچىلىپ توختامدۇ سىناق؟

«ھەي گۈلشەن!» دىدى - دە، نەپرەت بىلەن ئۇ
سۆزلىشىپ كۆرەيچۇ تەلئەت ئۇچۇن؟ —
ياق.»

دىگەن بېشىك تەسۋىردە ئىپادىلىنىدۇ. تەلئەت قەلبىنىڭ مۇھەببەت سەھنىسىدىكى ئىككى خىل
كۈرەش، ئۇنىڭ ئۆز ئىشىغا بولغان تونۇشى قاتارلىقلاردىمۇ ئۇنىڭ پىسخىكىسىنى ئېچىپ
بېرىش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر تېپىلىدۇ. شائىرنىڭ داستاندىكى قەھرى-
مانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھەممىسى ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ، ئۆز سالاھى-
يىتى بويىچە پىكىر - مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزىدۇ. بۇ ھال ئەسەرنىڭ چىنلىق قىممىتىنى تېخىمۇ
ئاشۇرغان.
ئۇندىن باشقا، بۇ داستاندا يەنە پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يارىتىش ئۇچۇن،
بەزى قىستۇرما ئېپىزوتلار، مەنزىرە تەسۋىرلىرى بېرىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭمۇ ئەسەرنى ناتۇ-
رالىستىك خاھىشتىن خالى قىلىشتا بەلگىلىك رولى بار.
ئومۇمەن ئالغاندا، «قارا ۋە ئاق» داستانى چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنى، يېڭى ۋە ئاك-
تىۋئال تېمىسى، بەدىئى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئىستېتىك قىممىتى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ سانا-
ئەت تېمىسى بويىچە بارلىققا كەلگەن بىر يېڭى مېۋىسى ھىسابلىنىدۇ.
ئابدۇللا مەتقۇربان.

## ئېفېمىزىم ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرەيلى

ھازىر يېزىقچىلىق ساھەسىدە بەزى قوپال، يىرىك سۆزلەرنى توغرىدىن - توغرا ئىشلە-
تىش ئەھۋالى خېلى ئېغىر. مىللى ئەدەبىياتىمىز كۆندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر
تارىخىي شارائىتتا، بۇنداق قوپال، يىرىك سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى، مىللى ئەدەبىياتىمىزنىڭ
تىل گۈزەللىكىگە ۋە سىلىقلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ.
يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بۇ خىل سۆز قوپاللىقى ۋە سۆز يىرىكلىكى مەسىلىسىنى ئېفېمىزىم
ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا ئېفېمىزىم دىگەن نىمە؟ ئېفېمىزىم
لاتىنچە سۆز بولۇپ — ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى: سىلىقلىتىشتىن ئىبارەت. دىمەك، توغرىدىن-
توغرا ئېيتىشقا بولمايدىغان، بىۋاستە ئېيتىشقا ئەپسىز، قوپال سۆزلەرنى ئەگىتىپ، سىلىقلاشتۇ-
رۇپ ئېيتىش - ئېفېمىزىم ئۇسۇلى دىيىلىدۇ. بەزىبىر ئوي - پىكىرلەرنى توغرىدىن - توغرا ئېيى-
تىش كىتاپخانلارغا قوپال، بىئەپ تۇيۇلسا، ئۇ ھالدا سۆزنى سىلىقلاشتۇرۇپ، ئەگىتىپ ئېيى-
تىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر يېزىقچىلىق ساھەمىزدە «چىشقىلى كەتتى»، «قىزنى ئەرگە بې-
رىپتۇ»، «تۇغۇپتۇ»، «ئۆلۈپتۇ»، «ئوغلىغا خوتۇن ئېلىپ بېرىدىغان ۋاق بوپتۇ»، «قىزنى
ئەرگە بېرىدىغان چاغ بوپتۇ...» دىگەنگە ئوخشاش قوپال سۆز - جۈملەر ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. يۇ-
قۇرىدىكى «چىشقىلى كەتتى» دىگەن جۈملىنى «سىرتقا چىقىپ كەتتى»، «ھاجەتخانىغا كەتتى»
دىگەن جۈملەر ئارقىلىق؛ «قىزنى ئەرگە بېرىپتۇ» دىگەن جۈملىنى «قىزنى ياتلىق قىپتۇ»،

«قىزنى تالالىق قىپتۇ» دېگەن جۈملىلەر ئارقىلىق؛ «تۇغۇپتۇ» دېگەن سۆزنى «يەڭگىپتۇ»، «بوشىنىپتۇ»، «كۆزى يورۇپتۇ» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق؛ «ئۆلۈپتۇ» دېگەن سۆزنى «ۋاپات بوپتۇ»، «كۆز يۇمۇپتۇ»، «پانى ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق؛ «خوتۇنى» دېگەن سۆزنى «ئايالى»، «يولدىشى» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق؛ «ئوغلىغا خوتۇن ئېلىپ بېرىدىغان ۋاق بوپتۇ» دېگەن جۈملىنى «ئوغلى بالاغەتكە يېتىپتۇ»، «ئوغلىنى ئۆيلەپ قويىدىغان چاغ بوپتۇ» دېگەن جۈملىلەر ئارقىلىق؛ «قىزنى ئەرگە بېرىدىغان ۋاق بوپتۇ» دېگەن جۈملىنى «قىزى بويىغا يېتىپتۇ»، «قىزنى ياتلىق قىلىدىغان چاغ بوپتۇ»، «قىزنى تالالىق قىلىدىغان ۋاق بوپتۇ» دېگەن جۈملىلەر ئارقىلىق سىلىقلاشتۇرۇپ ئېيتىش تامامەن مۇمكىنغۇ؟ شەك شۈبھىسىزكى، ئاۋالقى قوپال، بىسەپ سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئورنىغا كېيىنكى سىلىق، يېقىملىق سۆز-جۈملىلەر ئىشلىتىلسە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تىل گۈزەللىكى ۋە بەدىئىلىكى جەزمەن ئاشىدۇ.

ئېفېمىزىم ئۇسۇلىنى پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەردىلا قوللىنىشقا بولىدۇ، سىياسى-نەزەرىيىۋى ماقالىلاردا قوللىنىشقا بولمايدۇ، چۈنكى سىياسى-نەزەرىيىۋى ماقالىلاردا ئاپتورنىڭ مەيدانى قەتئىي، پايرىقى روشەن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇرەسسەچىلىككە يول قويۇلمايدۇ. بىز ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا ئېفېمىزىم ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز لازىم.

پەرھات مەھەممەت.

## «ئىجارە ھەققى» ھېكايىسى توغرىسىدا

«تارىم» ژورنىلىنىڭ 1983-يىللىق 7-سانىدا ئېلان قىلىنغان ئالىمجان ئىسمايىلىنىڭ «ئىجارە ھەققى» ناملىق ھېكايىسى سيۇژىتىنىڭ قىزىقارلىقلىقى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ بىرقەدەر جانلىق يارىتىلغانلىقى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ئاپتور بۇ ھېكايىسىدا ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئالىجاناپلىق بىلەن پەسكەشلىك، ئادىللىق بىلەن ساختىلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە ئالىجاناپ ئەخلاقىي-پەزىلەت تۇرمۇشىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، ئۇ ھامان ھەرقانداق پەسكەشلىك ۋە رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. «ئىجارە ھەققى» ناملىق ھېكايىدا ھەققانىيەتنى ياقىلايدىغان، كۆز ئالدىدىكى كىچىك-كىنە شەخسى مەنپەئەتنى ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ئوقۇتقۇچى «مەن» بىلەن شەخسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان جەننەتخاندىن ئىبارەت جانلىق پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، كوممۇنىستىك ئەخلاقىي-پەزىلەتنىڭ بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكى ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقى قىزغىن مەدھىيە ئوقۇلغان.

ئەدەبىيات ئادەمشۇناسلىق ئىلمى بولغاچقا، ئۇنىڭدا جەزمەن ئادەمگە خاس خاراكتېر يارىتىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ جانلىقلىقتا ھەم قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ. بىزگە مەلۇم، تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئادەم تەشكىل قىلىدۇ، ئادەمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بولسا خاراكتېر تەشكىل قىلىدۇ. پېرسوناژ يارىتىشنىڭ مەركىزى ھالقىسى خاراكتېرنى

تەسۋىرلەشتە. «ئىجارە ھەققى» ھېكايىسىنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيىتىمۇ ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ بىرقەدەر جانلىق خاراكتېرغا ئىگە قىلىپ يارىتىلغانلىقىدا.

ھېكايىدىكى ئاساسىي پېرسوناژ جەننەتخان كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نوقۇل ھالدا ئۆز پايدىسى ئۈستىگە قۇرىدىغان، پەقەت باشقىلاردىن نەپ ئېلىشنىلا كۆزلەيدىغان ئىنتايىن شەخسىيەتچى ئايال. ئۇ بىرەر كىشى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتا ئەڭ ئاۋۋال شۇ كىشىدىن ئۆزىگە قانچىلىك نەپ تېگىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىدۇ. مەلۇم مەكتەپكە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچى «مەن» مەكتەپتە دەرھاللا ئۆي ھەل قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، جەننەتخانلارنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئارتۇق ئۆيىنى ۋاقىتىنچە ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرماقچى بولغاندا، جەننەتخان ئۆزىگە خوشنا بولىدىغان «مەن» نىڭ ئۆز قىزى ئوقۇيدىغان مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغانلىقى، يەنە كېلىپ مىللىي كادىرلارنىڭ سىنىپ مەسئۇلى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆيىنى «مەن» گە بېرىپ تۇرۇشقا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قوشۇلىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىت دەل مىللىي كادىرلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئالدىدا تۇرغان مەزگىلى بولۇپ، جەننەتخان «مەن» ۋاقىتلىق ئۆي قىيىنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن بۇ پۇرسەتتىن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، چوڭ بىر مەقسەتكە يېتىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ، ئۆي توغرىلىق كەلگەن مېھمانلارغا ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن ئۆز كۆڭلىنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

«— ئەمدى بۇياق قىزىمىزنىڭ مۇئەللىمى ئىكەن...»، «— نېمە دەيتتۇق، بىزغۇ ياخشىنى كۆرسەك چىنىمىز كۆكلەيدىغان، ساۋاپنى سېتىۋالىدىغان ئادەملەر، بىكار تۇرسىمۇ تۇرىدۇ، ھەر قايسىلىرىنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقا پېتىنالمايمىز - دە....» جەننەتخان بۇ يەردە ئۆزىنى ناھايىتى مېھرىۋان، ئادىمگەرچىلىكى كۈچلۈك كىشى قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

«— خوش،... — دېدى كېرەم زاپخوز ئۆي ئىگىلىرىگە قاراپ، — ئىجارىسىنى بىر نەرسە دېيىشىپ باقىلىمۇ؟

— ۋاي - ۋۇي ... نېمە دەۋاتىدىلا؟ — دېدى جەننەتخان كۈلۈپ، — بىسمىللا دېمەي نېمە ئىجارە ھەققى،... سەتلەشمەي، قويسىلا بۇ گەپنى.» جەننەتخان ئۆي ئىجارىسى ئېلىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، «— بۇ تۇرقىدا خوشنا بولالمىغۇدەكمىز، راست... سىلە قىزىمنىڭ ئۇستازى، ئۇنىڭغا بىلىم بېرىۋاتقان تۇرساڭلار بىز ئىككى ئېغىزلىق ئەسكى ئۆيگە سىلەردىن ھەق ئالساق توغرا كېلەرمۇ؟»

شۇنداق قىلىپ ئۇ «مەن» گە ناھايىتى «سېخىيلىق» بىلەن ئىشپات كۆرسىتىپ ئۆزىگە خوشنا قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ «مەن» گە بولغان بۇ خىل مۇئامىلىسى ماھىيەتتە، قىزىغا بىلىم بېرىۋاتقان ئۇستازغا نىسبەتەن قىلىنغان ھەقىقىي ھۆرمەت ۋە ئادىمگەرچىلىك بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ كېيىنراپ كەتكەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، قىزىنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشىگە «مەن» دىن كاپالەت تەلەپ قىلىش ئىدى. شۇڭلاشقا «مەن» جەننەتخانلارنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، جەننەتخان قىزىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا باغلايدۇ، ئۇنىڭ قىزى مىللىي كادىرلار بولسا مەكتەپتە تىرىشىپ ئۆگەنمەيدۇ، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. نەتىجىدە، ئىمتىھان ۋاقتىدا بىرەر سوئالغىمۇ تۈزۈكرەك جاۋاپ بېرەلمەي، لاياقەتسىز بولۇپ چىقىدۇ. كۈتكەن ئۈمىدىنىڭ ئەبەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆرگەن جەننەتخاننىڭ ئىلگىرىكى سىلىق - سىپايە پوزىتسىيىسى بىردىنلا ئىنتايىن قوپاللىق ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن ئالمىشىدۇ: «— چىق، دېسە

AltunOq

ئېتىمۇ كېتىدۇ،... ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنى تۆلەپ چىقىپ كېتىشىلە،... ئايلىقى 30 سوم....» ئۇ «مەن» نى ئۆيدىن دەرھال كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇرلايدۇ، بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، خوشنىسى خەلچەمنىڭ قىزى جەمىلەنىڭ ئىمتىھاندىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تۇرالماي قالىدۇ ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۇلار ئۇستىدىنمۇ پىتنە-ئىغۋا توقۇيدۇ.

جەننەتخاننىڭ بۇنداق تېز ئۆزگۈرۈۋچان ھەركىتى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر مەنپەئەتىنىڭ مۇقەررەر راۋاجى بولۇپ، ئاپتور ھېكايىدا ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى يۇقۇرقىدەك دىئالوگ ۋە ھەركەتلەر ئارقىلىق چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.


دېمەك، ھېكايىدىكى جەننەتخان ئوبرازى رېئال تۇرمۇشتىن تاللىۋېلىنىپ، ئوبدان پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق يارىتىلغان بىرقەدەر جانلىق ھەم ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە ئوبراز بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، «مەن» گە تۇتقان ئۆزگۈرۈشچان پوزىتسىيىسى، خوشنىسى خەلچەمگە ۋە يولدىشى دۆمىن ئاخۇنغا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

ھېكايىدىكى يەنە بىر پېرسوناژ «مەن» سوتسىيالىستىك ئەخلاقىي پرىنسىپنى ئۆزىگە تۇرمۇش مىزانى قىلغان، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان ئادىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇ ھېكايىدا شەخسىيەتچى جەننەتخان بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلىنىدۇ. شەخسىيەتسىزلىك، ئادىللىق، ئالىجاناپلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ساغلاملىق، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمى ۋە كەلگۈسى مەنپەئەتىنى كۆزلەش، خەلق ئالدىدا، جەمئىيەت ئالدىدا كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچان بولۇش قاتارلىقلار جەمئىيىتىمىزنىڭ ئومۇمى ئەخلاقىي پرىنسىپى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى. «مەن» ئۆزىدە مۇشۇ خىل ساغلام پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەن ۋە ئۆزىنىڭ خەلق ئالدىدىكى شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن ھەقىقى خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ۋەكىلى. ئۇ، جەننەتخاننىڭ ھەرخىل ھىلە-مىكىر، بېسىملىرى ئالدىدا قىلچە ئىككىلەنمەي، باشتىن-ئاخىر پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ.

ھەممىمىزگە ئايانكى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى زور كۈچ بىلەن ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ئاتا-ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئالى بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ بىلىم ئېلىشىنى شۇنچە خالايدۇ ۋە كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى پەرزەنتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل گۈزەل ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ پايدىلىق شەرت-شارائىتىنى جاپالىق ئەجرە ۋە ھالال تەر ئارقىلىق ھازىرلىسا، ئەنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر خۇددى جەننەتخانغا ئوخشاش بەختنى ھالال مېھنەتتىن ئىزلىمەي، خام خىيالغا تاپشۇرىدۇ. بۇ ھېكايە دەل ئاشۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى بىر ئەينەك بولۇپ، بىزنى جەننەتخاندەك كىشىلەردىن ساۋاق ئېلىشقا ۋە ئۇلارغا تەنقىت-تەربىيە بېرىش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىشلارنى تۈگىتىپ، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋىتى ۋە كوممۇنىستىك خىسلەتنى تۇرغۇزۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئومۇمەن، «ئىجارە ھەققى» ھېكايىسى ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ساغلاملىقى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ بىرقەدەر روشەن يارىتىلىشى، ۋەقەلىكنىڭ قىزىقارلىق ھەم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى بىلەن كىتاپخانلارغا بىرقەدەر كۈچلۈك بەدىئى زوق بېغىشلايدۇ.

سارەم ئىبراھىم.




# مەسەل ۋە ھەجۋى شېئىرلار

جاپپار ئەمەت

## قېرى قاغىنىڭ جاۋابى

بىر كۈنى ئورماندا ئۇچرىشىپ ئۇدۇل،
سوراپتۇ قاغىدىن بىر سوئال بۇلبۇل:
— ئادەملەر كۆرسىمۇ سېنى بەك يامان،
يوقتىش كويىدا يۈرسىمۇ ھامان،
ياشاپسەن شۇنچە كۆپ، دۇنيادا سىجىل،
ئاڭلىسام، يۈز ياشقا كىرىپسەن بۇ يىل.
ياشاش تەجرىبەڭنى ئەيلىسەڭ ئىزھار،
بىزمۇ بىلىپ قالساق بۇ سىرنى زىنھار!
قاغا شاتلىغىدىن سايراپتۇ «قاق-قاق!»
ۋە دەپتۇ:
— قىزىقساڭ، تەجرىبەم مۇنداق:
كىم بولسا ئەگەردە قۇشلارغا باشلىق،
مەن ئاڭا قىلىمەن قۇللۇق، يۈۋاشلىق؛
ئوقۇيمەن شەنىگە ھەرچاغ مەدھىيە،
كەلتۈرمەي نامىغا قىلچە داغ-خىرە.
ماختايمەن پەلەككە كۆتىرىپ ئۇنى،
لاچىندەك ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ ئۇنى.
ماختاشتىن ياخشىلىق تاپمىغان كىم بار؟
خۇشامەت كۆڭلىگە ياقمىغان كىم بار؟
ئۇچراتسام بىراۋنىڭ كەمچىلىكىنى،
ئاچمايمەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سىرىنى.
مەيلى ئۇ ئاسماننى ئۆرۈپ تاشلىسۇن،
زېمىننى ئوڭ-تەتۈر چۆرۈپ تاشلىسۇن،
كارىم يوق بۇ ئىشتىن، پەرۋايىم پەلەك،
يامان ئىش، ياخشى ئىش مەن ئۈچۈن بىردەك.
دىگەندەك: «ئاقىللار ئايار ئۆزىنى»
قىلمايمەن ھېچ كىمنىڭ يامان سۆزىنى.
خۇشامەت ۋە ماختاش مېنىڭ ھۆنىرىم،
جان ساقلاش يولىدا چوڭ ئەڭگۈشتىرىم؛
ھەممىگە ياخشىچاق بولۇش غەرىزىم،
ئاڭلىساڭ، تەجرىبەم شۇدۇر ئەزىزىم!
شۇڭلاشقا ھەممىسى ئاسرايدۇ مېنى،
ئۆتكەزدىم خاتىرجەم شۇڭا يۈز يىلنى!

☆

خۇشامەت، ماختاشنى كەسىپ قىلغانلار
ياخشىچاق بولۇشنى تۈگىتەر قاچان؟
قاچان ئۆز كۈچىنى قىلار نامايىش
ئۇلارنىڭ قەلبىدە پىرىنسىپ، مىزان؟!

## بېلىجان ۋە قۇمچاق

بىر كۈنى قاتتىق يامغۇردىن كېيىن،
كۈن نۇرىغا چۆمۈلدى زېمىن.

ساسلىقتىكى كىچىك كۆلچەككە
بېلىجانلار يىغىلىپ بىردىن،
باشلىۋەتتى سەيلى - تاماشا،
پىلتىڭ ئېتىپ خوشاللىغىدىن.

قارا قۇمچاق سەكرىگەن پېتى،
يېتىپ كەلدى كۆلچەك بويىغا.
قوشۇلماق چۈن بېلىجانلارغا،
«چولتوك» قىلىپ سەكرىدى سۇغا.
ئۈمۈ ئەركىن كەتتى سۇ ئۈزۈپ،
بەزەن لەيلەپ، بەزىدە شۇڭغۇپ.
بېلىجانلار ئويناۋاتقاندا،
يېتىپ كەلدى بىر توپ باللار،
قوللىرىدا چويلا كۆتىرىپ،
چۇقان - سۈرەن سېلىپ يۈگۈرۈپ؛
كۆلچەكتىكى بېلىجانلارنى
ئوۋلاپ تۇتۇپ، ئويناماق بولۇپ.
ئۇلار سۇغا سالغاندا چويلا
كۆلچەك سۈيى كەتتى لايلىنىپ.
«شارت» ئۈزىنى ئالدى قىرغاقتا
قارا قۇمچاق چاقانلىق قىلىپ.
بىراق،
باللارنىڭ ئاياغ ئاستىدا
لايغا پېتىپ كەتتى دەسسىلىپ.

تۇتۇپ كەتتى بېلىجانلارنى
شوخ باللار سېۋەتكە سېلىپ.

بۇ ئىش ئۆتۈپ، پاتقاق تېگىدىن
قارا قۇمچاق چىقتى ئۆمىلەپ.
چۈشتى ئاستا كۆلچەك سۈيىگە،
ھوزۇر قىلدى ئويناپ - چۆگىلەپ.
لايلاپ كەتكەن كۆلچەك سۈيىدە
بىر بېلىجان ساق قالغان ئىدى.
كۆرۈپ شۇ چاغ قارا قۇمچاقنى:
— ئاداش قانداق ساق قالدىڭ؟ — دىدى.
— ياشاشنى مەن سۇدا، قۇرۇقتا
كىچىكىمدىن ئۆگەنگەن ئىدىم.
دەسسەلسەمۇ ئاياق ئاستىدا
ئۈن چىقىرىپ ۋايجان دىمىدىم.
تىرەم قىلىن ھەمدە يېپىشقاق،
بولغاچ پاتقاق رەڭگىدە مېنىڭ؛
چىڭ يېپىشىپ قارا پاتقاققا
ئامان - ئېسەن قالدى بۇ جېنىم.
دىدى قۇمچاق، كۈلدى مەغرۇر، شات،
ھۆنىرىدىن ماختىنىپ ھايھات!

☆

ئۆزگىرىشچان كىشىلەرمۇ بار،
شارائىتقا ماسلىشىپ ياشار.

## «ئا جۇيجاڭ»

ئىدارىدا ئىسمى ئۇنىڭ
«ئا جۇيجاڭ»دۇر ئەلۋەتتە.
ئاتىلىدۇ يەنە شۇنداق،
ھەتتاكى توي - مەشرەپتە.
«يولدىشىمەن، ئا جۇيجاڭنىڭ»
دەپ ماختىنار خوتۇنى،
باشلىقتىنمۇ يامانراقتۇر
تۇتسا ئۇنىڭ جۇدۇنى.
كىمنىڭ ئوغلى، دەپ سورساڭ
جاۋاپ بېرەر بالىسى:
«ئا جۇيجاڭنىڭ ئوغلى تۇرسام،
بىلمىگىنىڭ نىمىسى؟»
سىز كىم دىسە تېلېفوندا
«مەن ئاجۇيجاڭ، ھە...» دەيدۇ.
ئۇنىڭ ئىسمى زادى نىمە؟
كۆپ كىشىلەر بىلمەيدۇ.
چوڭ يىغىندا بولۇپ ئۆتكەن
بىر مىسالنى ئالايلى:

دىدى كاتىپ: «ئا جۇيجاڭنى
سۆزگە تەكلىپ قىلايلى!»
مەنمۇ بىر كۈن زىيارەتتە
ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇم.
«رەھبىرىمىز ئا جۇيجاڭ» دەپ
تونۇشتۇردى بىر دوستۇم:
— بۇ باشلىقنىڭ مىجەزىنى
چۈشەنمەيسىز سىز تېخى.
«ئابدۇللا» دەپ ئاتاپ قالماڭ،
ھەرگىز ئۇنىڭ ئىسمىنى.
بۇنداق ئاتاش ئوخشاش ئۇنى
ئۇرغان بىلەن بىر كاچات.
قاپاق تۈرۈپ كۆرسەتمەيدۇ
سىزگە ھەرگىز ئىلتىپات.
بۇنداق ئاتاش ھۆرمەتسىزلىك،
ھاكاۋۇرلۇق بەلگىسى.
دۇچار بولۇپ قالماڭ يەنە
بىر پىشكەلگە كەلگۈسى،—
دوستۇمنىڭ بۇ نەسىھىتى
ماڭا زادى ياقمىدى.
ئەزان چىللاپ قويغان ئىسىم
شۇنچە نومۇس، سەتمىدى؟

☆

مەنسەپ قوشۇپ بۇ ئاتاشنى
شۇنچە ياخشى، ساز دەمسىز؟
بۇ ئىسىمغا خۇشتارلارنى
تېخى بىزدە ئاز دەمسىز؟

## ئوغۇت ئېلىش

— خىمىيىۋى ئوغۇتنى بىز
تاپالمىدۇق، دېمەڭلا.
ھەل بولىدۇ سوغا ئېلىپ،
ئارقا ئىشىكتىن كىرسەڭلا.
چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ
بوغالتىرى كۆرەڭلەپ،
مېنى يېقىن دوست بىلگەچكە
ئۆز ئىشىدىن ئاچتى گەپ:
— ئىزلەپ يۈرۈپ ئاران تاپتىم
ئامبارچىنىڭ ئۆيىنى.
سېمىز پاخلان سوغا قىلىپ،
تەبرىكلىدىم تويىنى.
چارۋا - مالغا ئوت - چۆپ تېرىش
ئۈچۈن ئوغۇت كېرەك دەپ،
ئېلىپ چىقتىم ئاق ئوغۇتنى،
بەش تونىنغا پۇل تۆلەپ.
دېخانلارغا بىر قېپىنى
قىرىق يۈەندىن پۇللىدىم،
بىر باراۋەر پايدا ئېلىپ،
يانچۇغۇمنى تومىلدىم.
بىلسەڭ ئەگەر سەنمۇ دوستۇم،
پۇل تېپىشنىڭ يولىنى،
ئىشەنچلىك يۆلەك تېپىپ،
ئۇشلا ئۇنىڭ قولىنى.

☆

ئوغۇت نېچۈن بازاردا كۆپ،
دۇكاندا يوق، دېمەڭلا.
ئىشنىڭ يولى مانا شۇنداق،
ئامالىنى بىلسەڭلا.

## ئاشپۇزۇلدا

مەن كىرگەندە ئاشپۇزۇلغا
ئىچى شۇنچە سوغ ئىدى.
شىرەلەرنىڭ ھەممىسى بوش،
خېرىدارمۇ يوق ئىدى.

ئۇلتۇراتتى مەش تۈۋىدە
پاراڭلىشىپ ئۈچ ئايال.
«ئىش توغرىلىق مۇزاكىرە
قىلىشقاندۇر، ئېھتىمال»
دەپ ئويلۇدۇم، ئورۇن ئالدىم،
نەزەر سالدىم شىرەگە.
شۇنچە مەينەت شىرە ئۈستى،
بەلكى كۆز يوق كۆرەرگە.
—شىرەلەرنى سۈرتۈڭ، — دىسەم،
بىرسى كۈلۈپ سۆز قاتتى:
— ۋاقتىمىز يوق، — دىدى دەرھال
دەسمالىنى ئۇزاتتى.
— ئىچكىلى چاي بارمۇ، — دىسەم،
—قېنى، ئەنە، مەرھەمەت! —
دەپ كۆرسەتتى ساماۋەرنى،
قىلىپ ماڭا ئىشارەت.
ھەيران بولۇپ بۇ ئىشلارغا،
سەل ئۆزەمنى تۈزەتتىم.
تاماق ئۈچۈن كەستۈرۈلگەن
ئوردىرىمنى ئۇزاتتىم.
— تاماق ئالار جايىنى تېخى
كۆرمىدىمۇ كۆزىڭىز؟ —
دىدى بىرسى، — ئەنە تۆشۈك،
بېرىپ ئېلىڭ ئۆزىڭىز!

☆

بىلدىم شۇ چاغ ئاشپەزلىنىڭ
بۇ كارامەت سىرىنى.
شۇنىڭ ئۈچۈن تەزدۈرۈپتۇ
خېرىدارنىڭ بەرىنى.

## ھۆرمەت

«ھەي، مېنىڭ ئاتام قانداق ياخشى!» دەيسەن،
ھەر كۈنى ماختاپ تىلدىن چۈشۈرمەيسەن.
ئېيتقىنا، نىمە ئۈچۈن ئاناڭنى سەن
قىلچىمۇ كۆزگە ئىلماي، دۈشكىلەيسەن؟

سوئالغا جاۋاپ بېرىپ دىدى ھەسەن:

— بۇ ئىشنىڭ سىرىن تېخى چۈشەنمەيسەن.
شۇنچىلىك پىششىق، بېخىل ئاتام مېنىڭ،
رەت قىلار ھاراق ئۈچۈن پۇل بەر دىسەم...
ئاتامنىڭ مائاشى كۆپ، كۆڭلى يۇمشاق،
ئەرزىيدۇ شۇڭا ئۇنى ھۆرمەتلىسەم.

## بىر كېلىن

كەلگەندە ئۆز ئانىسى
بولدى شۇنچە پايپېتەك.
تولۇپ كەتتى داسقانغا
نازۇ - نېمەت، قەن - گېزەك.

كەلگەندە قېينانىسى
بىردىن ھاۋا تۇتۇلدى.
چىرايىدىن مۇز يېغىپ،
قاپاقلىرى تۈرۈلدى.

## «ساھىپخان»

### ئابدۇراخمان مامۇت

يۇقۇرىدىن باشلىقلار كېلىشىنى ئاڭلاپ،
«نۇقتىلىق ئۆي» ياساپ، قويۇلدى كارۋات.
يىپەكتىن پەردىلەر تارتىپ ئىشىككە،
دۇخاۋا يوتقانلار يىغىلدى قات - قات.

ئېشەكنىڭ ئېغىلى باشقىچە تۇستە،
ئوقۇردا جۇپ ئاتلار بىدە چاينايدۇ.
كاۋاپدان يېنىدا ئۆرۈك ئوتۇنى،
قازاندا بورداقنىڭ گۆشى قاينايدۇ.

دەرۋازا ئالدىدا تىراكتورمۇ بار،
هويلىدا ۋەلسىپىت تەييار قىلىنغان.
تال باراڭ ئاستىغا، سۇپا ئۈستىگە
ئوتقاشتەك چاقنىغان گىلەم سېلىنغان.

گۈكچىنىڭ مۇدىرى دەر ئاكا شۇنداق:
—ھەممىنى مېنىڭ دەڭ، قويماڭ چاندۇرۇپ،
سىزگىلا تەئەللۇق، قىلماڭ ئەندىشە،
ئالمايمىز ھەرگىزمۇ سىزدىن ياندۇرۇپ.

پىكاپلار توختىدى ئىشىك ئالدىدا،
شۇ كۈنى هويلىدا مېھمان قاينىدى.
«باي» بولغان دېخاننىڭ ئاغزىدىن ئۇلار
«باي بولۇش ھەققىدە» دوكلات ئاڭلىدى:

—بانكىدا قويغىنىم بىرمىڭ بەشيۈز يۈەن
تىراكتور، ئۇنئالغۇ، موتوچى ئالدىم.
ئوغلۇمنى ئۆيلىدىم بۇ يىل يېڭىدىن
دەرىزە-ئەينەكلىك ئىمارەت سالدىم....

ئارىلاپ سورالغان سوراققا دەرھال
«ساھىپخان» بېرەتتى چاندۇرماي جاۋاپ.
راستلىقتا تەستىقلار باشلىق بېشىنى،
ئۆي بىسات، ئاشلىق ھەم چارۋىنى ساناپ.

مېھمانلار ئۇزاشتى «نۇقتىلىق ئۆي»دىن،
كۆرگەنگە ئىشىنىپ شەھەرگە ماڭدى.
تىراكتور شۇ كۈنى يۆتكەپ بىساتنى
بۇ ئۆيدە بورداقنىڭ كاللىسى قالدى.

☆

مۇشۇنداق ئىستىل بار بەزى جايلاردا
شۆھرەت ۋە نام ئۈچۈن ئېپتىشار يالغان.
ئېيتىڭا، راست گەپنى، ئەي مۇدىر ئاكا،
كۆز بوياش ۋە ئالداش تۈگەيدۇ قاچان؟

# كۆكتاتلار مۇنازىرىسى

**ئابدۇسادىق قۇدرىتوللا**

كەلدى گۈلباھار — يىل ئىپتىداسى،
جاننى ئويغىتىپ ئىللىق ھاۋاسى.
ئۆرۈك چېچەكلەپ، ياشاردى كۆكات،
ئويغىنىپ زېمىن، قاينىدى ھايات.
شۇنداق بىر كۈنى تۈزۈلدى مەجلىس،
يىغىلدى كۆكتات زاتى ھەر جىنىس.
بازار مەيدانى ھەيۋەت ۋە ھەشەم،
كېلىپ كۆكتاتلار بولدى بۇندا جەم.
تۇرۇپچان پورەك، بەسەي قىرسال،
سامساقۋاي تەلۋە، زەدەك پەرىھال؛
پالەك قىزىلباش، پىياز يىغلاڭغۇ،
لازا ھەسەتخور، شىپالىق چامغۇر...

بار ئىدى ئۇندا ھەممىسى قېرى،
يوق ئىدى تېخى ياشتىن ھېچ بىرى.
كەلدى بىر چاغدا كۈدە سىكىلەك،
بېلىنى بوغۇپ، خۇددى ئەرتىستەك.
بوستان چېچىنى تالمۇ-تال تاراپ،
قويمىدى ھەتتا ھېچكىمگە قاراپ.
ناياقلاپ مېڭىپ ھەريان تولغىنىپ،
ئولتۇردى سەپنىڭ تۆرىگە كېلىپ.
بەسەي ئاقىرىپ دېدى: —ئەي كۈدە،
كۆرەڭلەپ كەتمە ئانچە بىھۇدە.
قاياقتىن كەلدىڭ، ئەي سېسىق مەينەت؟
نېچۈن قىلمايسەن چوڭلارغا ھۆرمەت؟

ھە، بىز ياشىدۇق قىش بويى مۇزلاپ،
ساقلىدى ھەتتا كوزىدا تۇزلاپ؛
شۈكرى، قىشلىدۇق ھەر ھالدا ئىمىن،
خالايىقلارنى قىلىپ بىز تەمىن.
ئۆزىن بىلمىگەن، ئەي ھارام-زادە،
زىمىستان كۆنلەر ئۇخلىدىڭ نەدە؟
زاتىڭ، سىپاتىڭ، ھالىڭدۇر نىچۈك؟
قېنى سۆزلىگىن، نادان«سېرىق تۈك!»
سەندىن نىمە نەپ كۆردى خالايىق،
تېرىپ پەرۋىرىش قىلغانغا لايىق؟

«خوش» دىدى كۆدە سۆزگە لەۋ ئېچىپ،
ئۆتكۈر، مېزىلىك ھىدىنى چېچىپ:
—ئىككى خىل بولۇر نەسلىمىز زاتى،
بىرى كوراسى①، بىرسى ناباتى②؛
قىش ئۇيقىمىزغا ماكاندۇر تۇپراق،
ھىچ ماكان يوقتۇر ئۇنىڭدىن خوپراق.
تۆنجى باھاردا ئويغىنادۇرمىز،
رەنجى كېسەلگە خوپ داۋادۇرمىز.
«يېشىل كۆك»دەيدۇ، ئەتىۋا بىلىپ،
پوشكال ياسايدۇ تۇخۇمغا چېلىپ.
تەبىئىتىمىز ھول-ئىسسىق مىزاج،
ئىرۇر بىر پۈتۈن لايىقى ئىلاج.
سېرىقتال چېغى ئۆلگۈرەمىز دەل،
نەپىمىز تولا كۆپتۇر بىمەسەل③.

ئاڭلاپ بۇ سۆزنى بەسەي ۋە تۇرۇپ،④
ھەيران-ھەس بولۇپ قېلىشتى تۇرۇپ.
پالەك سۆز قوشۇپ دىدى:
— ئەي بالام،
نادانسەن ھىلى، خىيالىڭمۇ خام.
بىز تۇرۇپ ساڭا نىمە ماختىنىش؟
«ماختانغان تويدا چاندۇرار»ئىمىش.

مېنى دىمىگىن زەئىپ قىزىلۋاش،
قىشتا ھەم يازدا تۇرىمەن ياپ-ياش.
ھەر داستىخاننىڭ باردۇر مېھمىنى،
ھەر چاغ، ھەر كىشى رەت قىلماس مېنى.
باھاردىن ئۆزگە ئىزلىمەس سېنى،
راست ئەمەسمۇ يا، ئېيتقىنا قېنى؟
تىۋىپلار مېنى دەيدۇ«ئىسپىناخ»⑤
ھەچبىر مىزاجغا ئەمەسمەن گۇستاخ⑥.
كۆكتاتلار ئارا مىزاجىمنى بىل،
ئىسسىق يا سوغاق ئەمەس، مۆتىدىل.
بەدەنلىرىمنىڭ ماددىسى تۆمۈر
قۇۋۋەت بېرۇرمەن ئەلگە بىر ئۆمۈر.
خاسىيىتىم كۆپ، قوقاقا داۋا،
زاتىل؛ كېزىك ...كە بىر ئۆزەم راۋا.
بوھران پەيتىدە بولۇرمەن كاشكاپ،
تىۋىپتىن سورا ئېيتىمىدىم مەن لاپ.
ھەر غىزا-ئاشقا بولۇرمەن داخىل،
ئۇلۇغ-كىچىگىم ئەمەستۇر ناخىل....

كەلدى شۇ ئاندا، چىڭسەي گۈلجامال،
—ئەسسالام!— دىدى، زەئىپە ماجال،—
مەن ئىدىم، دوستلار، مىسكىن ناتاۋان،
بوزەك قىلاتتى سوغاق زىمىستان.
كۆز پەسلى ئەجەپ پايمال ئىدىم،
سارغىيىپ-سولۇپ بىماجال ئىدىم.
پەن بەردى ماڭا پارنىكتىن ئورۇن،
كۆچۈپ كىرىمەن سوغاقتىن بۇرۇن.
سوزۇلۇپ ئاندا تارتىمەن يىلتىز،
بەئەينى يېشىل چىمەنزار ئېتىز.
ياشايمەن ئىللىق ئۆيدە بەھۇزۇر،
كۆكلەيمەن دائىم ئۇزارغاچ ئۆمۈر
تىۋىپ لەۋزىدە ئىسمىم «كەرەپشە»،
ھاجەت ئەمەستۇر نوقۇت، بىنەپشە؛

①، ② تىۋىپچە ئاتىلىشى: ③ مىسلىسىز،④ لوبۇ؛ ⑤ پەننىڭ ئىسپاتلىشىچە، پالەكتە تۆمۈر ماددىسى فرۇم كۆپ ئىكەن؛ ⑥ كېسەلنىڭ بىر ياقلىق بولۇش پەيتى.

ئۇرۇغۇم، بەرگىم ۋە ياكى رىشە ①
كېرەك ھەممىسى، دورا ھەمىشە.
دىماغنى ئوچۇق، كۆزلەرنى روشەن،
قىلۇرمەن ئىخراج يەلنى خۇسۇسەن...
توساتتىن چىڭسەي، بولدى سۆز ئارا،
بېسىقىپ بىردىن تالاش - ماجىرا.

سۇڭپىياز قارى كەلدى پالاقلاپ،
قىزىشىپ كەتتى سۆزلەپ ۋالاقلاپ:
— بەس! — دېدى، — تولا چېچىلماڭلار، ھاي،
مەن ئۆزەم بىرلا، ھىكمەتلەرگە باي.
بىلەرمەنلىكتىن سۆرەن سورىما،
شاتۇتى قۇشتەك خەقنى دورىما.
بىلگەننى ئۆگەت، ھەم ئۆزەڭمۇ قىل،
بىلمىسەڭ ئۆگەن، تاپىسەن ئەقىل.
نەسىھەتىمگە قۇلاق سال، ئۇكام،
مېنى دوست تۇتقان بولمايدۇ زۇكام.
ئەسەبلىرىڭگە قۇۋۋەت بېرۇرمەن،
پاخلان گۆشىگە ئۇلپەت ئېرۇرمەن؛
مەنسىز ئوخشىماس ھەربىر قورۇما،
مەن يوق شورپىغا ھەرگىز يولىما!
خالىساڭ مېنى زىرە بىلەن ئىچ،
ئاغرىق باشلىرىڭ بولغۇسى تىنچ؛
ياغ بىلەن ئېزىپ، بەرەسلەرگە ياق،
داغلارنى زايىل ② قىلۇرمەن ئاپپاق.
تېۋىپچە ئىسمىم بىلگىنكى، «بەسەل»،
تەمىم ئاچچىقۇ، مىزاجىم ھەسەل.
لازىم ئەمەستۇر مۇپەسسەل بايان،
خاسىيەتلىرىم ھەممىگە ئايان.

قاراڭلار ئەنە، ياسىنىپ، ھەي - ھەي،
يېتىپ كېلىشتى بىر قانچە توپ سەي.
بىرسى قىپ - قىزىل، گوياكى ئالما،
بىرى ئاق سۈزۈك، رەڭدار بويالما.
ھەممە ئۇلارغا ئورۇن بېرىشتى،
ياشلار شوخلىنىپ سۆزگە كىرىشتى:
— نەسلىمىز ئىسىل، — دېدى ئاق تۇرۇپ،
دېخان ئاكىلار تېرىپ - بولدۇرۇپ.
قىلدۇ بىزنى خەلققە سوغا،
بىزدىن قاچىدۇ سەپرايى - ئوغا.
بىزدىكى ھىكمەت ئەمەستۇر غايىپ،
لەغمەنگە سالساڭ ئوخشار ئاجايىپ.
خاسىيەتلىك ۋە چۈرۈك بەدەن بىز،
ھەممىگىز بىلەن ئەھلى ۋەتەن بىز.
تېۋىپلار دەيدۇ بىزلەرنى «پەجەل»،
شىپا بولۇرمىز يەتمىسە ئەجەل.
ساچۇ - ساقالنى قىلۇرمىز قارا،
ئوڭشىلىپ كېتەر قىچىشقاق - يارا.
ناخشا ۋاقىراپ پۈتۈپ قالسا گال،
سۈيۈمنى سىقىپ ئىچكۈزۈڭ دەرھال...
بىزدىكى ھىكمەت بەكمۇ تولادۇر،
قانچىكى پەرۋىش قىلسا بولادۇر.
باھاردا تېرىڭ، قالماڭىز كەنجى،
ئۇرۇغنى تاللاڭ، قىلىڭ ئىشەنجى؛
ياخشى تاللىماي سالسىڭىز ئۇرۇق،
ھوسۇلىمىزدىن قالسىز قۇرۇق.

ئۇسۇك دارازا كەلدى گىدىيىپ،
چىرايى كۆكۈش، سوغاق ھىجىيىپ،
بىر ياقتىن كەلدى پېتىنگان خامۇش،
لازا يۇ سامساق، شوخلۇۋاي گۆمۈش.
لازىنىڭ ئاغزى سۆزگە ئېچىلدى،
سۆزلىرى دانە - دانە چېچىلدى:
دېدى ئۇسۇكغا:
— ئەي قارا سۇنە③
ھالاقىت بولماي يىراقراق جۇنە؛

① رىشە — يىلتىز؛ ② زايىل — يوق قىلىش. ③ تېۋىپلار ئۇسۇكنى «سۇنە» ياكى «كامۇ» دەپ ئاتايدۇ.

قامىتىڭ شادا ۋە ياكى قوزۇق،
چىرايىڭ كۆپ - كۆك خىيالىڭ بۇزۇق.
مىزاجىڭ سوغاق، قۇۋۇتىڭمۇ كەم،
تەبىئىتىڭغۇ بەئەينى بەلغەم.
ئىسمىڭنى تېخى «كاھۇ» دەيدىكەن،
ئادەم يىمىسە ئېشەك يەيدىكەن.
شوخلا بۇرادەر بىزگە ئەمەس يات،
ئۇنىڭ توغرىلىق بىزغۇ كەم ساۋات.
ۋە لېكىن باردۇر ئۇنىڭدا ئۇزۇق،
تۇزىتەر، كىمدە قان بولسا بۇزۇق.
ئەمما كۆپ يىسە چۇشۇپ كېتەر چاچ،
گۆش - ياغ بولمىسا ئاندىن نېرى قاچ.
پىتىنگان دىگەن قارىۋاي ھەبەش،
يىگەن كىشىنىڭ كۆڭلى بولار غەش.
ئىسمى «بادىنجان» ئىكەن لائەقەل،①
پىتنە - پاساتتىن قوزغايدىكەن يەل.
ئۆزىگە باقماي، ھالى ئىكەن چوڭ،
بىلىنمەس ئەسلا، پىششىق ۋە يا تىرىڭ.
ئاچكۆزلىگىدىن ياغنى تارتىپ دەم،
قازان بىچارە چېكىدۇ ئەلەم...
— ئىسمىم لازىجان، چىچەن ئۆزەم شوخ،
ئېھتىيات قىلىپ، ساناپ يەيدۇ شوخ.
يامان بولسىمۇ ئاچچىغىم - قەھرىم،
دىلىمدا يوقتۇر كىشىگە زەھرىم.
شۇندا پىتىنگان پوكاندەك بولۇپ،
لەۋلىرى تىترەپ، غەزەپكە تولۇپ،
لازىغا قاراپ دىدى:
— ھەي ئاۋاق،
ھەسەتخورلۇقتىن ئادىغان ياغاق!
ئاغزىڭغا بېقىپ تۇزۇك قىلغىن گەپ،
سەندىن قانچىلىك يېتەر ئەلگە نەپ؟
قۇرۇق - ئىسسىق سەن، مىزاجىڭ زەئىپ،
ئەكسى قىلمىشىڭ ھەممىگە رەقىپ.
ئاغرىتىپ باش، كۆز، تۇرلۇك كېسەلنى
قوزغايسەن يەنە رەنجى يۆتەلنى.
سۆلتى پار - پۇر، ھەي ئىچى كاۋاك،
بىرونى سۆكۈپ چالىسەن چاۋاك؛
مېنى پىتنىخور، بۇزۇق دەيسىنا،
گۇنامۇ رەڭگىم بولسا سوسنا؟
رەڭگىم قارادۇر، لېكىن دىلىم ئاق،
زاھىرىم كۆرمەي، باتىنىمغا باق.
ئۆزەم ساددە، بىل، كۆڭلۇم يەنە تۈز،
توك - پىششىق دىمەي لازىمىڭچە ئۈز.
گۆش ۋە ياغ، سىركە قىلۇر خوپ غىزا،
كۆپ ماختىنىشقا تارتىمەن ئىزا.

بىر ياقتىن ئاۋاز كەلدى:
— خانلىرىم،
نىمە غەۋغا بۇ، ھەي گەپدانلىرىم؟
شۇ سۆز بىلەن تەڭ كەلدى تەرخەمەك،
ھۆررۇن ۋە تەمبەل ھىلىگەر كەمەك.
قامىتى ئەگرى يۈزلىرى چوقۇر،
يوغان پوكاندەك، ئۇچى يوق سوقۇر؛
«ئاش كاۋا» ئاڭا بىللە ياندىشىپ،
كېلەتتى ئاستا، ئېغىر چامدىشىپ.
بۇلارنى كۆرۈپ ھەممە بولدى جىم،
ئاڭلايلى قېنى، سۆزلەيدىكەن كىم؟
شۇندا سۆز باشلاپ دىدى تەرخەمەك:
— بويىلىرىم زىلۋا، تارتىمەن پىلەك.
بولىمەن خەمەك ئىگىز ئېسىلىپ،
قالمايمەن ھەرگىز پەستە بېسىلىپ.
شەبنەمدە ئۆزىسە چۇرۇكتۇر بېغىم،
ئىسسىقتا ئۆزىسە چىقار ئاچچىغىم.
مىزاجىم تەنگە يەتكۈزەر ھۆللۈك،
خىرە كۆڭۇللەر بولۇر كۆڭۈللۈك.
تەپ بولسا كىشى ۋە ياكى تەشنا،
مېنى ئۆزىگە ئەيلىسۇن ئاشنا.
مېنى ئاغرىقلار كۆپ يىسە ئەگەر،
يۈرىگى سەگىپ، ياشىرار جىگەر...

ئاش كاۋا شۇندا دىدى:
— ئەي لەقۋا،
ئۆزەڭنى بىلىپ ئۇنچىلىك تەقۋا.

① لائەقەل — ئەقىلسىز.

باشقىلارنى سەن چاغلىمىغىن پەس،
ماختىنىۋەرمە، بولدى قىلغىن، بەس!
ئېيتىساڭمۇ سەن ئىگىز چەللىگە،
ساڭگىلايسەنغۇ ئاستىن پەللىگە.
ئوز كۈچۈڭ بىلەن تىك تۇرالمايسەن،
پۇت - قولۇڭنى ھىچ باشقۇرالمايسەن.
گۆش بىلەن ياغدىن قىلىپ بى نىسىپ،
سېنى يېيىشەر ئاق تۇزغا بېسىپ.
يوقتۇر سېنىڭدە نە تەم ۋە نە تۇز،
مىزاجىڭ سوغاق بىئەيىنىكى مۇز.
ئەمما مېنى سەن كۆرسەڭمۇ «ھەقىر»
تاللىماي يەيدۇ غېنى ۋە پېقىر.
جاي تاللىماسدەن، يەردۇر چۈشكىنىم،
شۇ ئانا تۇپراق بولۇر مەسكىنىم①.
گۆشلۈكتۇر تېنىم، ئوزۇقلارغا باي،
زۆرۈرمۇ ئەمەس ماڭا گۆش ۋە ماي.
مىزاجىم ھېلىم، لەتىپ ۋە ياۋاش،
قىيما قىل مەيلى سەي ۋە ياكى ئاش؛
ھەممىگە قايىل بولۇرمەن رىزا،
قىلۇر ھەر كىشى ھەر قىسما غىزا.

شۇندا بىر كاللەك بەسەي يۇمىلاپ،
سورۇنغا كەلدى سەكرەپ دومىلاپ.
قاتمۇ - قات تونغا ئورالغاندى خوپ،
سېمىز ۋە يۇمزەك گويا مىسلى توپ.
ھەريان ئېغىناپ ئۆزىنى تاشلىدى،
غىرىسلاپ ئاستا سۆزىنى باشلىدى:
— كاللەك بەسەي دەپ مەشھۇردۇر ئېتىم،
كۆپتۇر بىھساپ تەندە قۇربىتىم.
مېنى يېيىشەر سېمىز گۆش بىلەن،
دارىچىن، پىلپىل... كۆپ خۇرۇچ بىلەن.
شۇنداق يېگەنلەر بىلۇر لەززىتىم،
داستىخان ئۆزرە چوڭدۇر ئىززىتىم.
يەمەككە ياخشى تەنلىرىم چۈرۈك،
تورمۇز قىلمەن بولسا ئىچ سۈرۈك.
«كورنۇپ» دەپ ئاتايدۇ تىۋىپ،
مىزاجىم قۇرۇق - ئىسسىقتۇر لەتىپ.

«ئەھە، ئوھو» دەپ گېلىنى قىرىپ،
سەۋزە جايلاشتى، سورۇنغا كىرىپ.
— ئەي لاڭخا، — دېدى، — سۆزۈمنى ئىشىت،
كېيىملىرىڭدىن ئۆكسمەيدۇ پىشت،
مىكروپ قىپسەن قاتمۇ - قات جۇۋا،
پىشت ۋە قۇرۇتقا باش پانا، ئۇۋا.
كېيىملىرىڭنى بىر - بىردىن يېشىپ،
يۇمسا ئۈچ - تۆت نۆۋەتتىن ئېشىپ،
بولمايسەن ھەرگىز تازا ۋە پاكىز،
تەككىلى بولماس ھەرگىز خام ئېغىز.
سۆلىتىڭ شۇنچە، يوقتۇر لەززىتىڭ،
شۇڭا داستىخاندا يوقتۇر ئىززىتىڭ؟
مېنى تىۋىپلار دېيىشەر «جەزەر»،
ئىسمىمغا لايىق قوشۇلغاندۇر زەر②.
ئەلگە ئاياندۇر، شانۇ - شەۋكىتىم،
«شايى سولتان» دۇر دائىم ئۇلپىتىم.
«پولۇ» دىگەن شۇ، ياكى پەنجىگا،
ھەر كىمدە باردۇر ئاڭا ئىشتىھا.
مەنسىز بولمايدۇ ھىچ ياغلىق ھېسىپ؛
بولىۋەرمەسمەن ھەركىمگە نىسىپ.
يەنە شېكەردە قىلىپ مۇراببا،
يېسە بەدەنلەر بولۇر مۇساپپا③.
تەقدىر ئاشۇنداق ياراتقان ئەزىز،
قوپال ئەمەسمەن ۋە ياكى غەلىز④.

بىر چەتتىن كەلدى قىزىلچا جوگان،
سۆزلەپ كەتتى ئۇ، شىرىن سۆز جانان:
— ئاڭلا، ئەي سەۋزە! — دېدى قىزىلچا، —
ياغ ۋە گۈرۈچكە بولۇرسەن غالچا.

① مەسكىنىم — تۇرار - جاي؛ ② زەر سېرىق، ئالتۇن رەڭ؛ ③ مۇساپپا — ساپ، تازا؛ ④ غەلىز — قاتتىق، بەزلەش.

گۆش - ياغ بوامسا ساڭا نه هاجەت؟
ئۇچەي - قىرىنغا سالسەن ئاپەت.
تەمىگمۇ مەندەك ئەمەستۇر تاتلىق،
تاتلىقتا بىر مەن، قىزىلچا ئاتلىق.

ئانا بولۇرمەن شېكەر ۋە قەنگە،
قۇۋۋەت بېرۇرمەن زەئىپ بەدەنگە.
تۇپرىغىمىز بىر سەن بىلەن، يىراق
يېتىلگەندە مەن كېتىمەن بىراق...
زاۋۇتقا قاراپ قىلىمەن سەپەر،
دېمەك ئەسلى مەن مەنبەئى شېكەر.
مېنى ئاسرىغاچ ھەممە قىرى - ياش،
قىلمايدۇ شۇڭا سەي ۋە ياكى ئاش.
مېنىڭ ئەۋلادىم ــ قەن، شېكەر، ناۋات.
ھەر خىل مۇراببا، كەنپىت، شاكىلات.
ماگىزىنلاردا بولۇر ماكانى،
كۆرگەن كىشىنىڭ سۆيۈنەر جانى.
يېتەرلىك ماڭا بۇ ئالى مۇقام①
يەۋەرگىن مېنى شەھدۇ - شېكەر خام.

ياڭيۇ ھۆكىرەپ دىدى: ــ
ھەي سەلىق②!
بولدى، كۆرەڭلەپ قىلما پوچىلىق.
زاۋۇتتا سېنى قويۇدۇ بېسىپ،
ئايلاپ ۋە يىللاپ ياتىسەن سېسىپ.
غاجىلاپ سېنى چاشقانۇ - قوڭغۇز،
نىھايەت ئاخىر يەم قىلار توڭغۇز.
قۇلاق سېلىڭلار، ئاقۋاش ۋە كۆكۋاش،
ئەھلى يۇرت، ھەممە، ئەۋلادى ئۇتياش:
مەندۇرمەن ياڭيۇ ۋە ياكى تۇدۇر③
«مەككە چامغۇرى» دىگىنى شۇدۇر.
ئوزۇق بولۇرمەن ھەممىگە ئورتاق،
مەنسىز ئوخشىماس دۇگلە ۋە قورداق.

دۇردانەدۇرمەن ھەممىگە كېرەك،
بولۇرمەن ئاچقا ئاش، ئوزۇق، يېمەك.
زۆرۈرىيەتتە ئاشلىققا بەدەل④،
بال بىلەن يەنە ياسايدۇ ھەسەل.
ماش ۋە پۇرچاقتىن ئارتۇق قىممىتىم،
پاقىراقلىغىم ئەسلى زىننىتىم.
خىمىيەگەرگە بولۇپ خام ئەشيا،
كىراخماللارنى بېرىمەن ئاڭا.
دىمىگىن مېنى يالغۇزلا ياڭيۇ،
بولىمەن يەنە ئېچىتقۇ - جاڭيۇ.
بەزىدە ياساپ پىنتوزا - پىشلاق⑤،
ئىستىمال قىلۇر شەھەرۇ - قىشلاق ...

پىياز ۋە سامساق بولۇپ بىتاقەت،
سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى شۇ سائەت.
دىدى: ــ مېنىڭدۇر قاتمۇ - قات پوستۇم،
ھەمرادۇر يەنە سامساقۋاي دوستۇم.
بىزدىن ھىچكىشى كۆرمەس مۇزەررەت⑥
يېزايۇ - شەھەر، يىراق - مۇقەررەپ⑦
يات كۆرمەس بىزنى ھىچقانداق تائام،
ناۋايۇ - ئاشپەز ... مۇختەسەر كالام⑧ .
لەززەت تامغۇزۇپ نانۇ - ئېشىدىن،
ئۆكسۈتمەس ئەسلا قازان بېشىدىن.
سىزاجىمىزنى دىيىشەر «گەرەم»⑨ ،
بىزنى يىگەنلەر بولۇر «لاجەرەم»⑩.
كىشىنىڭ بولسا دىماغى گەرە⑪،
پىياز سۈيىنى قىلسۇن غەر - غەرە.
چىش ئاغرىق، بەدبۇي بولسا ئېغىزى،
لازىمدۇر ئاڭا سامساق مېغىزى.
قۇرت بولسا ئىچكى بەدەن ھۇلىدا،
سۇرۇپ چىقارمىز ئۇچەي يولىدا.

---

① مۇقام ــ ئورۇن؛ ② سەلىق ــ قىزىلچىنىڭ ئەرەبچە نامى؛ ③ تۇدۇر ــ خەنزۇچە نامى؛ ④ بەدەل ــ ئورۇن بېسىش؛ ⑤ پىشلاق ــ دۇفۇ؛ ⑥ مۇزەررەت ــ زىيان؛ ⑦ مۇقەررەپ ــ يېقىن؛ ⑧ مۇختەسەر كالام ــ گەپنىڭ قىسقىسى؛ ⑨ گەرەم ــ پارىسچە ــ ئىسسىق. ⑩ لاجەرەم ــ ئەرەبچە ــ بىجىرىسىم ساق؛ ⑪ پۇ تۇڭ، خىرە.

هەر كىشى يېسە پىيازۇ، سامساق،
بارچە كېسەلدىن بولۇر سەھەت - ساق.
بەزى قىزلارنى دەيدىكەن «گۈلسۈم»،
لۇغەتتە سامساق — گۈلسۈمدىكى «سۈم».
ياخشى كۆرۈشۈپ، ئاۋايلاپ سويغان،
ئۇماق قىزلارغا ئات قىلىپ قويغان.

شۇ چاغ سەرالىق چامغۇرى — «شەاجەم»①
سۆزلىدەك ئۇچۇن لەۋگە بەردى دەم.
بارچە كۆكتاتلار ئاندا ئىدى نەق،
سۆزگە لەۋ ئاچتى «موجىزاتى ھەق»② .
— مەندۇرمەن چامغۇر، ئايادوستلىرىم،
يېشىل، ئاق، سېرىق، قىزىل كوسلىرىم.
يېمەك قەدىمدىن بولۇپتۇ جارى،
ئاچلارغا ئوزۇق، كېسەلگە دارى...
دىخاندىن ئىرۇر ئۆشبۇ مۆجىزات،
كۆكتات يېمەكنى ئەيلىگەن ئىجات.
لەتىپتۇر جىسىم بولىمەن ھەزىم،
مۆتىدىل ئىرۇر تەبئى مىجەزىم ....
... دىخان پەرۋەرىش قىلمىسا ئېكىپ،
قان - تەر ئاققۇزۇپ، جاپالار چېكىپ.

سىڭدۇرمىسە كۈچ، بولۇپ كاپالەت،
تاپارمىدۇق بىز شۇنچە كامالەت.
دىخان ئىلمىدىن تاپتۇق ئاسايىش،
ھە مە ئۆزەڭنى قىلما نامايىش.
بىلىم ۋە ئەمگەك - تەگدىشى يوق كۈچ،
ئاشۇ كۈچ بىلەن ئالتۇن بولۇر تۈچ .
— ئاھ، — دىدى بىردىن پادىشا پولا، —
ۋادەرىخ، ئەجەپ ... خۇدايا تووۋا.
راستىن مېھنەتسىز بولماس ھاسىلات،
كۆكلۈمگە تولدى چوڭقۇر تەسىرات.
ماختىسا ئەگەر خەلق ماختىسۇن،
تۆھپەڭلەر بولسا سەردە توختىسۇن.
خەلقنىڭ ھۆكمى بولىدۇ ئەلھەق،
«ئۆزىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق».
ھەر قايىسىڭلاردا ئۆزگىچە خىسلەت،
ياراتقان بۇنى ئەزەلدىن مېھنەت.

شىرىن مەي بىلەن توشقاندەك كاسە،
مۇشۇ سۆز بىلەن بولدى خۇلاسە.
ئەلقىسسە، مەجلىس بولدىلەر تامام،
شائىرمۇ سۆزنى قىلدىلەر تامام.

---

① شەلجەم — ئەرەپچە نامى؛ ② مۇجىزاتى ھەق — رىۋايەتتە، چامغۇرنى مۆجىزە دىيىلىدۇ.

# قىسقا قۇرلاردا

ئەلا ئۆمەر

ئۇ تاغىسىغا مۇنداق بىر تېلېگىرامما يوللىدى:
«... قەدىرلىك تاغا، ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمەن، سىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پو-يىز بېكىتىگە بارالمايدىغان بولدۇم، مېنىڭ ئورنىمدا ئايالىم بارماقچى، ئايالىم سىزنى تو-نۇمايدۇ، ئۇنىڭ سىزنى تونۇۋالالىشى ئۈچۈن، ئوڭ قولىڭىزدا بىر سېۋەت ئالما، سول قو-لىڭىزدا بىر سان گۆش كۆتىرىپ تۇرارسىز...»

×

— دادا، ئەگەر مەن سىزگە بىر سوم پۇل تېجەپ بەرسەم خۇش بولامسىز؟
— ئەلۋەتتە، خۇش بولىمەن-دە.
— ئۆتكەندە، ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتسەڭ بىر سوم پۇل بېرىمەن، دىگەن ئىدىڭىز، ئەمدى مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، سىزگە بىر سوم پۇل تېجەپ بېرىدىغان بولدۇم.

×

— يىغىندا نېمىشقا قارا كۆزئەينەك تاقاپ ئولتۇرىسىز؟
— يىغىن باشقۇرغۇچى كۆزۈمنىڭ ئوچۇق-يۇمۇقلىغىنى پەرق ئېتەلمىسۇن، دەپ.

×

— سىز مېنىڭ «تارىم» ژورنىلىغا بېسىلغان يۇمۇرلىرىمنى گېزىتتىن ئوغۇرلانغان، دەپ تەھرىرگە چېقىپسىزغۇ؟
— كەچۈرۈڭ، مەن تەھرىرگە يەنە خەت يېزىپ، «ھىلقى يۇمۇرلار ھازىرمۇ يەنە شۇ گېزىتتە ئىكەن، ئوغۇرلانماپتۇ» دەپ ئىزاھات بېرىپ قوياي.

×

ــ بالام، ئۇچاڭدىكى كىيىملىرىڭنى سال، كىر دەستىدىن قاپ ـ قارا بولۇپ كېتىپتۇ، يۇيۇپ بېرەي.
ــ ياق، ئاپا، مۇشۇ كىيىملەر ئۇچامدا بولغانلىقى ئۇچۇنلا ئىلگىرى قاراپمۇ قويۇشمايدىغان قىزلار ماڭا كۆلۈپ قارايدىغان بولدى.

×

ــ ئوغلىڭىزنى ئۆي ئايرىپ چىقتى دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ؟
ــ ھەئە، راست.
ــ ئۇنداقتا سىزگە پات ـ پات قاراپ تۇرىۋاتىدىغاندۇ؟
ــ ھەئە، پات ـ پات يانچۇقلىرىمغا قاراپ تۇرىۋاتىدۇ.

×

ــ ئانا، چېچىڭىزغا ئاق كىرىپتۇ ـ ھە؟
ــ ھەئە، ئاق كىردى، سېنىڭ ئەسكىلىكىڭدىن، گەپ ئاڭلىمىغانلىقىڭدىن ئاق كىردى.
ــ ھە... چوڭ ئانام «قېرىماي تۇرۇپلا بېشىمغا ئاق كىرىپ كەتكەن» دەپ يۈرەتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم.

×

ــ سىزنىڭچە، بىزنىڭ ئىشخانىدىن كىمنى «ئىلغار خىزمەتچى» قىلىپ سايلىساق بولار؟
ــ ئۆزىڭىز ئەڭ مۇۋاپىق، چۈنكى ئۇنىمۇ بولمايدۇ، بۇنىمۇ بولمايدۇ دەۋەردىڭىز، بولىدىغاندىن پەقەت سىزلا قالدىڭىز.

كىتاپنى قانچە كۆپ ئوقۇغانسېرى، ئۇ مېنى دۇنياغا شۇنچە يېقىنلاشتۇردى، تۇرمۇشمۇ ماڭا بارغانسېرى يورۇق ۋە مەنىلىك تۇيۇلۇدىغان بولدى.

بىر باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەندە، ئۇ ئەسەرلەرنى پارچىلاپ تەھلىل قىلىپ كۆرۈشىمىز كېرەك، ئەسەرنى يۈزەكى ھالدىلا ئوقۇغان بىلەن بولمايدۇ، قايتا ـ قايتا ئوقۇپ، بولغاندىن كېيىن، پىكىر قىلىش كېرەك، مەسىلە قويۇش كېرەك، پۈتكۈل ئەسەرنى چۇۋۇپ تاشلاپ تەھلىل قىلىش كېرەك. تەھلىل قىلىپ چىققاندا، ئاندىن ماھارەت ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ.

(ئەي ۋۇ)

بىرلا ئادەمنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋېرىشنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمايدۇ، كۆپ تەرەپلىمە ئارتۇقچىلىقى ئىگە بولالماي قالىسىز. ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش بولۇش كېرەك، نۇرغۇن گۈل ـ چېچەكلەردىن ئوزۇقلانغاندىلا، ئاندىن ھەسەل چىقارغىلى بولىدۇ، ئەگەر بىر جايغىلا قونۇۋالسا، ئۇنۇمى ناھايىتى چەكلىك بولۇپ، مەزىسىز بولۇپ قالىدۇ.

(لۇشۈن)

ياش يازغۇچى ھەقىقىي بىر ئىنسان، ھەقىقىي بىر جەڭچى بولۇپ يېتىشىپ چىققاندىلا ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە يېتىلىپ چىققان چېغىدىلا، ئاندىن ھەقىقىي يازغۇچى بولالايدۇ.... ئەڭ ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەر قاتارىدا تۇرۇپ، كۈرەش قىزغىنلىقىغا تولغان ھالدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە مەغلۇبىيەتتىن ئازاپلىنىدىغان، غەلىبىدىن خۇشاللىنىدىغان بولغاندىلا، ھەقىقىي، تەسىرلىك ۋە چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايدۇ.

(ئوستروۋسكى)

ھەقىقىي سەنئەتكار بولغان كىشى بۇزۇق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ ئۇ، ئالدى بىلەن كۆزەتكۈچىدۇر. كۆزەتكۈچىنىڭ كۆزىتىشتىكى بىرىنچى ئالاھىدىلىگى بىر جۈپ ئوبدان كۆزى

Altunoq

بولۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر بىر خىل يامان ئادەت — خۇسۇسلىق نەپسى - بالاسى تورى ئۇنىڭ كۆزىنى پەردىلىۋالغان بولسا، شەيئىلەرنى ئېنىق كۆرەلمەي قالىدۇ، نىيىتى پاك بولغاندىلا، پۈتمەس جۇشقۇن ھىسسىيات، ئىقتىدار ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

( فلوبېر )

ياش يازغۇچىلار ئەدىبىياتنىڭ مۇشكۇل ئىش ئىكەنلىگىنى، دەۋرنىڭ ئۆزلىرىگە قويغان تەلەپلىرىنى، شۇنىڭدەك ئەدىپنىڭ كىتاپخانلار ئالدىدا ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتلىرىنى چۈشىنىشى كېرەك.

( گوركى )

تالانت تەلەپ قىلىدىغان دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى نەرسە ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيۈشتۇر.

( گىيوتى )

گەرچە بىز ئۆزىمىزنى ئۆز ئارزۇيىمىز بويىچە پەدەزلىسەكمۇ، لېكىن تۆپكى جەھەتتىن، ھەممىمىز كوللىكتىپقا تەئەللۇقمىز. چۈنكى ساپ مەنىدىن ئالغاندا، ئۆزىمىزنىڭ مۈلكىمىز ھىساپلىنالايدىغان نەرسىمىز بەكمۇ ئاز - دە! بىز جېمى نەرسىنى ئۆز ئەجداتلىرىمىزدىنلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۆز زامانداشلىرىمىزدىنمۇ قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئەڭ ئۇلۇغۋار - تالانتلىق كىشى بولغان تەقدىردىمۇ، بارلىق نەرسىنى ئۆزىگىلا مەنسۇپ قىلىۋالسا، ئۇ، بىرەر قەدەممۇ ئالغا باسالماي قالىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، خېلى ئوبدان ھىساپلىنىدىغان بىرمۇنچە كىشىلەرمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار ئۆزگىچە ئىجادىيەت يارىتىش كويىدا بولىشىدۇ - دە، ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسىنى خۇپىيانە ئىزلىنىش بىلەن تىمىسقىلاپ ئۆتكۈزىۋېتىدۇ.

( گىيوتى )

خەلق يازغۇچىدىن ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىنى بىرلىكتە تېتىپ كۆرۈشنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھىسسىياتىنى كۆكۈلدىكىدەك قوزغىتىش ۋە جۇش - قۇنلىتىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، خەلق يازغۇچىدىن ئۆزلىرىنى روھلاندۇرۇشنى ئۈمىت قىلىدۇ.

(گېنرىخ گېنى )

مەخسۇس ئەدىبى ئەسەرلەرنىلا كۆرۈشمۇ ياخشى ئەمەس. ئىلگىرىكى ئەدىبىياتچى ياشلار كۆپىنچە ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، بىئولوگىيىنى ياقتۇرمايتتى،

ئۇلارنى ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايتتى، شۇڭلاشقا، ئۇلار كېيىنكى چاغلاردا ئاددى ساۋاتلارنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ قالغان، شۇ سەۋەپتىن، ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى چۈشەنمىگەن، ماقالا يازسىمۇ قاملاشتۇرالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا پەنلەرنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئەدەبىياتقىلا بېرىلىپ كەتمەسلىككىلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

(لۇشۈن)

مەن ئىنىستىتۇتنىڭ سىياسى بىلەن يازماي، ئۆز قېنىم بىلەن يازىمەن.

كىشىلەرنى غەم - غۇسسىگە، قورقۇنچ - ۋەھىمىگە سالىدىغان ئەسەرلەردىن جەھلىم بىلەن بىزارمەن. يازغۇچىنىڭ ئىشى كىشىلىك ھاياتنىڭ يولىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت.

ئەدىبىيە گويا دەرەخقە ئوخشايدۇ، ئۇ غايەت زور يىلتىز تارتىپ تۇپراقتا مەھكەم ئورنىغاندىلا، ئاندىن مۇستەھكەم بولالايدۇ ۋە باراقسان بولۇپ ياشنىيالايدۇ.

(مارتى)

ئەدىبى ئەسەردىكى ھەممىدىن مۇھىم نەرسە يازغۇچىنىڭ روھىي دۇنياسىدۇر.

(ل. تولستوي)

شائىر ئۈچۈن ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك نەرسە چىن سەمىمىلىكتۇر.

(پۇشكىن)

مېنىڭچە، تۈپ مەسىلە، يازغۇچىنىڭ ئىنقىلاپچى بولۇشىدا، پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، قانداق ۋەقەنى يېزىشىدىن ۋە قانداق ماتىرىيالدىن پايدىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ يازغانلىرى ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات بولىدۇ، قايناپ تۇرغان بۇلاقتىن پەقەت سۇلا چىقىدۇ. قان تومۇردىن پەقەت قانلا چىقىدۇ.

(لۇشۈن)

بىرەر پارچە ئەدىبى ئەسەرنىڭ ئىجابى ئەھمىيىتىنىڭ بار - يوقلىقىنى ئەسەردىكى باش قەھرىمانىنىڭ ھەر بىر سۆز - ھەركىتىنىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق بولماستىن، بەلكى يازغۇچىنىڭ پېرسوناژلارنىڭ بىر قاتار ھەركەتلىرىگە ۋە مۇناسىۋىتىگە قانداق باھا بېرىشىدە.

(شياۋيىن)

ھىسسىيات بولمىسا، ھەقىقى سەنئەتمۇ بولمايدۇ.

(گىيوتى)

ھىسسىيات ۋە قىزىقىش ئاساسىدا تەسۋىرلەش شائىرنىڭ ئۈستىداتىدۇر.

(دىدېرو)

ئالدى بىلەن ئۆزەڭ كۆلۈشىڭ كېرەك، ئاندىن خەقنىڭ چىرايىدىمۇ كۆلكە قوزغىيالايسەن، شۇنداقلا ئۆزەڭ يىغلىساڭ، ئاندىن باشقىلارنىڭ چىرايىدىمۇ يىغىنىڭ ئىپادىسىنى پەيدا قىلالايسەن.

(گوراتوس)

ھىسسىيات بولمىغاندا، شېئىر-نەزمە ئۆيمىچىسى ياكى شېئىر-نەزمە رەسسامى بولۇش مۇمكىنكى، ئەمما شائىر بولغىلى بولمايدۇ.

(مارتى)

ئىنسانلارنىڭ دوستلۇق-بىرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەر ياكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ھىسسىياتىنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان ئەسەرلەرلا سەنئەت ھىساپلىنالايدۇ. بۇنداق سەنئەت قوبۇل قىلىنىدۇ، مەدھىيىلىنىدۇ، تارىلىدۇ.

(ل. تولستوي)

يازغۇچى ئەگەر ھەممەيلەنگە تونۇش بولغان چىغىر يولدا كۆلۈمسىرىگەن پېتى ۋە تەبىئى بولمىغان قىياپەتتە پۈتىنى سۆرەپ ماڭسا، ماڭغان چېغىدا گاھ ئارقىغا، گاھ ئالدىغا قاراپ، قولىغا زەخمەت يېتىدىغان مەسىلىلەرگە يولۇققاندا دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ توختۇ يۈرەكلىك قىلسا، خەقنىڭ دىگىنىگە كىرىپ كېتىۋەرسە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلسا ئۇنداق يازغۇچى شۇغۇللىنىۋاتقان نەرسە سەنئەت بولماستىن، قول ھۈنىرى بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئەمىلىيەتتە مەۋجۇت بولىۋاتقان ۋىجدانسىزلارچە قول ھۈنىرى بولىدۇ.

(ئا. تولستوي)

يىراق سەپەرگە ئاتلانغان كىشى زادى بىرەر بوران-چاپقۇن، خېيىم-خەتەرگە يولۇق-

ماسلىقنى ئۈمىت قىلىپ يۈرمەسلىكى كېرەك بولغىنىدەك، يازغۇچىمۇ تەنقىتچىلەرنىڭ ئوت كۆچىگە ئۇچراش ئىرادىسىگە كەلمەي تۇرۇپ، يېزىشقا تۇتۇش قىلماسلىقى كېرەك.

(بالزاك)

هەر بىر سەنئەتكارنىڭ ۋۇجۇدىدا بىردىن باتۇرلۇق ئۇرۇقى بولىدۇ. ئۇ بولمىسا ئىقتىدار بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

(گىيوتى)

مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم، ئەسىرىمنى سىياسى ۋە جەڭگىۋارلىق جەھەتتە بىۋاستە تەسىرگە ئىگە قىلىشتا، مېنىڭ بەدىئى ئىقتىدارىم قانچە يۇقۇرى بولسا، ئۇنىڭ تەسىرى شۇنچە زور بولىدۇ.

مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم، خىزمەتكە بېجانىدىللىق بىلەن سەممى مۇئامىلە قىلىپ، ئەدىبى تىلىمنى ئالدامچىلىق قىلمايدىغان ۋە يىراق مەنزىللەرنى بۇرمىلىمايدىغان قىلىشتا. مەن تۇنجى بولۇپ غەلىبە بايرىقىنى كۆتىرىپ، جەڭچىلەرنى خوشال قىلىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە قورقۇنچاقلارنى ۋە قالاقلارنى پەسكويىغا چۈشۈرۈپ قويۇمەن؛ يوچۇق جايلارنى كۆرگىنىمدە، تۇنجى بولۇپ سىگنال بېرىپ، باتۇر خەلقىمىزنى ئۇنى بالدۇرراق ئېتىۋالىدىغان قىلىمەن؛ دۈشمەن بار جاينى كۆرگىنىمدە، ئۇنى بالدۇرراق يوقىتىش ئۈچۈن، تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايمەن.

(ماكارىنكو)

مۇپاسسان ئىجادىيەتكە ئۆز ئىستىداتى بىلەن ئاشۇنداق ئۇستۇن تەلەپ قويغاندىن كېيىن، يېزىقچىلىق ئىشى قىيىن ئىشقا ئايلىنىپ قالدى، ئەمما يېزىقچىلىقنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايتتى ... يەنە كېلىپ يېزىقچىلىقتا بارغانسېرى دادىل بولۇشقا توغرا كېلەتتى. چوڭ ئىتمۇ، كىچىك ئىتمۇ بولىدۇ؛ چوڭ ئىتنىڭ بولغانلىقى بىلەن كىچىك ئىت ئالاقزادە بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ ھەممىلا ئىت قاۋايدۇ، ھەر بىر ئىت ئاللاتائالانىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئاۋازىدا ئۆزىگە چۈشلۇق قاۋايدۇ.

(چېخوپ)

تىلدىكى ئىختىيارىلىق ۋە دادىللىق جەھەتتە شېكسپىر بىلەن رابلى بىر-بىردىن ئانچە قېلىشمايتتى، ئەمما رابلى تېخى مۇشۇ يېقىنىدىلا ئاقڤۇسىمان بىر تەنقىتچى تەرىپىدىن «تۈڭگۇز» دەپ ھاقارەتلەنگەن ئىدى.

قولىدىن ئىش كېلىدىغان، قابىل-پاراسەتلىك جېمىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا شېكسپىر

پۈتكۈل تەبىئەتنى ئۆز رومكىسىغا قاچىلىۋالغان بولۇپ، ئۇنى ئۆزىلا ئىچىپ قالماستىن، سا-كىنمۇ ئىچكۈزىدۇ.

(ۋىكتور گىيوگو)

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، مەن ھەر قېتىم ئەسەر يازغاندا، ھەر قانىداق تەنقىتنى بىراقلا چۆرۈپ تاشلىۋېتەتتىم، چۈنكى ئۇ چاغلاردا جۇڭگودىكى ئىجادىيەت ساھەسى ئەلۋەتتە گۆدەك ئىدى، تەنقىتچىلىك ساھەسى بولسا تېخىمۇ گۆدەك ئىدى، بىر بولسا ئاسمان-پەلەككە كۆتىرىۋېتەتتى، بىر بولسا يەرگە كىرگۈزىۋېتەتتى؛ ئۇلار كۆزدە تۇتۇلغاندا بولسا، يازغۇچى ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ كېتەتتى ياكى خەلقى-ئالەمنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتىپ ئۆلۈۋالىماي بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەنقىت قىلىشتا يامان يېرىنى يامان، ياخشى يېرىنى ياخشى دېيىش كېرەك، شۇ چاغدىلا يازغۇچىغا پايدىلىق بولىدۇ.

(لۇشۈن)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تىلەك.

---

(بېشى 43 - بەتتە)


مەن ھارۋىغا چىقىپ ئەپلىك جايلىشىپ ئولتۇرىۋالغاندىن كېيىن، قىزىقىپ سورىدىم:

— بۇ ھارۋا ئۆزەڭلارنىڭمۇ، قاچان سېتىۋالدىڭلار؟ كېرەم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— خۇلۇم - خوشنىلىرىمىزنىڭكىدىن سوراپ ئەكەلگەنمىكىن، دەۋاتامسەن ئاداش، ئۇ كۈنلەر ئەمدى تارىخ بولۇپ قالدىغۇ، ھارۋىنى ئۆتكەن يىل سېتىۋالغان. مەھەللىدىكى كىشىلەر ئەمدى مېنىڭ كونا لەقىمىمنى ئۇنتۇپ كەتتى، ئۇلار ھازىر چاقچاق قىلىپ، مېنى كېرەم باي دەيدۇ....

ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تۇرمۇشىدا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ پارىڭىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن تىڭ-شىدىم. يۈرىكىمنى ھاياجان قاپلىدى، كې-رەمگە قارىغانسېرى زوقۇم كەلدى ۋە ئىخ-تىيارسىزلا:

— «پېخسىق» نىڭ بەختى ئېچىلىپ-تۇ! — دىدىم.



# تارىم

塔里木（维吾尔文，文学月刊）


1984 - يىل 4 - سان (278 - سان)، 27 - يىل نەشرى

تۈزگۈچى: «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورا، تېلېفون نومۇرى: 24784

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا 1 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە
ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

باسما تاۋاق: 9، ژورنال نومۇرى: 66 - 58، باھاسى: 0.40 يۈەن.

قەرەللىك ژورنال نومۇرى: 024

定价：0.40元